TRIBUNE OF SOCIAL SCIENCES IN XINJIANG

# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى

# 新疆社科论坛

2013 5

www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش مەمۇرىي تەپتىش ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 5-قېتىملىق ئەزالار ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ئېچىلدى






2013-يىلى 5-ئاينىڭ 14-كۈنى، شىنجاڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش مەمۇرىي تەپتىش ئىلمىي جەمئىيىتى 5-نۆۋەتلىك ئەزالار ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى چاقىردى. يىغىندا شىنجاڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش مەمۇرىي تەپتىش ئىلمىي جەمئىيىتى 4-نۆۋەتلىك مۇدىرىيىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى مۇھاكىمە قىلىنىپ ماقۇللاندى، يېڭىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن شىنجاڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش مەمۇرىي تەپتىش ئىلمىي جەمئىيىتى «نىزامنامىسى» ماقۇللاندى، شىنجاڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش مەمۇرىي تەپتىش ئىلمىي جەمئىيىتى 5-نۆۋەتلىك مۇدىرىيىتى ۋە رەھبىرىي ئەزالىرى سايلاپ چىقىلدى. قۇرۇلتايدا 214 نەپەر مۇدىرىيەت ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لىيۇ شيەن ئىلمىي جەمئىيەت باشلىقلىقىغا سايلاندى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن رەئىسى قادىلبېك قاخان يىغىنغا قاتناشتى.

# شىنجاڭ شىۋە تىلى ئىلمىي جەمئىيىتى شىۋە مىللىتىنىڭ غەربكە كۆچكەنلى- كىنىڭ 249 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى تەشكىللىدى






2013-يىلى 5-ئاينىڭ 25-كۈنى، شىنجاڭ شىۋە تىلى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ تەشكىللىشىدە، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزىكانتلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ گاشەن مەدەنىيەت تارقىتىش مەركىزى، ئۈرۈمچى ئۆسۈملۈكلەر باغچىسى جەمئىيىتىنىڭ ھەمكارلىقىدا شىۋە مىللىتىنىڭ «18-ئاپرېل» ئەنئەنىۋى بايرىمى ۋە شىۋەلەرنىڭ غەربكە كۆچكەنلىكىنىڭ 249 يىللىقى (1764~2013)نى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۈرۈمچى شەھىرى ئۆسۈملۈكلەر باغچىسىدا ئېلىپ بېرىلدى. شىۋە مىللىتىنىڭ ئۈرۈمچىدە خىزمەت قىلىۋاتقان ۋەكىللىرى ۋە چاپچال شىۋە ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ پارتىيە - ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى، ئىلى غەربكە كۆچۈش مەدەنىيەت ئىلمىي جەمئىيىتى، ئۈرۈمچى داغۇر مىللىتى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتى، ئۈرۈمچى رۇس مىللىتى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ ۋەكىللىرى بۇ قېتىملىق خاتىرىلەش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر
بىرلەشمىسىنىڭ نەشر ئەپكارى

# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى

قوش ئايلىق ئىلمىي ژۇرنال

2013 ـ يىل 5 ـ سان
ئومۇمىي 123 ـ سان

www.uyghurkitap.com


## شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى

قوش ئايلىق ئىلمىي

ژۇرنال

2013 ـ يىللىق 5 ـ سان

(ئومۇمىي 123 ـ سان)

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرناللىرى نەشرىياتى تەھرىر ھەيئىتى

مۇدىر

ئابدۇرېھىم خالىق

مۇئاۋىن مۇدىرلار

شى جيەن

قادىلبېك قاخان

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى

(ئۇيغۇر يېزىقى ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)

ئابلەت نۇردۇن

ئادىل سەمىخان

ئارسلان ئابدۇللا

ئابدۇكېرىم مۇخامېتسادىق

باتۇ بالجا

جا ئوچىربات

جامساپ بازىكباي

دىن بى

كامۇنا جانبۇز

گاۋ جيەنلۇڭ

لا دىشېڭ لى ئەيمىن

لېي لىن

ئوسمانجان مۇھەممەت

ئىمىن ئەخمىدى

ئىجرائىيە باش مۇھەررىر

ئوسمانجان مۇھەممەت

بۇ ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى

ھەزرەت ئەلى بارات

تاق ئاينىڭ 15 ـ كۈنى نەشر-دىن چىقىدۇ


# بۇ ساندا

### سىياسىي ـ قانۇن


شىنجاڭنىڭ ئىككى تارىخىي ۋەزىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئىدىيەۋى ئىنتىزارلىق ۋە ئەقلىي تىرەك بىلەن تەمىن ئېتىش كېرەك ........................................ لى شۈجۇن (5)

ماۋزېدۇڭ «24 تارىخ» نى قانداق ئوقۇغان ........................ شۇ جوگيۇەن (11)

قانۇنچىلىق ئاخباراتىنىڭ رولى ھەققىدە ........................ مېھرىگۇل غاپپار (16)

ئالىي مەكتەپ ئىدىيەۋى ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتى توغرىسىدا ........ نۇربىيە ھاجى (19)


### تارىخ ـ ئارخېئولوگىيە


بارچۇق قەدىمىي شەھىرىدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى توغرىسىدا .............................................................. ئوسمان ئۆمەر ئوغلاقچى (22)

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى كالىندارچىلىق ................ يۇسۇپجان ياسىن (26)


### مەدەنىيەت ـ مائارىپ


كۆسەن مەدەنىيىتىنىڭ توقسۇدىكى ئىزنالىرى .................. مۇھەممەت تۇراپ (31)

ئالىي مەكتەپلەردە ياتاق مەدەنىيىتى بەرپا قىلىش توغرىسىدا .......... قەلبىدىن لېتىپ (34)

خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشنى ئەلالاشتۇرۇش توغرىسىدا .................... ماھىرە مىرزى (37)


### فولكلورشۇناسلىق


لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ شىر ئۇسسۇلى ..................... ئەخمەتجان مۆمىن تارىمى (40)

چۈۋانقىر ۋە چۈۋانقىرلىقلارنىڭ بەزى ئادەتلىرى ................ ئەھمەد ئىمىن ئەلنەزەر (43)

ئۇيغۇر ئۇسسۇل گۈزەللىكى توغرىسىدا ............................ ئىسمايىل روزى (48)

## پەلسەپۋى تەپەككۇر


ئاياللار ئەركىنلىكى ۋە ئۇيغۇر ئاياللىرى يۈزلىنىۋاتقان ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ........................ ئابدە ئىبراھىم (51)

ئەخلاق ۋە ئوقۇتقۇچى ئەخلاقى توغرىسىدا ........................................ قۇربانجان يۇسۇپ قۇتلۇق (56)


## ئەدەبىيات تەتقىقاتى


يىللار ۋە ئەسلىمە ........................................................................ ئابدۇقاھار مەخسۇت (60)

ئۇيغۇر بالىلار فانتازىيەلىك ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ ئېستېتىك ئالاھىدىلىكى ........................ ئەركىن داۋۇت ئوغۇز(66)

ئۇيغۇر ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئاپتورلارنىڭ تەخەللۇسى ھەققىدە ...... زۇلپىيە ئابدۇقادىر (69)


## تىل، يېزىق


شىنجاڭ ھازىرقى زامان ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىق ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىگە نەزەر .................... ئۆمەر نىياز (73)

ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ بەدىئىي رولى ........................................................................ ئالىم نىياز (80)


## ئاخبارات ـ نەشرىيات


پەننى ئومۇملاشتۇرۇش مۇھەررىرلىرى كۆپ قىرلىق ساپا ھازىرلىشى لازىم .................... گۈلناز مۇھەممەت (84)

ژۇرنال مۇھەررىرلىرى ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك بىرقانچە نۇقتا .................................... گۈلنار توختى (87)

كىتاب تەھرىرلەشتە ئويلىغانلىرىم ........................................................................ مەرھابا ئابدۇنەيىم (89)

ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ ھازىرلاشقا تېگىشلىك ساپاسى توغرىسىدا........................لى جيې (92)


## قامۇسچاق


نادىر ئاخبارات ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئاممىنى تەسىرلەندۈرۈش توغرىسىدا .................... مۇھەممەت يۇنۇس (95)

شىئە مەزھىپى ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭغا كۆرسەتكەن تەسىرى .................................... ئوسمانجان ئىبراھىم (98)

ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقىدىكى تارىخىي ئەسەرلەردە ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك بىرقانچە نۇقتا توغرىسىدا ......... رەيھانگۈل قۇربال (102)

مۇسابايېف ئائىلىسىنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى ........................................ ئابدۇقېيۇم باھاۋۇدۇن مۇسابايېف (105)

《新疆社科论坛》
(维吾尔文版)

新疆维吾尔自治区社会科学界联合会主办

双月刊
2013年第5期
总第123期

《新疆社科论坛》杂志社编委会

主任
阿不都热依木·哈力克

副主任
郝健　哈德别克·哈汉

编委成员
（按姓氏笔画排序）
丹碧　巴特　巴理嘉
卡木那·江波孜
加·奥其尔巴特　束迪生
伊明·艾合麦提　李爱民
吾斯曼江·木合麦提
阿不来提·努尔东
阿布都克力木·木哈米提萨德克
阿尔斯兰·阿不都拉
阿迪力·赛米汗
贾木沙甫·巴孜克拜
高建龙　雷琳

执行主编
吾斯曼江·木合麦提

本期责任编辑
艾孜热提艾力·巴拉提

单月15日出版

# 目录

## 政治理论

为实现新疆两大历史任务提供思想引领和智力支持 …… 李学军(5)
毛泽东如何读《二十四史》 …… 徐中远(11)
法制建设新闻报道的作用 …… 美日古丽·阿帕尔(16)
关于做好大专院校政治思想教育工作 …… 努力比亚·阿吉(19)

## 历史考古

浅谈九宫(巴楚)古城挖掘出土的文化遗产 …… 吾斯曼·乌买尔(22)
浅析高昌回鹘可汗时期的年历 …… 玉素甫江·牙森(26)

## 文化教育

谈析龟兹文化在新和县的影响 …… 木合麦提·吐拉甫(31)
浅谈大专院校创建宿舍文化 …… 克力比丁·力提甫(34)
关于优化汉语教学的几点思考 …… 玛依拉·米尔孜(37)

## 民俗学

浅谈罗布泊人的狮子舞 …… 艾合买提江·莫明(40)
关于曲旺坎及其生活习惯 …… 艾合麦提·依明(43)
浅谈维吾尔舞蹈的审美欣赏 …… 斯马仪·肉孜(48)

## 哲学思考

关于妇女自由和维吾尔妇女面临的社会问题 …… 阿比坦·依布拉音(51)
浅析道德及教师道德 …… 库尔班江·玉素甫(56)

## 文学研究

岁月与回忆 …… 阿布杜卡德尔·买合苏提(60)
维吾尔儿童科幻文学作品的审美特点 …… 艾尔肯·达吾提(66)
维吾尔现代和当代文学历史上作家的笔名 …… 祖力皮亚·卡德尔(69)

## 语言文字

新疆现代少数民族文字改革运动 …… 吾买尔·尼牙孜(73)
浅析谚语的艺术作用 …… 阿里木·尼牙孜(80)

## 新闻出版

科普图书编辑应具备多方面的素质 …… 古力娜孜·买买提(84)
期刊编辑注意的几个要点 …… 古丽娜尔·托合提(87)
浅谈图书编辑工作的几点思考 …… 买尔哈巴·阿布乃依木(89)
关于学术期刊编辑具备的素质 …… 李杰(92)

## 小百科

优秀新闻作品及其对群众的影响 …… 买买提江·玉努斯(95)
什叶派及其在新疆的影响 …… 吾斯曼江·依布拉音(98)
浅谈维吾尔出版业中历史作品应注意的几点问题 …… 热汗古力·库尔班(102)
木萨巴也夫家族的简史 …… 阿不都克尤木·巴吾东·木萨巴也夫(105)

# شىنجاڭنىڭ ئىككى تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئىدىيەۋى ئىنتىزارلىق ۋە ئەقلىي تىرەك بىلەن تەمىن ئېتىش كېرەك

لى شۆجۈن

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، ھازىر شىنجاڭدا تارىخىي خاراكتېر ئۆزگىرىش بولۇۋاتقانلىقى، ھالقىما تەرەققىيات بىلەن ئەبەدىي ئەمىنلىكنىڭ ھالقىلىق مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقانلىقى ۋە بۇنداق توپ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن خىزمىتىگە قويغان تەلەپلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، توغرا تەتقىقات يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، زور، مۇھىم رېئال مەسىلىلەرگە بولغان تەتقىقاتنى كۈچەيتىپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە شەرتسىز غەلىبە قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكى ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىش كېرەكلىكى بايان قىلىنغان.

**摘要**:本文反映了当前新疆正在发生历史性变化、正处在加快推进跨越式发展和长治久安的关键时期，为了实现这一重大历史任务， 认真贯彻执行自治区党委的哲学社科工作部署、坚持正确的研究方向、加强对重大研究课题、坚决打赢意识形态领域反分裂斗争这场硬仗,加强自治区社科联自身建设、更好地推进自治区经济社会事业发展和长治久安而勤奋工作。

ھازىر شىنجاڭدا تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ، شىنجاڭ ھالقىما تەرەققىيات ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنىڭ ھالقىلىق باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. شۇڭا بىز ماركسىزمنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى يېتەكچىلىك ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن پارتىيەنىڭ نەزەرىيەۋى تەتقىقاتى جەھەتتىن دەۋرى بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم نەزەرىيە سىستېمىسى بىلەن مېڭىمىزنى قوراللاندۇرۇپ، خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىپ، خىزمەتلەرنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ ۋە ئىلگىرى سۈرۈپ، يولغا، نەزەرىيەگە، تۈزۈمگە بولغان ئىشەنچىمىزنى چىڭىتىپ، كۈچلۈك ئىلمىي قانۇن تېرىكى بىلەن تەمىن ئېتىشىمىز؛ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشتەك ئورتاق ئىدىيەۋى ئاساسىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ۋەزىيەتنىڭ چوڭقۇر ھەم مۇرەككەپ ئۆزگىرىشكە ماسلىشىش ئاساسىي جامائەت پىكرىنى زورايتىپ، ئورتاق ئىدىيەۋى تونۇشنى مۇجەسسەملەش بىلەن بىر ۋاقىتتا پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، سەزگۈر مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، ئىجتىمائىي كەيپىياتنى يېتەكلەش، مۇجمەل تونۇشنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، خاتا ئىدىيەۋى ئېقىمنى تەنقىدلەش ئۈچۈن كۈچلۈك نەزەرىيەۋى ئاساس بىلەن تەمىنلىشىمىز؛ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە تەڭ قەدەمدە مېڭىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق جەريانىدىكى زور مەسىلىلەرنى، ئومۇمىي ۋەزىيەتكە چېتىلىدىغان چوڭقۇر قاتلاملىق مەسىلىلەرنى، كادىر - ئامما كۆڭۈل بولۇۋاتقان قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىنى چوڭقۇر ئانالىز قىلىپ ۋە تەتقىق قىلىپ، بۆسۈش خاراكتېرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، خىزمەتلىرىمىزنى ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇپ، ئۈنۈملۈك ئۇسۇل بىلەن خىزمەتلىرىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىشىمىز كېرەك. پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەننىڭ مۇھىم ئورنى بىلەن رولىنى چوڭقۇر تونۇپ، كەڭ ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، ئۇلارنىڭ دەۋر ئالدىدا نومۇسقا قالمايدىغان بۇرچىنى ئادا قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ زور ئۈمىدىنى يەردە قويماي، مۇھىم نۇقتىغا ۋە ساھەگە جەم بولۇپ، شىنجاڭنىڭ پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىدا يېڭى ئالاھىدىلىك، يېڭى ئەۋزەللىك يارىتىپ، كۆپلەپ نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، مۇنەۋۋەر ئىختىساس خادىملىرىنى يېتىلدۈرۈپ، ئىلمىي قاراشنى شەكىللەندۈرۈپ، تەدبىر بەلگىلەش تەكلىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى زور تارىخىي ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئىدىيەۋى ئىنتىزارلىق ۋە ئەقلىي تىرەك بىلەن تەمىن ئېتىشىمىز كېرەك.

1. مەملىكەتلىك ئىدىيەۋى تەشۋىقات خىزمەت

www.uyghurkitap.com

**يىغىنى بىلەن شۇجى جاڭ چۈنشيەننىڭ پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن خىزمىتى توغرىسىدىكى يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك**

يېقىندا چاقىرىلغان مەملىكەتلىك ئىدىيەۋى تەشۋىقات خىزمەت يىغىنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى چاقىرغان بىر قېتىملىق ئومۇمىي ۋەزىيەت خاراكتېرلىك يىغىن بولدى. بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بۇ قېتىمقى يىغىندا سۆزلىگەن مۇھىم سۆزىدە پارتىيە ـ دۆلەتنىڭ يۈكسەك ئومۇمىي ۋەزىيىتى نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئىدىئولوگىيە خىزمىتى بىلەن مەركىزىي خىزمەتنى، ئۇلۇغۋار غايە بىلەن رېئال نىشاننى، پارتىيەۋىلىك بىلەن خەلقچىللىقنى، ئىجابىي تەشۋىقات بىلەن ئىجتىمائىي كۈرەشنى، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش بىلەن ئىسلاھات، يېڭىلىق يارىتىشنى، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىك بىلەن خەلقئارا سېلىشتۇرمىنى، تارماق مەسئۇل بولۇش بىلەن پۈتۈن پارتىيە ھەرىكەتكە كېلىشنى چۆرىدەپ، ئىدىيەۋى تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىياتى ئۈچۈن بىر يۈرۈش زور نەزەرىيەۋى مەسىلىلەر بىلەن رېئال مەسىلىلەرنى چوڭقۇر شەرھىيلەپ، يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئىدىيەۋى تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ يۆنىلىشى بىلەن نىشانى، مۇھىم نۇقتىلىق ۋەزىپىسى بىلەن ئاساسىي قائىدىسى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، شۇنداقلا پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەننى يەنىمۇ گۈللەندۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئېنىق نىشان كۆرسىتىپ بېرىلدى. شۇجى جاڭ چۈنشيەن بىزدىن «يەتتە تونۇشتا چىڭ تۇرۇش»، «تۆتنى زىچ بىرلەشتۈرۈش» تە چىڭ تۇرۇشنى، مەملىكەتلىك ئىدىيەۋى تەشۋىقات خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلدى. شۇڭا ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى ئۆز ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۇرۇش جەھەتتە ياخشى باشلامچىلىق قىلىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن خىزمىتىگە ئىزچىل يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئىنتايىن كۆيۈنۈپ كەلدى. شۇجى جاڭ چۈنشيەن، رەئىس نۇر بەكرى شىنجاڭنىڭ پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇقلارنى بەرگەن ئىدى. بولۇپمۇ شۇجى جاڭ چۈنشيەن ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 4 ـ قۇرۇلتىيىدا ئېنىق قىلىپ: «كەڭ ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرى مەركەزنى چۆرىدەشتە، ئومۇمىي ۋەزىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، دۇنيانى بىلىش، مەدەنىيلىكنى يەتكۈزۈش، نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىش، مەسلىھەت بېرىپ كىشىلەرنى تەربىيەلەش، جەمئىيەت ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشتەك مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئاڭلىق ئۈستىگە ئېلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىدە يېڭى كەسپىي نەتىجە يارىتىش، يېڭى تۆھپە قوشۇش كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. بۇ ـــ شۇجى جاڭ چۈنشيەننىڭ ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىدىن كۈتىدىغان زور ئۈمىدىدۇر.

بىز مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەننى گۈللەندۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى جەزمەن چوڭقۇر ئىگىلەپ، ئىدىئولوگىيە خىزمىتىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى، يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدىكى پەلسەپ ـ ئىجتىمائىي پەن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىملىقىنى چوڭقۇر تونۇپ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، خىزمەتنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بىلەن ئاخىرلىشىش نۇقتىسىنى توغرا تېپىپ، ئىدىيەنى يەنىمۇ ئازات قىلىپ، ئۈزۈكسىز يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ـ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىدىيەۋى كاپالەت، روھىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ۋە ئەقلىي مەدەت بىلەن تەمىن ئېتىشىمىز كېرەك.

**2. توغرا تەتقىقات يۆنىلىشىدە باشتىن ـ ئاخىرى چىڭ تۇرۇش كېرەك**

پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن ئاڭ فورماتسىيە كاتېگورىيەسىگە تەۋە بولغاچقا پارتىيەۋىلىككە ئەھمىيەت بېرىشىمىز، ماركسىزمنىڭ يېتەكچى ئورنىدا، توغرا سىياسىي نىشاندا چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي مەۋقەدە مەزمۇت تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ نەزەرىيەۋى لۇشيەن ـ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش، شەرھىيلەش، مەركەزنىڭ زور خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش، مەركەزنىڭ ۋەزىيەت توغرىسىدىكى زور ئانالىزىنى، ھۆكۈمىنى تەشۋىق قىلىش ئىدىيەمىزنى چىڭىتىپ، مەركىزىي كومىتېت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن يۈكسەك دەرىجىدە قەتئىي بىردەك بولۇشىمىز، مەركەز بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ نوپۇزىنى قەتئىي قوغدىشىمىز كېرەك.

ماركسىزملىق دۇنيا قاراش ۋە مېتودولوگىيەدە چىڭ

تۇرۇپ، ماركسىزمنى جۇڭگولاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ يېڭى نەتىجىلىرىنى پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەننىڭ نەزەرىيەۋى تەتقىقاتىنىڭ، ئىلىم قۇرۇلۇشىنىڭ، دەرسلىك ماتېرىياللارنى تۈزۈشنىڭ، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشنىڭ، ئىلمىي ئالماشتۇرۇشنىڭ، نەتىجىلەرگە باھا بېرىشنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىغىچە سىڭدۈرۈپ، ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرىنىڭ سىياسىي مەيدانىدا، ئىدىيەۋى ھېسسىياتىدا، تەتقىقات ئۇسۇلىدا، ئۆگىنىش ئىستىلى جەھەتتە نامايان قىلىپ، ماركسىزمنىڭ باشتىن ـ ئاخىر پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك.

سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت سىستېمىسى ئارقىلىق كۆپ خىللاشقان ئىجتىمائىي ئېقىملارنى يېتەكلەپ، مەۋقەيىمىز مۇستەھكەم، بايرىقىمىز روشەن، مەردانە ھالدا تۈرلۈك خاتا ئىدىيەۋى كۆزقاراش ۋە ئىلمىي ئېقىملار بىلەن كۆرەش قىلىشىمىز كېرەك، نېمىدە چىڭ تۇرۇش، نېمىگە قارشى تۇرۇش، قانداق گەپلەرنى قىلىش، قانداق ئىشلارنى قىلىش پۈتۈنلەي پارتىيەۋىلىككە ئۇيغۇن كېلىشى، سىناقتىن ئۆتەلەيدىغان بولۇشى، ئىشەنچلىك بولۇشى كېرەك.

زور گۈللىنىش نەزەرىيەسىنى ئەمەلىيەتكە، نەزەرىيەنىڭ يېتەكچىلىك ئەمەلىيىتىنىڭ خىزمەت ئىستىلىغا بىرلەشتۈرۈپ، نەزەرىمىزنى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە، نۆۋەتتىكى مەركىزىي خىزمەتكە، رېئال مەسىلىلەرنى تەپەككۇر قىلىشقا ئاغدۇرۇپ، ئاشكارا تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، «بىرلەشتۈرۈش» جەھەتتە تىرىشىپ ئىشلەپ زور ئىشلارنى قىلىشىمىز، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ قىلىش، «ئاۋامىلار» نى قوبۇل قىلماسلىق، خىزمەتكە يېقىنلاشماسلىقتەك مەسىلىلەرنىڭ كۆرۈلۈشىدىن ساقلىنىشىمىز كېرەك.

**3. زور رېئال مەسىلىلەرگە بولغان تەتقىقاتنى كۈچەيتىش كېرەك**

زور مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش — پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەننىڭ توپ ۋەزىپىسى، شۇنداقلا پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەننى گۈللەندۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ توپ يولى. شۇڭا بىز ھازىرقى باسقۇچتىكى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ باسقۇچ خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىكىنى جەزمەن توغرا تونۇپ، شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى بىلەن ئەبەدىي ئەمىن بولۇشىدىن ئىبارەت ئىككى زور تارىخىي ۋەزىپىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، ئىلىم ـ پەن ئىشلىرىنى ھالقىما سۈرئەتتە ئىلگىرى سۈرۈپ، كېيىن قالغانلار ئالدىدا كېتىۋاتقانلاردىن ئۆتۈپ كېتىش ئومۇمىي تەلىپىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى قەلبىمىزگە پۈكۈپ، چوڭ ۋەزىيەتنى ئىگىلەپ، چوڭ ئىشلارغا نەزەر سېلىپ، ۋەزىيەتكە قاراپ ئىزدىنىپ، ۋەزىيەتكە قاراپ ھەرىكەت قىلىپ، ۋەزىيەتكە قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «ئىشىنىشكە بولۇش، ئىشلىتىشكە بولۇش، ئىشەنچلىك بولۇش، ئايرىلماسلىق» تەك «ئىدىيە ئامبىرى» ۋە «مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى» گە ھەقىقىي ئايلىنىشىمىز كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى بىزگە پات ـ پات تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك زور مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇڭا بىزمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن بەزى مەسىلىلەرنى لايىھەلىشىمىز، ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن بەزى تەتقىقاتلارنى ئىشلىشىمىز كېرەك. نۆۋەتتىكى بىرىنچى مۇھىم ۋەزىپە جۇڭگوچە سوتسىيالىزملىق نەزەرىيە سىستېمىسىنى، جۇڭگو ئارزۇسىنى، پارتىيە 10 ـ قۇرۇلتاي روھىنى ۋە كادىر ـ ئامما ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان نەزەرىيەۋى قىزىق نۇقتىغا بولغان ئۆگىنىش، تەشۋىقات ۋە تەتقىقاتنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، پارتىيەنىڭ نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىلىرىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، ماركسىزملىق مەۋقە، قاراش ۋە ئۇسۇل ئارقىلىق مەسىلىلەرنى كۆزىتىپ ۋە ھەل قىلىپ، غايىۋى ئېتىقادىمىزنى چىڭىتىپ، دىئالېكتىكىلىق تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىمىزنى ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە ئەبەدىي ئەمىن بولۇشىدىن ئىبارەت ئىككى زور تارىخىي ۋەزىپىنى، «زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىش، پەن ـ تېخنىكا، مائارىپنى تېرەك قىلىش»، شىنجاڭ روھىنى جارى قىلدۇرۇش، «ئۈچلەشتۈرۈش» قۇرۇلۇشى بىلەن زامانىۋى كەسىپ سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇش قەدىمىنى تېزلىتىشىمىز، «ئىككى سىجىل»، «ئۈچنى ئىشلەش، ئىككىدە تىرىشىش» تە چىڭ تۇرۇش قاتارلىق يېڭىلىق يارىتىش ئۇقۇمى بىلەن خىزمەت تەلىپىنى چۆرىدىگەن ھالدا تەتقىقاتنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، قەتئىي ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر يولى بىلەن تەرەققىيات ئۇقۇمىنى يەنىمۇ بېيىتىش، مۇكەممەللەشتۈرۈشنى چۆرىدىگەن ھالدا دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى، ئەمەلىيەت ئاساسى، ئىلمىي مەزمۇن قاتارلىق جەھەتلەردە نەزەرىيەۋى تەتقىقات ۋە ئىلمىي شەرھلەش ئېلىپ بېرىشىمىز ھەمدە بۇ تەرەققىيات پىكىر يولى، تەرەققىيات ئۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قۇمىنى ئىزچىللاشتۇرىدىغان، ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان كونكرېت تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تەدبىرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇھىم ئىدىيەۋى ئىنتىزاملىق ۋە ھەرىكەت قىلىبنامىسى بىلەن تەمىن ئېتىشىمىز كېرەك.

خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى چۆرىدىگەن ھالدا تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى تېخىمۇ كۆپ مەنپەئەتلەندۈرىدىغان ئۈنۈملۈك تەدبىرلەر ئۈستىدە ئىزدىنىپ، پارتىيەنىڭ خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنى چۈشەندۈرۈش، شەرھىلەش ۋە تەشۋىق قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە ئەبەدىي ئامان بولۇشىدىن ئىبارەت ئىككى زور تارىخىي ۋەزىپىنى تاماملاشقا قاتنىشىش قىزغىنلىقى بىلەن ئىجادچانلىقىنى قوزغىتىشىمىز كېرەك.

ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، گۇمانلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش تەلىپىنى چۆرىدىگەن ھالدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىدىيەۋى ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، بىر تۈركۈم ئىجتىمائىي پەن نەزەرىيەۋى ژۇرناللىرىنى يۆلەپ، بىر تۈركۈم ئىنسانىيەت پەنلىرىگە ئائىت ئىجتىمائىي پەن كىتابلىرى بىلەن ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى نەشر قىلىپ، بىر تۈركۈم پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىشىمىز ھەمدە نەزەرىيەۋى تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، نۇقتىلىق ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، نەزەرىيەۋى ھۆججەتلىك تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى ئىشلەپ ۋە قويۇپ، ئاممىباب نەزەرىيەۋى ئوقۇشلۇقىنى تۈزۈش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى قانات يايدۇرۇپ، كەڭ كادىر ئاممىسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەم ئىرادە بىلەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىشقا يېتەكلەپ، بىر نىيەتتە ئورتاق كۈچ چىقىرىپ، ئورتاق نىشانغا قاراپ يۈزلىنىپ، گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك.

ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت پەنلىرى، ئىجتىمائىي پەنلەر بويىچە تەربىيەلىنىشىنى يۈكسەلدۈرۈشنى چۆرىدىگەن ھالدا ئىجتىمائىي پەن نەزەرىيە تەتقىقاتى بىلەن ئىجتىمائىي پەننى تەشۋىق قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئاساسىي قاتلامغا ۋە كەڭ ئاممىغا يۈزلىنىپ، پەننىي بىلىملەرنى، ئىلمىي ئۇسۇلنى، ئىلمىي ئىدىيەنى، ئىلمىي روھنى تەشۋىق قىلىپ، ئىجتىمائىي پەن نەزەرىيەسى بىلەن ئىجتىمائىي پەن بىلىملىرىنىڭ ئورگانغا، مەھەللىلەرگە، ئائىلىلەرگە، يېزىلارغا، چەت - يىراق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا كىرىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. «ئۈچكە يېقىنلىشىش» تەلىپىگە ئاساسەن، مۇھىم نۇقتىنى تۆۋەنگە قارىتىش، ئىجتىمائىي پەننى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ يېڭى شەكلى، يېڭى يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئامما قارشى ئالىدىغان، ياقتۇرىدىغان يەتكۈزۈش ۋاستىسىدىن ۋە سۇپىلاردىن پايدىلىنىپ، ئىجتىمائىي پەن نەزەرىيەسىنى، ئىجتىمائىي پەن بىلىملىرىنى تارقىتىپ، ئىجتىمائىي پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى، تەسىرلەندۈرۈش كۈچى ۋە تەسىر قىلىش كۈچىنى تىرىشىپ ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

**4. ئىدىئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ بىر مەيدان قاتتىق جەڭدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك**

ئىدىئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ بىر مەيدان قاتتىق جەڭدە قەتئىي غەلىبە قىلىش ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە شۇجى جاڭ چۈنشيەننىڭ تەشۋىقات، ئىدىيە، مەدەنىيەت سېپىدىكىلەرگە بەرگەن مۇھىم يوليورۇقى، شۇنداقلا خىزمەتلىرىمىزنىڭ مۇھىم نىشانى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى تارىخىي بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇپ، كەڭ ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، ئىدىئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت زور مەسئۇلىيەتنى ھەقىقىي ئۈستىمىزگە ئېلىپ، بىر سۆلڭ يەرنىمۇ قوغداش مەسئۇلىيىتى بولۇش، زېمىننى قوغداشقا مەسئۇل بولۇش، زېمىننى قوغداش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

شىنجاڭنىڭ ئىدىئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ چوڭ ئارقا كۆرۈنۈشىگە، دۆلىتىمىزنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇشىغا، شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى بىلەن ئەبەدىي ئەمىنلىكىدىن ئىبارەت چوڭ ۋەزىيەتكە قويۇپ تەپەككۇر قىلىشىمىز، ئىزدىنىشىمىز، ئىدىئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىك كۈرىشىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكىنى، مۇرەككەپلىكىنى ۋە ئۆتكۈرلۈكىنى تولۇق تونۇپ، كۆلپەت ئېڭى بىلەن مەسئۇلىيەت ئېڭىنى ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

ماركسىزملىق دۆلەت قارىشى، مىللەت قارىشى، دىن

قارىشى، تارىخ قارىشى، مەدەنىيەت قارىشىغا بولغان تەشۋى-
قات بىلەن تەتقىقاتنى كۈچەيتىشىمىز، شىنجاڭ تارىخىغا،
جۈملىدىن مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى، دىنىنىڭ ئۆزگىرىش
تارىخىغا بولغان تەشۋىقات بىلەن تەتقىقاتنى؛ ھەر مىللەت
كادىر ئاممىسىنىڭ ۋەتىنىمىزنى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى،
جۇڭگو مەدەنىيىتىنى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا مې-
ڭىشنى تەن ئېلىشنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك.

سىياسىي پرىنسىپقا ۋە چوڭ ھەق، چوڭ ناھەققە چې-
تىلىدىغان مەسىلىلەردە تەشەببۇسكار بولۇپ، تەشەببۇس-
كارلىق ھوقۇقىنى ئىگىلەپ، تەشەببۇسكارلىق ئورۇشىنى
ياخشى قىلىپ، دۈشمەن كۈچلەر بىلەن ئېغىمۇتىغ كۈرەش
قىلىشىمىز؛ مەركەز بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ
نۆۋەتتىكى تەدبىر ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن مۇھاكىمە
تېمىسىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، دۈش-
مەن كۈچلەرگە داغدۇغىلىق، ھەيۋەتلىك ھۇجۇم قىلىشى-
مىز كېرەك؛ كۆپچىلىكنىڭ سەمىگە سېلىشقا تېگىشلىك
بولغىنى شۇكى، بىز ئىلمىي ئىزدىنىش جەريانىدىكى مە-
سىلىلەرنى سىياسىي مەسىلە قىلىۋالماسلىقىمىز ھەمدە
سىياسىي خاھىشچانلىق مەسىلىلىرىنى ئادەتتىكى ئىلمىي
مەسىلە دەپ قارىماسلىقىمىز كېرەك.

**5. ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسى-
دىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەي-
تىش كېرەك**

بىرىنچى، پارتىيەنىڭ ئاممىۋى لۇشيەن تەربىيەسىنى
ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش پائالىيىتىنى چوڭقۇر، ياخشى قا-
نات يايدۇرۇش كېرەك. مەركەز بىلەن ئاپتونوم رايوننىڭ
ئاممىۋى لۇشيەن تەربىيەسىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش
پائالىيىتىگە قويغان يېتەكچى ئىدىيە، نىشان مەقسەت، ئا-
ساسىي پرىنسىپ، ئۇسۇل، قەدەم باسقۇچىنىڭ ئېنىق تە-
لىپىگە ئاساسەن ئۆگىنىش، تەتقىقاتنى، بەنزە ئەزالىرىنىڭ
باشلامچىلىق قىلىش، ئۆز ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈش،
خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش،
خىزمەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى كۈچەيتىش
جەھەتتە راسا كۈچ سەرپ قىلىشىمىز، بولۇپمۇ پارتىيەنىڭ
ئاممىۋى لۇشيەن تەربىيەسى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش پائا-
لىيىتى ئارقىلىق تۆت جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ھەقىقىي
ھەل قىلىشىمىز كېرەك: بىرىنچىدىن، باش شۇجى شى
جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «تۆت ئىستىل» مەسىلىسى بى-
لەن شۇجى جاڭ چۈنشيەن ئوتتۇرىغا قويغان «بەش جەھەت-
تىكى» گەۋدىلىك مەسىلە بىلەن ئۆزىمىزنى سېلىشتۇرۇپ،
خىزمەت ئىستىلىنى ھەقىقىي ئۆزگەرتىشىمىز؛ ئىككىن-
چىدىن، رەھبەرلىك بەنزىسى بىلەن كادىرلار قوشۇن قۇرۇ-
لۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشىمىز؛ ئۈچىنچىدىن، بىرلەشمى-
دىكى پارتىيە ئەزالىرى پارتىيەۋىلىك ۋە سىياسىيۋىلىك
مەسىلىلەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىشىمىز؛
تۆتىنچىدىن، ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرى «كىمگە تا-
يىنىمەن، كىم ئۈچۈن ئىشلەيمەن، مەن كىم» دېگەن مەسى-
لىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز كېرەك.

ئىككىنچى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھە-
سىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ دائىمىي ھەيئەتلىرى ئۆز رو-
لىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق
ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇھىم
ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن كۆپچىلىك شىنجاڭنىڭ
پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش، تە-
رەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت ئېغىر، مۇھىم ۋەزىپىنى
ئۈستىگە ئالغان. شۇڭا كۆپچىلىك ئاپتونوم رايونلۇق ئىج-
تىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ نىزامنامى-
سىگە نەمۇنىلىك، سادىقلىق بىلەن بويسۇنۇپ، ئاپتونوم
رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى
ئۇيۇشتۇرغان تۈرلۈك پائالىيەتلەرگە پائال قاتنىشىپ ۋە
مەدەت بېرىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھە-
سىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ زور تەدبىر بەلگىلىشىگە تە-
شەببۇسكارلىق بىلەن قاتنىشىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىج-
تىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ تۈرلۈك
قارارى بىلەن بەلگىلىمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئەمە-
لىيلەشتۈرۈشىمىز كېرەك. پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەننىڭ
تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىپ، جۇشقۇن، جان-
لىق بولۇپ، ھەقىقەتكە ئىنتىلىپ، ئەمەلىي ئىش قىلىدى-
غان كەيپىياتنى يارىتىپ، ئىلمىي تەتقىقات ئۈچۈن كەڭ،
ئازادە مۇھىت يارىتىپ بېرىشىمىز كېرەك. بولۇپمۇ تۈر-
لۈك ساھەلەردىكى باشلامچىلارنىڭ، ئورۇن مەسئۇللىرىنىڭ
رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىج-
تىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ خىزمىتى
بىلەن ئۆز خىزمىتىمىزنىڭ بىرلىشىش نۇقتىسىنى تې-
پىپ، تەتقىقات تېمىسىدا ھەمكارلىشىش بىلەن ئىلىم ئال-
ماشتۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، بايلىق
مەنبەسىنى ماسلاشتۇرۇپ، خىزمەتلەرنى ئىجادىي قانات ياي-
دۇرۇپ، «ئىككىگە دەخلى قىلماسلىق، ئىككىنى ئىلگىرى
سۈرۈش» نى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

ئۈچىنچى، ئىسلاھاتتا يېڭىلىق يارىتىشنى كۈچەپ ئىل-
گىرى سۈرۈشىمىز كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەل-
سەپ - ئىجتىمائىي پەن يىرىك پىلان خىزمەت مېخانىزمى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئېچىۋېتىلگەن ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىپ، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشىمىز؛ ئىلمىي بولغان ئىجتىمائىي پەنگە باھا بېرىش سىستېمىسى بىلەن رىقابەت مېخانىزمىنى تۇرغۇزۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاشنى يېتەكلەش رولىمىزنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز؛ ئىجتىمائىي پەن ئەسەرلىرىنى ئۈنۈملۈك ھالدا ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان مېخانىزمغا ئايلاندۇرۇشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئەمەلىي ئىشلىتىش ئۈچۈن سۇپا ھازىرلاپ، ئەمەلىي ئىشلىتىلىدىغان تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ ھەسسە قوشۇش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشىمىز؛ باشقۇرۇشنى مۇلازىمەت ئىچىگە قويۇپ، ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى، ئىجادچانلىقىنى تولۇق قوزغىشىمىز كېرەك.

تۆتىنچى، ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشىمىز كېرەك. زىيالىيلار خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنى توغرا يېتەكلىشىمىز، ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن كۈچەيتىپ، ئۇلاردىن كۆپلەپ دوست تۇتۇپ، ئۇلارنى شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىدىن ئىبارەت ئىككى زور تارىخىي ۋەزىپىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەقىل - پاراسەت كۆرسىتىشكە رىغبەتلەندۈرۈشىمىز؛ ئۇلارنى ئەڭ زور چەكتە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئەتراپىغا ئىتتىپاقلاشتۇرۇشىمىز، ئۇيۇشتۇرۇشىمىز كېرەك. پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيەلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرىنىڭ ئەمەلىيەت جەريانىدا چېنىقىشىنى، بىلىم - ئىستېداتىنىڭ ئېشىشىنى ئىلھاملاندۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك ئىجتىمائىي پەن قوشۇنىنى بەرپا قىلىپ، نەزەرىيە ئاساسى پۇختا، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىشقا ئىنتىلىدىغان بىر تۈركۈم باشلامچىلارنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ياش، قابىل، سىياسىي ساپاسى بىلەن كەسپىي ساپاسى ياخشى، ئۆتكۈرلۈك بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان، مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان ياش ئىجتىمائىي پەن تايانچلىرىنى يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك.

بەشىنچى، خىزمەتنىڭ بىرىكىش كۈچىنى شەكىللەندۈرۈشىمىز كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى كەڭ ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرىنىڭ كۆۋرۈكلۈك، ۋاستىلىك رولىنى يەنىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، مۇلازىمەت ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۆز قارمىقىدىكى ئىلمىي جەمئىيەت (جەمئىيەت، تەتقىقات جەمئىيىتى) نىڭ پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن ماسلاشتۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنى ئۇيۇشۇشچانلىققا، چاقىرىق قىلىش قۇدرىتىگە ئىگە «ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرى ئائىلىسى» قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك. بايلىق مەنبەسىنى يەنىمۇ مۇجەسسەملەپ، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى، ئالىي مەكتەپلەر، پارتىيە مەكتەپلىرى، پارتىيە - ھۆكۈمەت تەتقىقات ئاپپاراتلىرى، ئەل ئىچى ئىجتىمائىي پەن تەشكىلاتلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىشقا، ئۆز ئارتۇقچىلىقلىرىنى جارى قىلدۇرۇشقا يېتەكلەپ، «چوڭ ئىجتىمائىي پەن» خىزمىتى ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈشىمىز كېرەك.

يولداشلار، يېڭى ۋەزىيەتتىكى پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە ۋەزىپە ئېغىر، يول يىراق، ۋەزىپە شەرەپلىك ھەم مۇشكۇل. شۇڭا بىز ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەھبەرلىك بۇرچىنى زىممىمىزگە ئېلىپ، ئىدىيەنى ئازات قىلىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، يېڭىلىق يارىتىپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن ئىشلىرىنىڭ گۈللەپ تەرەققىي قىلىشى، شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى بىلەن ئەبەدىي ئەمىنلىكىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشايلى.

---

(بۇ ماقالە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى يولداش لى شۆجۈننىڭ ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 4 - نۆۋەتلىك 4 - قېتىملىق ھەيئەتلەر يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدىن تەرجىمە قىلىندى. ماقالىنىڭ تېمىسىنى ئاپتور قوشتى)

تەرجىمە قىلغۇچى: **ئوسمانجان مۇھەممەت**

(تەرجىمان: «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە)

**تەھرىرلىگۈچى: ھەزرىتى ئەلى بارات**

# ماۋ زېدۇڭ «24 تارىخ» نى قانداق ئوقۇغان

شۇ جوڭيۈەن

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە ماۋ زېدۇڭنىڭ كىلاسسىك تارىخىي ئەسەر — «24 تارىخ» نى سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش نۇقتىسىدىن ئەستايىدىل كۆزىتىپ ئوقۇپ، ئۇنىڭدىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، ئۆزى ياشىغان دەۋردىكى رېئاللىققا تەدبىقلاپ، خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىشتا قوللانغانلىقى بايان قىلىنغان ھەمدە ماۋ زېدۇڭنىڭ كىتاب ئوقۇش ئۇسۇلى ۋە ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلىيەتكە تەدبىقلاش ئىستىلى ئۆرنەك قىلىشقا ئەرزىيدىغانلىقى تەكىتلەنگەن.

**摘要**: 本文论述了毛泽东从政治经济、军事、生产和生活角度认真阅读中国古典史书《二十四史》，总结经验教训，并与现实相结合运用其指导实际工作。毛泽东的读书之法用理论指导实践、学以致用的精神值得我们的学习。

«24 تارىخ» ماۋ زېدۇڭغا 24 يىل ھەمراھ بولغان. ماۋ زېدۇڭ «24 تارىخ» قا باشتىن ـ ئاخىر ناھايىتى قىزىققان. «24 تارىخ» كىلاسسىك تارىخىي ئەسەر، شۇنداقلا قامۇس. ماۋ زېدۇڭ ئۇنى تارىخىي ئەسەر سۈپىتىدە ئوقۇپلا قالماي، يەنە ئۇنى ھەرقايسى تەرەپلەردىن كۆزەتكەن. كۆزىتىش نۇقتىسى ئوخشاش بولمىغاچقا، بۇ كىتابقا بولغان قىزىقىشى، بۇ كىتابنى چۈشىنىشى، بۇ كىتابنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن تەسىرى، بۇ كىتابقا تۇتقان تەپەككۇر ئۇسۇلى، بۇ كىتابتىن ئالغان ئۇنۇمىمۇ ئوخشاش بولمىغان. روشەنكى، «24 تارىخ» نى تۈرلۈك نۇقتىلاردىن كۆزىتىپ ئوقۇش ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇ كىتابنى ئوقۇشتىكى ئۆزگىچىلىكى ھېسابلىنىدۇ.

### 1. سىياسىي نۇقتىدىن كۆزىتىش

«24 تارىخ» نى سىياسىي كىتاب دەپ قاراپ ئوقۇش ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇ كىتابنى ئوقۇشتىكى ئۆزگىچىلىكى ھېسابلىنىدۇ. ئالايلۇق، ماۋ زېدۇڭ «تارىخىي خاتىرىلەر» 8 ـ جىلد «گاۋزۇ ھەققىدە خاتىرە» دىكى: «جاۋ بەگلىكى كۆپ قېتىم قوتقۇزۇۋېلىشنى تەلەپ قىلغاچقا، خەنيۈاڭ سۈڭ يىنى باش سانغۇن، شياڭ يۈنى 2 ـ سانغۇن، فەن زېڭنى كەنجى سانغۇنلۇققا تەيىنلەپ، شىمالدا جاۋ بەگلىكىنى قوتقۇزۇشقا ئەۋەتتى. پېي گوڭ (پېيشەنلىك تۆرە ـ خەن سۇلالىسىنىڭ گاۋ زۇ خانى ليۇباڭنى كۆرسىتىدۇ. پېيشيەن — جياڭسۇدىكى پېيشيەن ناھىيەسى — تەرجىماندىن) نى غەربتىن قوۋۇققا ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدى. سانغۇنلار كىم ئاۋۋال قوۋۇق ئىچىگە كىرسە، شۇ قوۋۇق ئىچىنىڭ خانى بولسۇن دەپ كېلىشتى. ئەينى چاغدا چىن بەگلىكى ھەربىي جەھەتتە قۇدرەتلىك بولغاچقا، دائىم شىمال تەرەپلەرگە ھۇجۇم قىلىپ تۇراتتى، شۇ چاغدا سانغۇنلاردىن ھېچكىم ئالدى بىلەن قوۋۇققا ھۇجۇم قىلىپ كىرەلمىدى. پەقەت شياڭ يۈلا چىن بەگلىكىدىن نارازى بولۇپ شياڭ لياڭنىڭ قوشۇنىنى مەغلۇب قىلىپ، پېي گوڭ بىلەن غەربتىن قوۋۇققا ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. خۇەيۋاڭ پېشقەدەم سانغۇنلارغا مۇنداق دېگەن: «شياڭ يۈ قارام، مەككار، قاراقچى، ئۇ شياڭچېڭ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندە، ھېچكىمنى قويماي قەتلىئام قىلىپ كىشىلەرنى تىرىك كۆمگەن، چۇ بەگلىكى نەچچە قېتىم ھۇجۇم قىلغاندا، بۇرۇنقى چىن خانى، شياڭ لياڭلار مەغلۇب بولغان. ئەمدىلىكتە مويسىپىتنى بەزلەشكە ئەۋەتىپ، ئەھۋاللارنى چىن بەگلىكىدىكى ئاۋامغا يەتكۈزۈش ئاقىلانە چارە. چىن بەگلىكىدىكى ئاۋامنىڭ چىن خانىنىڭ دەستىدىن جاپا ـ مۇشەققەت چېكىۋاتقىنىغا خېلى ئۇزاق بولۇپ قالدى. ئۇ يەرگە مويسىپىتنى ئەۋەتىپ، زورلۇق ـ زومىگەرلىك قىلماي، ئۇ جاينى ئىلكىمىزگە ئالالايمىز. شياڭ يۈ بەك قارام، ئۇنى ئەۋەتىشكە بولمايدۇ. پېي گوڭنىلا ئەۋەتىشكە بولىدۇ، ئۇ كەڭ قورساق، ئاقىل يەنە كېلىپ ئەسكەرلەر شياڭ يۈگە ئەگەشمەيدۇ، پېي گوڭنى غەربتىكى جايلارغا ئەۋەتسەك، چىنۋاڭ ۋە شياڭ لياڭنىڭ قالدۇق لەشكەرلىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋالالايدۇ.» ماۋ زېدۇڭ بۇ بىر بۆلەكنى ئوقۇپ بولۇپ، كىتابتىكى ئەشۇ بىر بۆلەك مەلۇمات بار بەتنىڭ ئۈستىگە: «شياڭ يۈ سىياسىيون ئەمەس، خەن خانى بولسا ئاقىلانە سىياسىيون» دەپ يازغان. ماۋ زېدۇڭ بۇ قىسقىغىنە سۆز ئارقىلىق يۇقىرىقى ئىككى تارىخىي شەخسنىڭ سىياسىي

www.uyghurkitap.com

جەمەتتىكى ئىقتىدارىغا ئاخىرقى خۇلاسە چىقارغان.

ليۇ باڭ دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، چىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى مالىمانچىلىق مەزگىللىرىدە قىلىچ - خەنجەر ئوينىتىپ، تەدرىجىي ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى قەھرىمان ئەزىمەتكە ئايلانغان. سەككىز يىلدا ئالتە بەگلىكنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، جاھاننى تىنجىتىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ نەچچە يۈز يىللىق سەلتەنىتىگە ئاساس سالغان. ماۋ زېدۇڭ تارىخىي كىتابلارنى ئوقۇغاندا سىياسىيغا، تارىخىي شەخسلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن. ليۇ باڭ چېنىققان، ئاقىلانە سىياسىيون ئىدى. شۇڭا ماۋ زېدۇڭ ليۇ باڭدىن ئىبارەت بۇ تارىخىي شەخسكە ناھايىتى قىزىققان. ماۋ زېدۇڭ 1959 - يىلى 12 - ئايدىن 1960 - يىلى 2 - ئايغىچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «سىياسىي ئىقتىسادشۇناسلىق دەرسلىكى» نىڭ سوتسىيالىزم قىسمىنى ئوقۇپ، بۇ ھەقتە توختالغاندا: «ليۇ باڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى خېلى ياخشى چۈشەنگەن ۋە خەلقنىڭ پسىخىكىسىنى بىلگەچكە، ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىدىن كېلىپ چىققان شياڭ يۈنى مەغلۇپ قىلالىغان» دېگەنىدى. 1964 - يىل 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، ماۋ زېدۇڭ بىر قېتىملىق سۆھبەتتە گەپنى ئەگىتمەي ئۇدۇللا: «ئاۋامدىن (تۆۋەن تەبىقىدىن) داڭلىق شەخسلەر چىقىدۇ... قەدىمدىن بۇيان، بىر مەھەل دەۋران سۈرگەن پادىشاھ، ئىمپېراتورلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاۋامدىن كېلىپ چىققان. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ليۇ باڭنى فېئودال پادىشاھ، ئىمپېراتورلار ئىچىدىكى ئەڭ داڭلىقى دېيىشكە بولىدۇ. ليۇ جياڭ ليۇ باڭغا لوياڭنى پايتەخت قىلماي چاڭئەن (شىئەن) نى پايتەخت قىلىش تەكلىپىنى بەرگەندە، ئۇ دەرھال چاڭئەنگە بارغان. چېگرا - پاسىلىغا چوڭقۇر خەندەك قازدۇرغان، شياڭ يۈ قوشۇنىنى باشلاپ شەرققە چېكىنگەن. ئۇمۇ چاڭئەنگە بېرىپ ھاردۇق چىقارماقچى بولغان. جاڭ لياڭ : «ئەھدى - پەيمان دېگەن نېمە؟ ئۇ دېگەن ھۇجۇم قىلىش كېرەك دېگەنلىكتۇر» دېگەندە شياڭ يۈ ئۇنىڭ گېپىگە كىرىپ شەرققە ئاتلانغان... جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر، سۇڭ، چى، لياڭ، چېن، بەش دەۋر، لياڭ، تاڭ، جىن، خەن، جۇ دەۋرلىرىدىمۇ ئاۋامدىن كېلىپ چىققان بىرنەچچە داڭلىق شەخسلەر بارلىققا كەلگەن» دېگەنىدى.

ليۇ باڭ بىلەن شياڭ يۈنىڭ بىرسى خەن سۇلالىسىنى قۇرغان ھۆكۈمران، يەنە بىرى بولسا تېرىككەك، بىر مەھەل دەۋران سۈرگەن غەربىي چۇ بەگلىكىنىڭ ھاكىمبېگى، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى بىر مەھەل داڭق چىقىرىپ دەۋران سۈرگەن. ئەمما ئۇلارنىڭ ئادەم ئىشلىتىش، ئىش بېجىرىش، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، لەشكەر باشقۇرۇش ئۇسۇلى بىر - بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايتتى. ماۋ زېدۇڭ ئۇلارنىڭ پەرقى چوڭ بولغاچقا، ئۇلارنى بىرلىكتە تىلغا ئالغان، يەنە كېلىپ ليۇ باڭ بىلەن شياڭ يۈنىڭ غەلىبە قازىنىش - مەغلۇپ بولۇشىغا دائىر ئىشلاردىن تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، ئەينى چاغدىكى ھەرىكەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلغان.

1957 - يىلى 4 - ئايدا، ماۋ زېدۇڭ خۇ چياۋمۇ، ۋۇ لېڭشىلار بىلەن كۆرۈشكەندە، خەن گاۋزۇ ليۇ باڭ غەربىي چۇنىڭ ھاكىمبېگى شياڭ يۈدىن ئاقىل ئىدى، ليۇ باڭ بېرىنچىدىن، مۇۋاپىق تەدبىر قوللانغان؛ ئىككىنچىدىن، مۇۋاپىق ئادەملەرنى ئىشلەتكەن، دېگەنىدى. 1962 - يىلى 1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، مەركىزىي كومىتېتنىڭ 7 مىڭ كىشىلىك كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش توغرىسىدا توختالغاندا، پارتىيە ئىچىدىكى بەزى كادىرلارنىڭ دېموكراتىك ئىستىلى يېتەرسىز بولۇشتەك ئەھۋاللارغا قارىتا، ليۇ باڭ بىلەن شياڭ يۈنى مىسال كەلتۈرۈپ تەنقىدلىگەنىدى. ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: «ليۇباڭ خەن گاۋزۇدۇر. ئۇ ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەرنى خېلى ياخشى قوبۇل قىلغان. ئەينى چاغدا لى شىچى ئىسىملىك بىر ئۆلىما ليۇباڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە كەلگەن. خەۋەرچى 1 - قېتىم ليۇ باڭغا كۇڭفۇزىنىڭ مۇخلىسى بولمىش بىر ئۆلىما سىز بىلەن كۆرۈشكىلى كەپتۇ، دەپ خەۋەر قىلغاندا، ليۇ باڭ ھازىر ھەربىي ئىشلار بەك جىددىي، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلمەيمەن، دەپ جاۋاب بەرگەن. لى چىشى بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرغەزەپكە كېلىپ، ئىشىكئاغا بەگكە، سەن دەرھال كۆزۈمدىن يوقال، كىرىپ ليۇ باڭغا «مېنىڭ توخۇ يۈرەك ئەمەسلىكىمنى، گاۋ ياڭلىق ھاراقكەش ئىكەنلىكىمنى ئېيت» دەپتۇ. ئىشىكئاغا ليۇ باڭنىڭ قېشىغا كىرىپ ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئەينەن يەتكۈزۈپتۇ. ليۇ باڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بولىدۇ، مەرھەمەت قىلسۇن، دەپتۇ. لى چىشى كىرگەندە، ليۇ باڭ پۇتىنى يۇيۇۋاتقانىكەن، ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى قارشى ئاپتۇ. لى شىچى ليۇ باڭنىڭ دەسلەپتە ئۆزىنى قوبۇل قىلمىغانلىقىغا كۆڭلىدە غۇمى بولغاچقا، ليۇ باڭنى راسا تەنقىدلەپتۇ. ئۇ ليۇ باڭغا: سىز جاھاننى ئىلكىڭىزگە ئېلىشنى ئويلىغان ئىكەنسىز، نېمىشقا مويسىپىتلارنى مەنسىتمەيسىز؟ دەپتۇ. بۇ چاغدا لى چىشى 60 تىن ئاشقان، ليۇ باڭ ئۇنىڭدىن ياش بولغاچقا، لى چىشى ئۆزىنى مويسىپىت دەپ ئاتىغانىدى. ليۇ باڭ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىغان ۋە ئۇنىڭ چېنىشيەن ناھىيەسىنى ئىشغال قىلىش تەكلىپىنى

قوبۇل قىلغان. بۇ ئىشلار «تارىخىي خاتىرىلەر. شىلى، لۇ، جىيالار تەرجىمىھالى» دا كۆزگە چېلىقىدۇ. ليۇبالى فېئوداللىق دەۋرىدىكى تارىخشۇناسلار، ئەدىبلەر تەرىپىدىن «كەڭ قورساق، تەكلىپلەرنى بەجانىدىل قوبۇل قىلىدىغان» باتۇر شەخس دەپ تەرىپلەنگەن. ليۇ بالى بىلەن شياڭ يۈ نەچچە يىل جەڭ قىلغان، نەتىجىدە ليۇ بالى غەلىبە قازىنىپ، شياڭ يۈ يېڭىلگەن. بۇ ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق ئەمەس.

سىياسىي نۇقتىدىن «24 تارىخ» نى ئوقۇپ، كىشىلەرنى تونۇش، ھەق ـ ناھەقنى پەرق ئېتىش، شەخسلەرگە ۋە تارىخىي ۋەقەلەرگە باھا بېرىش ــــ ماۋ زېدۇڭنىڭ «24 تارىخ» نى ئوقۇشتىكى مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى، شۇنداقلا «24 تارىخ» نى ئوقۇشتىكى ئاساسلىق ئۇسۇلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**2. ئۇرۇش ۋە ئىستراتېگىيە، تاكتىكا نۇقتىسىدىن ئوقۇش**

«24 تارىخ» ھەربىي كىتاب بولمىسىمۇ، ئۇنىڭدا ئۇرۇش ۋە ئىستراتېگىيە، تاكتىكىغا دائىر نۇرغۇن مەزمۇن خاتىرىلەنگەن ۋە بايان قىلىنغان. تارىختىكى ھەرقايسى دەۋرلەردىكى نۇرغۇن داڭلىق ئۇرۇشلار توغرىسىدا «24 تارىخ» تا مەلۇمات قالدۇرۇلغان. ماۋ زېدۇڭ «24 تارىخ» نى ياقتۇرۇپ ئوقۇيتتى، «24 تارىخ» تىكى ئۇرۇش ۋە ئىستراتېگىيە، تاكتىكىغا دائىر مەلۇمات ۋە بايانلارنى تېخىمۇ بەك ياقتۇرۇپ ئوقۇيتتى. «24 تارىخ» ھەربىي كىتاب بولمىسىمۇ، ماۋ زېدۇڭ ئۇنى ھەربىي كىتاب قاتارىدا ئوقۇغان. «24 تارىخ» تىكى ئۇرۇش ۋە ئىستراتېگىيە، تاكتىكىغا دائىر بايانلارنى ئەڭ كۆپ ئوقۇغان، بۇنداق بايانلارنىڭ ئاستىغا ئەڭ كۆپ سىزىپ قويغان، بۇنداق بايانلارنى ئەڭ كۆپ كۆپ ئىزاھلىغان.

«24 تارىخ» تىكى دېھقانلار ھەرىكىتىگە دائىر بايانلارغا ماۋزېدۇڭ بەك قىزىققان، ئوقۇش داۋامىدا مۇشۇنداق بايانلارنىڭ ئاستىغا سىزىپ قويغان ۋە ئۇلارنى ئىزاھلىغان. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ ئۇرۇش قىلىش لىنىيەسىگە دائىر بايانلارنى تەپسىلىي كۆرۈپ، بۇنداق بايانلارنى سىزىپ دائىرىلەپ قويغان. ئالايلۇق، «كونا تاڭنامە. خۇاڭ چاۋ تەرجىمىھالى» نى ئوقۇغاندىن كېيىن، خۇاڭ چاۋ قوشۇنىنىڭ ھەربىي يۈرۈش لىنىيەسىنى سىزىپ چىققان. بۇنىڭدىن ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇنىڭغا قانچىلىك ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ماۋ زېدۇڭ دېھقانلار قوزغىلاڭچى قوشۇنى قىلغان ئۇرۇشلارنىڭ ئىجابىي رولىنى يۈكسەك دەرىجىدە مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: چېن شېڭ، ۋۇ گۇاڭلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى ھەتتا فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپىمۇ ئىنكار قىلالمىغان. سىماچيەن «تارىخىي خاتىرىلەر. چېن شېڭ شەجەرىسى» دە: «چېن شېڭ ئۆلگەن بولسىمۇ، ئۇ ئەۋەتكەن، ئورۇنلاشتۇرغان بەگ، سانغۇن، ۋەزىرلەر چىن سۇلالىسىنى يوقاتتى، شۇڭا بۇ ئىشنى چېن شېڭ باشلىغان، دېيىشكە بولىدۇ» دېيىلگەن. «خەننامە. چېن شېڭ، شياڭ جى تەرجىمىھالى» دىمۇ چېن شېڭ ئورۇنلاشتۇرغان، ئەۋەتكەن بەگ، سانغۇن، ۋەزىرلەرنىڭ چىن سۇلالىسىنى يوقاتقانلىقى ئېتىراپ قىلىنغان. ماۋ زېدۇڭ دېھقانلار قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ سەۋەنلىكى ۋە داھىيلىرىنىڭ خاتالىقلىرىنىمۇ ئەپسۇسلانغان ھالدا كۆرسىتىپ بەرگەن ۋە ئۇلارنى ئىزاھلىغان. ئالايلۇق، «تارىخىي خاتىرىلەر» ۋە «خەننامە» لەردىكى چېن شېڭ تەرجىمىھاللىرىدا ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن جايى توغرىسىدىكى بايانلارغا «ئېست»، «ئۆلمەسلىكى كېرەك ئىدى» دېگەندەك خەتلەرنى يېزىپ قويغان.

1958 ـ يىلى 12 ـ ئايدىكى ۋۇچاڭ يىغىنى مەزگىلىدە، ماۋ زېدۇڭ «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى. جاڭ لۇ تەرجىمىھالى» نى ئوقۇپ، ھاياجانلىق ھېسسىياتى بىلەن تەسىراتىنى يېزىپ، جۇڭگو تارىخىدىكى ئارقا ـ ئارقىدىن پارتلىغان دېھقانلار قوزغىلىڭىدىكى ئۇرۇشلارنىڭ غايەت زور ئەھمىيىتىنى ھەمدە بۇ خىل كۈرەش بىلەن پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ ماھىيەت جەھەتتىكى پرىنسىپال پەرقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئورتاق جايلىرىنى، يەنى ئىنتايىن نامرات دېھقانلار سىنىپىنىڭ باراۋەرلىك، ئەركىنلىك، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەكتە تەل بولۇش ئارزۇسىنىڭ ئورتاقلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن. ئۇ مۇنداق دەپ قارىغان: كەڭ دېھقانلار ئاممىسى ئۇزاق مۇددەتلىك فېئودال دەۋرلەردىكى تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولۇپلا قالماي، بۈگۈنكى كۈندىمۇ بىرىنچىدىن كەمبەغەل، ئىككىنچىدىن ئاق ھالەتنى ئۆزگەرتىشنى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى تەلەپ قىلىپ، باراۋەرلىككە، ھۆرلۈككە ئىنتىلىدىغان ئىنقىلابىي ئاكتىپلىقىنى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ. دېھقانلارنىڭ گۈزەل ئارزۇسى ۋە ئىنقىلابىي ئاكتىپچانلىقى، پرولېتارىيات ۋە ئۇنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى كومپارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدىلا ئاندىن ئەمەلگە ئاشىدۇ ۋە ئۇنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا جارى قىلدۇرالايدۇ. ئۇ مۇنداق دەپ ھېسابلىغان: «2 مىڭ يىل مابەينىدە زور كۆلەملىك دېھقانلار ئىنقىلابى ھەرىكىتى ئاساسەن توختاپ قالمىغان، پۈتكۈل دۇنيادىكىگە ئوخشاشلا، جۇڭگونىڭ تارىخىمۇ سىنىپىي كۈرەش تارىخىدۇر.» بۇ، ماۋ زېدۇڭنىڭ ماركسىزملىق مەيدان،

www.uyghurkitap.com

نۇقتىسىنەزەر ۋە ئۇسۇلنى قوللىنىپ، جوڭگونىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى ئۇرۇشىنىڭ تارىخىنى تەھلىل قىلىپ چىقارغان تارىخىي ماتېرىيالىزملىق ئىلمىي يەكۈندۇر.

ماۋ زېدۇڭ «24 تارىخ» نى ئوقۇش داۋامىدا تاڭ تەيزۇڭ لى شىمىننىڭ ئىستراتېگىيە، تاكتىكا ئىدىيەسىدىن ناھايىتى بەھرىلەنگەن، ئۇ لى شىمىننىڭ «پۇختا مۇداپىئەلىنىپ رەقىبىنىڭ سەرخىلىغا دەككە بېرىش» تەك ئىستراتېگىيە، تاكتىكىسىغا يۇكسەك باھا بەرگەن. ئۇ ئەتراپىدىكى خىزمەتچى خادىملارغا: «جەڭ قىلغاندا لى شىمىندەك ئالدى بىلەن مۇداپىئەلىنىپ ھۇجۇم قىلماسلىق، دۈشمەننىڭ ھۇجۇم قىلىشىغا يول قويۇش، لەشكەر – سەرۋازلارنىڭ ھۇجۇم قىلىشنى تەلەپ قىلىشىغا يول قويماسلىق، تەلەپ قىلغانلارنى ئۆلتۈرۈش كېرەك. دۈشمەنلەر نەچچە رەت ھۇجۇم قىلىپمۇ ئىشغال قىلالماي، ئەسكەر – سەرۋازلار تېرىككەندە، ئاندىن ئۇلارغا قايتۇرما ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقى چۈشۈرۈپ، بىر ھۇجۇم بىلەنلا نۇسرەت قازىنىش لازىم. بۇنداق قىلغاندا، لەشكەرلەرنىمۇ، خەلقنىمۇ مەشقلەندۈرگىلى بولىدۇ» دېگەنىدى.

«يېڭى تاڭنامە» 80 – جىلد «لى كې تەرجىمىھالى» دا مۇنداق دەپ خاتىرىلەنگەن: ۋەلىئەھدى تىكلەش مەسىلىسىدە تاڭ تەيزۇڭ لى جىژنىڭ بەك سىلىق – سىپايە، ئىدىيەدە تۇرغۇن، ئۇلۇغۋار غايىگە ئىگە ئەمەسلىكتەك يېتەرسىزلىكىنى، لى كې بولسا «ئۆزى (لى شىمىن) گە ئوخشاش باتۇر، كەسكىن» لىكىنى، قەلەمدىمۇ، ئەلەمدىمۇ كامالەتكە يەتكەنلىكىنى، ئېغىر مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالالايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى. ئەمما دۆلەت نائىبى جاڭسۈن ۋۇجى لى جىنى ۋەلىئەھدى قىلىشقا كۈچەپ تەۋسىيە قىلغاچقا، لى شىمىن لى كېنى ۋەلىئەھدى قىلىش نىيىتىدىن ۋاز كەچكەن، بۇ نەتىجىدە ۋۇ زېتيەننىڭ ھاكىم مۇتلەقلىق قىلىشىغا سەۋەب بولغان. ماۋ زېدۇڭ ۋۇ زېتيەننىڭ ھاكىممۇتلەقلىق قىلىشىدەك بۇ ئاپەتنىڭ مەنبەسى لى جىژنىڭ ۋەلىئەھدىلىككە تىكلەنگەنلىكىدە دەپ قارىغان. شۇڭا ماۋزېدۇڭ «يېڭى تاڭنامە. لى كې تەرجىمىھالى» نىڭ ئۈستىگە ئەپسۇسلانغان ھالدا: «لى كې قەھرىمان شەخس، لى جىژ كېرەكسىز نېمە، ئاتىسى ئوغلىنىڭ ئۆزىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، جاڭسۈن ۋۇجىنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ كەتتى، بۇنى بىر مەھەل ئاقىلانە ئىش قىلدى، بىر مەھەل ئەخمىقانىلىق قىلدى دېمەي بولمايدۇ» دەپ يېزىپ قويغان. ماۋ زېدۇڭ بۇ خىتىدە لى شىمىننى ھەم مەدھىيىلىگەن ھەم تەنقىدلىگەن.

گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، ماۋ زېدۇڭ نۇرغۇن فېئودال پادىشاھلاردىن بىر دەۋرنىڭ باتۇر پادىشاھى لى شىمىندىن ناھايىتى زوقلانغان. تاڭ سۇلالىسىنى قۇرۇش ۋە بىرلىككە ئىشقا ئاشۇرۇش داۋامىدا لى شىمىن ھەربىي ئىدىيەسى ۋە ئىقتىدارىنى خېلى جارى قىلدۇرغان. تاكتىكا قوللىنىش جەھەتتە دۈشمەن كۈچلۈك، ئۆزى ئاجىز ئەھۋالدا ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش قىلىشقا ماھىر بولۇپ، ھەربىي تەييارلىقلارنى ياخشى قىلغان، پۇختا مۇداپىئەلىنىپ رەقىبىنىڭ سەرخىلىغا دەككە بەرگەن، پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەن ھامان ئۈزۈكسىز جەڭ قىلىپ، دۈشمەنگە ئەجەللىك زەربە بېرىپ، دۈشمەن قوشۇنىغا ھاردۇقىنى چىقىرىۋېلىش پۇرسىتى بەرمىگەن. لى شىمىن ھەممىشە ئىستراتېگىيەلىك مۇھىم جايلارغا بېرىپ دۈشمەن ئەھۋالىنى كۆزەتكەن. ئۇ كۆپ قېتىم بۆكتۈرمە ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، خېيىم – خەتەردىمۇ ھودۇقماي، ئۇنىڭغا تەمكىنلىك بىلەن تاقابىل تۇرۇپ خەتەردىن قۇتۇلغان. ھەر قېتىملىق جەڭدە ئۇ قوشۇننى باشلاپ سەپنىڭ ئالدىدا ئاتاكىغا ئۆتۈپ، لەشكەر – سەرۋازلار بىلەن بىللە جەڭگاھلاردا دۈشمەننى قىرغان. بۇ لى شىمىننىڭ لەشكەر باشقۇرۇشتىكى ئارتۇقچىلىقىدۇر. تارىختىكى بۇنداق بايانلارنى ماۋ زېدۇڭ ئىنتايىن تەپسىلىي ئوقۇپ، مەزمۇنىنى تولۇق ئۆزلەشتۈرگەن. ماۋ زېدۇڭ لى شىمىننى قەدىمدىن بۇيانقى كىشىلەر ئىچىدىكى جەڭ قىلىشقا ئەڭ ماھىر كىشى دەپ ماختىغان.

ئۇرۇش، ئىستراتېگىيە، تاكتىكىغا دائىر مەزمۇنلارنى ئوقۇش، تارىخىي كىتابنى ھەربىي كىتاب دەپ ئوقۇش —— ماۋ زېدۇڭنىڭ تارىخ كىتابلىرىنى ئوقۇشتىكى يەنە بىر ئۆزگىچىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

### 3. ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش نۇقتىسىدىن ئوقۇش

ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش نۇقتىسىدىن «24 تارىخ» نى ئوقۇش —— ماۋ زېدۇڭنىڭ «24 تارىخ» نى ئوقۇشتىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىكىدۇر. «24 تارىخ» تا خاتىرىلەنگەن تۈرلۈك شەخسلەر، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش، ئۆرپ – ئادەت، تۇرمۇشقا دائىر بايانلار بولسىلا ماۋ زېدۇڭ بۇلارنى ئىنتايىن كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇغان. چۈنكى بۇنداق بايانلار شەخسلەرنىڭ ئۆسۈپ – يېتىلىش ۋە تۈرلۈك ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئالايلۇق، ماۋ زېدۇڭ «كېيىنكى خەننامە. گۇاڭۋۇدى ھەققىدە خاتىرە» نى ئوقۇغاندا، ئۇ ليۇ شيۇنىڭ دەسلەپكى چاغلاردا تېرىقچىلىققا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىگە دائىر بايانلارنىڭ ئاستىغا سىزىپ قويغان. «خەننامە. ۋېي چىڭ، خو چۈبىڭلار تەرجىمىھالى» نى ئوقۇغاندا، ۋېي چىڭ بەگ جەمەتىدىن، كىچىك ۋاقتىدا ئاتىس-

نىڭ قېشىغا قايتقان، ئاتىسى ئۇنى پادا باقتۇرغان، بىر ئا ـ
نىدىن تۇغۇلغانلارنىڭ ھەممىسى چارۋىچى قول بولغاچقا،
ئۇ ئۇلارنى قېرىنداش دەپ ھېسابلىمىغان» دېگەن سۆزلەر ـ
نىڭ ئاستىغا ئالاھىدە سىزىپ قويغان. «گۇڭ سۇنخۇڭ
تەرجىمىھالى» نى ئوقۇغاندا، «گۇڭ سۇنخۇڭ ياش تۇرۇپلا
زىندان بېگى بولغان، گۇناھ ئۆتكۈزگەچكە، مەنسىپىدىن
قالدۇرۇلغان. ئائىلىسى نامرات بولغاچقا، دېڭىز ياقىلىرىدا
چارۋا باققان» دېگەن سۆزلەرنى دائىرىلەپ قويغان. ماۋ زې ـ
دۇڭ «پەقىرلەر ئەڭ ئەقىللىق» دېگەن ئىدى، بۇ ئۇنىڭ
جەمئىيەتنى چوڭقۇر كۆزىتىش ئاستىدا جەمئىيەتنى چۈ ـ
شىنىپ ھاسىل قىلغان چۈشەنچىسى بولۇپلا قالماي، ئۇ يە ـ
نە «24 تارىخ» تىكى ئىشلەپچىقىرىش، ئىجتىمائىي تۇرمۇش
توغرىسىدىكى بايانلارنى ئوقۇشقا قىزىققانلىقىنىڭ نەتىجى ـ
سىدۇر. بىز ئۇنىڭ «24 تارىخ» تىكى پادىشاھلار ھەققىدىكى
خاتىرە ۋە شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالىرىغا دائىر مەلۇ ـ
ماتلارنى كۆپ قېتىم ئوقۇپ، تېكىستتىكى بۇ ھەقتىكى با ـ
يانلارنىڭ ئاستىغا قانچە قېتىم چېكىتسا شۇنچە قېتىم
سىزىپ قويغانلىقىنى، بۇنداق بايانلارنىڭ ئىزاھلىرى تې ـ
كىست خېتىنىڭكىدىن كىچىك بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا بۇلار ـ
نىمۇ ئوقۇپ، ئۇ ئىزاھلارنىڭ يېنىغا بەلگە، چېكىت قويۇپ
قويغانلىقىنى، بەزىدە ئىزاھلارنى تېكىستتىكى مۇناسىۋەت ـ
لىك جايلارغا سىزىپ يۆتكەپ قويغانلىقىنى بىلەلەيمىز.
ئالايلۇق، ئۇ «كېيىنكى خەننامە. گۇاڭۋۇدى ھەققىدە خاتى ـ
رە» نى ئوقۇغاندا، ليۇ شيۇ «تىرىشچانلىققا ئەھمىيەت بې ـ
رەتتى» دېگەن جۈملىنى دائىرىلەپ قويغان، ليۇ شيۇ «ھۆ ـ
كۈمەت دائىرىلىرىنىڭ تۇتۇۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ شىنيېدا
پاناھلانغان» (ليۇ شۇنىڭ تاغىسى شىڭ بىلەن ئادەم ئۆل ـ
تۈرۈپ قويغاچقا، ليۇ شيۇ ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ تۇتۇ ـ
ۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، شىنيېدىكى ليۇ چېنىنىڭ ئائىلى ـ
سىگە قېچىپ بېرىپ پاناھلانغان) دېگەن سۆزنىڭ ئاخىرىغا
دۈگىلەك سىزىپ قويغان، «دۇنيادا قورغاقچىلىق، قەھەت ـ
چىلىك يۈز بەرگەچكە»، «دۇنيانىڭ ۋەن دېگەن يېرىدە
ئاشلىق ساتقان» دېگەن سۆزنىڭ ئاستىغا سىزىپ قويغان.
ماۋ زېدۇڭ بۇ يەرگە لى شيەن «دۇڭگۇەن خاتىرىسى» دىن
نەقىل كەلتۈرگەن «تىرىشچانلىق قىلىپ ھوسۇل ئالغان»
دېگەن سۆزنى سىزىپ يۆتكەپ قويۇش ئارقىلىق، ليۇ شيۇ ـ
نىڭ تىرىشچانلىق تېخنىكىسىغا ماھىرلىقىنى نامايان قىل ـ
غان. ئىزاھلارنى يۆتكەپ قويۇش ئارقىلىق تەرجىمىھالى
يېزىلغان شەخسلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلغان
ئەھۋاللار ماۋ زېدۇڭ كۆرگەن كىتابتا يەنە خېلى كۆپ چە ـ
لىقىدۇ.

ماۋ زېدۇڭ «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 11 ـ جىلد
«سۇي پادىشاھى ھەققىدە خاتىرە» نىڭ ئالدىنقى بۆلىكىنىڭ
ئىككى يېرىگە خەت يېزىپ قويغان. بىرىنچى بۆلىكىدە
مۇنداق دېيىلگەنىدى: (كەيخۇاڭ) نىڭ 18 ـ يىل ئەتىياز
1 ـ ئاينىڭ شىنچيۇ كۈنى مۇنداق دەپ يارلىق چۈشۈرۈل ـ
دى: «ۋۇ، يۈ ئېلىدىكىلەر بۇرۇنقى ناچار ئادىتىگە ۋارىسلىق
قىلىپ، ئۆزلىرى تۇرغان جايلاردا ئۆز ئالدىغا چوڭ كېمى ـ
لەرنى ياسىغان، ئۇلار شايكا، گۇرۇھ بولۇۋېلىپ، زىيان ـ
زەخمەت سالدى، جياڭنەن (چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبى ـ
دىكى جايلار ـــ تەرجىماندىن) دىكى ھەرقايسى ئايماقتىكى ـ
لەر ئىچىدە ئۈچ گەزدىن ئۇزۇن كېمە ياسىغانلار ئاز،
بۇنداق كېمىلەرنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمەت ئىختىيارىغا ئې ـ
لىنسۇن.» بۇ بىر ئابزاس سۆزنىڭ يېنىغا ماۋ زېدۇڭ دۈ ـ
گىلەك سىزىپ قويغان. «ئۆزلىرى تۇرغان جايلاردا، ئۆز
ئالدىغا چوڭ كېمىلەرنى ياسىغان» دېگەن سۆزنىڭ ئۈستى ـ
گە «سودا ـ سېتىق راۋاجلانغان» دەپ يېزىپ قويغان. «ئۈچ
گەزدىن ئۇزۇن كېمە ياسىغانلار ئاز، بۇنداق كېمىلەرنىڭ
ھەممىسى ھۆكۈمەت ئىختىيارىغا ئېلىنسۇن» دېگەن سۆز ـ
نىڭ ئۈستىگە «بۇنداق بولۇش مۇمكىن ئەمەس» دەپ يېزىپ
قويغان. ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇ ئىككى يەرگە يازغان خېتى ئۇ ـ
نىڭ تارىخ كىتابلىرىنى ئوقۇغاندا ئەينى چاغدىكى قول سا ـ
نائەت ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئۆرپ ـ
ئادەتلىرىگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى تولۇق چۈشەن ـ
دۈرۈپ بېرىدۇ.

بىزگە شۇنىسى ئايانكى، ماۋ زېدۇڭ «24 تارىخ» نى يەنە
بىر مۇنچە تەرەپلەرگە، ئالايلۇق، سىياسەت ۋە تاكتىكا، ئا ـ
دەملەرنى تاللاپ ئىشلىتىش، كادىرلارنى تەربىيەلەش، باش ـ
قۇرۇش، تەشكىلات خىزمىتى، دىپلوماتىيە، مىللەتلەرنىڭ
بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى قاتارلىق جەھەتلەرگە
تەدبىقلاپ ئوقۇغان. ماۋ زېدۇڭ تارىخ كىتابلىرىنى ئوقۇش
جەريانىدا يۇقىرىقى نۇقتىلارغا دائىم دىققەت قىلغان.

ماۋ زېدۇڭنىڭ كىتاب ئوقۇش ئۇسۇلى ۋە كۆزىتىش
نۇقتىسى ئۆرنەك قىلىشقا ئەرزىيدۇ. بۇ رەھبىرىي كا ـ
دىرلارنىڭ ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئاڭلىق ـ
لىقىنى كۈچەيتىش، پارتىيەمىزنى ئۆگىنىشچان سىياسىي
پارتىيەگە ئايلاندۇرۇشقا پايدىلىق بېشارەت بېرىدۇ.

---

«شىنخۇا تەرمىلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2013 ـ يىللىق
4 ـ سانىدىن ئابلەت نۇردۇن تەرجىمىسى
(تەرجىمان: ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ـ نەشرىيات
ئىدارىسىدە)

**تەھرىرلىگۈچى: ئوسمانجان مۇھەممەت**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# قانۇنچىلىق ئاخباراتىنىڭ رولى ھەققىدە

مېھرىگۈل غاپپار

(«شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى» ئىدارىسى 830000)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىغا دائىر ئاخبارات خەۋەرلىرىنى يازغاندا جەزمەن مۇناسىۋەتلىك قانۇن مەزمۇنلىرىغا تەدبىقلاش كېرەكلىكى، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىغا ئائىت خەۋەرلەرنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن مۇخبىرلار ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، جىنايى ئىشلار دېلولىرىنىڭ تۈپ يىلتىزىنى تېپىپ چىقىپ، قانۇننىڭ سۈرىنى ئاشۇرۇش كېرەكلىكى بايان قىلىنغان.

**摘要**: 本文论述了法制建设新闻报道的重要性，在写法制建设新闻报道时一定要正确运用各相关法律的内容。为了更好发挥法制建设新闻报道的作用，记者深入基层调查研究，找出犯罪案件的根源，维护法律的威严。

بىز نېمە ئۈچۈن قانۇنچىلىق ئاخباراتىنىڭ كىشىلەر قەلبىگە سىڭىپ كىرىش، ئۈن - تىنىسىز تەسىر كۆرسىتىش رولىنى كۈچەيتىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەيمىز؟ مېنىڭچە، بۇ مەسىلىنىڭ نېگىزىنى قانۇنچىلىق ئاخباراتىنىڭ ھازىرقى بىر خىل تۇرغۇن ھالەتتىن خەۋەرچىلىك شەكلى، يېزىقچىلىق ئۇسلۇبىدىكى كونا مۇقامدىن ئۈزۈل-كېسىل قۇتۇلۇپ كېتەلمەيۋاتقان رېئاللىقىدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، قانۇن - نىزاملارنى گېزىتتە تولۇق تېكىستى بىلەن ئېلان قىلىش، قانۇنغا دائىر ئاخبارات خەۋەرلىرىنى سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈمىگە، ھۆججەت - ماتېرىيالغا تايىنىپ يېزىش، ئورگانلاردىلا قاتراپ، ئاساسىي قاتلامدىكى زىددىيەت ۋە تالاش-تارتىشلارنىڭ قانۇني مەنبەسىنى قېزىپ چىقىشقا سەل قاراش، ئۆز ئەتراپىدىكى قىزىق، قىيىن نۇقتىلىق مەسىلىلەرگە دىققەتنى ئاغدۇرماسلىق، يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلىدا كونىلىققا ئېسىلىۋېلىش قاتارلىق بەزى ئاجىز ھالقىلار نۆۋەتتە قانۇنچىلىق ئاخباراتىنىڭ كىشىلەر قەلبىگە سىڭىپ كىرىش، ئۈن - تىنىسىز تەسىر كۆرسىتىش رولىغا پايدىسىز تەسىرلەرنى كۆرسىتىۋاتىدۇ. قانۇنچىلىق ئاخباراتى دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان دۆلەت قۇرۇپ چىقىش، خەلقنىڭ قانۇن - تۈزۈم ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، دېموكراتىك جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۇلۇغۋار ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەقسىتىدە بارلىققا كەلگەن بىر خىل ئالاھىدە ئاخبارات شەكلى، ئۇ يىلمۇيىل كۆپىيىپ بېرىۋاتقان تۈرلۈك قانۇن - نىزاملارنى تەشۋىق قىلىش، قانۇن ساۋاتلىرىنى كەڭ ئومۇملاشتۇرۇش، كىشىلەرنى قانۇن بىلىملىرى بىلەن قوراللاندۇرۇش، جەمئىيەتنى يېتەكلەش، جامائەت پىكرىگە تەسىر كۆرسىتىش، ئادالەتنى ياقلاش، گۈزەللىكنى مەدھىيەلەش، رەزىللىكنى قامچىلاش قاتارلىق بىرنەچچە خىل مۇھىم رولغا ئىگە بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قانۇننى تەشۋىق قىلىش، توغرا كەيپىياتنى ئەۋج ئالدۇرۇش، جامائەت پىكرىگە يېتەكچىلىك قىلىش رولى قانۇنچىلىق ئاخباراتىنىڭ يادرولۇق فۇنكسىيەسى ۋە جان تومۇرى. بۇ خىل يادرولۇق فۇنكسىيە ۋە جامائەت پىكرى يۆنىلىشى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرى ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئومۇمىيىتى ئۈچۈن، ئەڭ ئاخىرىدا ھەممە ئادەم قانۇننى بىلىدىغان، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان، قانۇن بويىچە ئىش قىلىدىغان، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدىغان دۆلەت قۇرۇپ چىقىشقا كۈچلۈك تەشۋىقات مۇھىتى يارىتىش جەريانىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. قانۇنچىلىق ئاخباراتى ئاخباراتنىڭ باشقا تۈرلىرىگە ئوخشاش ئۆزىنىڭ بۇ خىل يۆنىلىشىدىن ھەرگىز چەتنەپ كېتەلمەيدۇ ھەم چەتنەپ كېتىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

قانۇنچىلىق ئاخباراتىنىڭ كەڭ ئوقۇرمەنلەرنى قانۇندىن خەۋەردار قىلىش، قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش، جەمئىيەتنى قانۇن بويىچە ئىش قىلىشقا يېتەكلەش، ئاممىنى قانۇن تەربىيەسىگە ئىگە قىلىش مەقسىتى كونكرېت ۋەقە، ئىش - ھەرىكەت ئارقىلىق جانلىق ئىپادىلەنسە، قانۇنچىلىق ئاخباراتىنىڭ كىشىلەر قەلبىگە سىڭىپ كىرىش،

ئۈن - تىنسىز تەسىر كۆرسىتىش رولى تېخىمۇ گەۋدىلىك جارى قىلدۇرۇلغان بولىدۇ. قانۇنچىلىق ئاخباراتى ئارقىلىق قانۇنىي بىلىملەرنى تەشۋىق قىلىشنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن مۇخبىر ۋە مۇھەررىرلەر ئالدى بىلەن قانۇنچىلىققا دائىر ئاخبارات خەۋەرلىرى بىلەن ئادەتتىكى ئاخبارات خەۋەرلىرىنىڭ پەرقىنى چۈشىنىۋېلىشى ۋە ئايرىۋېلىشى كېرەك. بولۇپمۇ قانۇنچىلىق ئاخباراتىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئاممىغا قانۇن - تۈزۈم ئۇچۇرلىرىنى تارقىتىش، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىدىغانلىقىنى، كىشىلەرنى قانۇن ئۆگىنىدىغان، قانۇننى چۈشىنىدىغان، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان، قانۇننى ئىشلىتەلەيدىغان قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىدىغانلىقى، جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن ساغلام مۇھىت يارىتىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېنىق ئاڭقىرىۋېلىشى لازىم. بەزىلەر قانۇن - تۈزۈمگە دائىر خەۋەر - ماقالە يازغاندا ھەددىسە زوراۋانلىق، قاتىللىق، شەھۋانىي تۈس ئالغان سەلبىي دېلولارنى خەۋەر قىلىشقا قىزىقىپ كېتىدۇ، ئەمما دېلو ۋەقەلىكىنىڭ زىددىيەتلىك تەرىپى ۋە جىنايەت قىلمىشىنىڭ تەپسىلاتى ئۈستىدە ئانچە باش قاتۇرۇپ كەتمەيدۇ. سەلبىي ئىشنى ئىجابىي تەشۋىقات نۇقتىسىدا تۇرۇپ كۆزەتمەيدۇ، تىپنىڭ ئىش - ھەرىكىتى، جىنايەت سادىر قىلىش مۇددىئاسى، ئوي - پىكرى، جىنايەت سادىر قىلىش جەريانى قاتارلىق ماھىيەتلىك تەرەپلەرنى چوڭقۇر قېزىشقا، بۇ خىل جىنايەتنىڭ قايسى قانۇننىڭ قايسى ماددىسىغا چۈشىدىغانلىقى، قانداق قىلسا قانداق ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقى، قاراڭغۇلۇق بىلەن ئادالەت، رەزىللىك بىلەن گۈزەللىك ئوتتۇرىسىدا قانچىلىك ئارىلىقنىڭ بارلىقىنى جانلىق سۈرەتلەشكە كۈچىمەيدۇ. نەتىجىدە قانۇن - تۈزۈم ئاخبارات خەۋەرلىرى نىشانغا دەل تەگمەيدۇ، ئاممىنى مۇقەددەس قانۇندىن خەۋەرلەندۈرۈش ئىشىدا يۈزەكىلىك كۆرۈلىدۇ، قانۇننىڭ كىشىلەر قەلبىگە سىڭىپ كىرىش، ئۈن - تىنسىز تەسىر كۆرسىتىش رولى چوڭ بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرگە سەل قارىماسلىق لازىم.

بىرىنچىدىن، مۇخبىرلارنى ئاساسىي قاتلامغا چۈشۈشكە رىغبەتلەندۈرۈش، ئاخباراتنىڭ ھەقىقىي مەنبەسىنى ئاساسىي قاتلامدىن ئىزدەپ تېپىش لازىم. جىنايەت ئۆتكۈزۈش مەسىلىسى بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زىچ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئۆزىمۇ ئاساسىي قاتلامدۇر. جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئىجتىمائىي تۇرمۇش جەريانىدا يۈز بېرىدۇ. چۈنكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مەلۇم تەرەپلىرى ئۇنىڭغا سەۋەبچى بولىدۇ، جىنايەت ئۆتكۈزۈش قورۇلمىسى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۇڭا ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا كۆزىتىشكە ۋە تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. يازغان خەۋەردە دېلونىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى بايان قىلىپ، ھۆكۈمدە ئاساس قىلىنغان قانۇن - ماددىلارنى ئوچۇق شەرھلەش كېرەك. جىنايى ئىشلار، ھەق - تەلەپ، ئىقتىسادىي ۋە مەمۇرىي ماجىرا دېلولىرى خەلق سوت مەھكىمىسى سوت ئېچىپ قاراپ چىقىلغاندىن كېيىن قانۇن - ماددىلارغا تەدبىقلىنىپ ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ. قانۇنچىلىق خەۋەرلىرىنى يازغاندا سوت مەھكىمىسىنىڭ قايسى قانۇننىڭ قايسى ماددىسىغا تەدبىقلاپ جىنايەتچىگە ھۆكۈم چىقارغانلىقىنى ئېنىق ئىزاھلاش لازىم. بەزى مۇخبىرلار يازغان خەۋەرلىرىدە دېلو ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ قويۇپلا بولدى قىلىدۇ؛ خەۋەرنى قىزىقارلىق، جانلىق ئىپادىلەشكە، خەۋەرنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇشقا، ئوقۇرمەنلەرگە تەسىر كۆرسىتىشكە كۈچىمەيدۇ، قانۇنچىلىق ئاخباراتىدا دېلو ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇش ۋاستە، قانۇن بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىش ھەقىقىي مەقسەتتۇر. دېلو ئەھۋالىنى تەشۋىق قىلىش بىلەن قانۇن بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىشنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرگەندىلا ئەڭ ياخشى تەشۋىقات ئۈنۈمىگە ئېرىشكىلى، ئىپادىلەش ئۇسۇلىدا يېڭىلىق ياراتقاندىلا قانۇنچىلىق ئاخباراتىنىڭ كىشىلەر قەلبىگە سىڭىپ كىرىش، ئۈن - تىنسىز تەسىر كۆرسىتىش رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، جىنايى قىلمىشنىڭ ماھىيىتى، جىنايەتنىڭ خاراكتېرى، جىنايەت سادىر قىلىشنىڭ سەۋەبىنى تەھلىل قىلىش ۋە دادىل پاش قىلىش كېرەك. قانۇنچىلىق ئاخباراتىغا دائىر خەۋەرلەردە خەلق سوت مەھكىمىلىرى ھۆكۈم قىلغان دېلولارنى يېزىشتىن باشقا يەنە ج خ، تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ دېلولارنى قانداق تەھقىقلىگەنلىكى، جىنايەتچىلەرنى قانداق قولغا ئالغانلىقىنىمۇ يېزىشقا توغرا كېلىدۇ. جىنايى ئىشلار دېلولىرى يۈز بەرگەندە ج خ ساقچىلىرى دەرھال نەق مەيدانغا بېرىپ دېلولارنى پاش قىلىدۇ. تەپتىش ئورگانلىرى ئىقتىسادىي دېلولارغا قارىتا دەرھال تەكشۈرۈپ دەلىل - ئىسپات ئېلىشنى قانات يايدۇرىدۇ. قانۇنچىلىق ئاخباراتىغا دائىر خەۋەرلەر مۇشۇنداق يېقىندا يۈز بەرگەن ھەقىقىي دېلولارنى خەۋەر قىلغاندا كى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شىلەرنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ئالقىشىغا ئېرىشىدۇ. شۇنداق ئەھۋاللارمۇ بولىدۇكى، خەلق سوت مەھكىمىلىرى سوت تەرتىپىنى ئادا قىلىش جەريانىدا بىر قىسىم دېلولار ئۈستىدە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھۆكۈم چىقىرالمايدۇ. شۇڭا مۇخبىر خەۋەر قىلغاندا سوت ھۆكۈمىدىكى قانۇن ماددىلىرىنى يېزىشقا ئامالسىز قالىدۇ. بۇنداق دېلولارنى خەۋەر قىلغاندا مۇخبىر ئاددىي ھالدا دېلونى بايان قىلىپلا قويماي، ئەڭ مۇھىمى دېلونىڭ جىنايەت خاراكتېرىنى تاپشۇرۇپ، جىنايى قىلمىشنىڭ ماھىيىتىنى، جىنايەتنىڭ خاراكتېرىنى، جىنايەت سادىر قىلىشنىڭ سەۋەبىنى تەھلىل قىلىشى ۋە پاش قىلىشى كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، پاكىتنى ۋەقەنىڭ ئارقا كۆرۈنۈش نۇقتىسىدىن ئىزدەش كېرەك. قانۇنچىلىق ئاخباراتىغا دائىر خەۋەرلەرنى يېزىشتا پاكىتنى ۋەقەنىڭ ئارقا كۆرۈنۈش نۇقتىسىدىن ئىزدەش، جۈملىدىن شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغىمۇ نەزەر سېلىش، كۆپ خىل قاتلام بويىچە يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق خەۋەرنى كەڭ ۋە چوڭقۇرلۇقتا ئىگە قىلىش كېرەك. بولۇپمۇ مۇرەسسە قىلىنغان ھەق - تەلەپ ماجىرالىرىدا قانۇن ئاساسىنى تاپشۇرۇش كېرەك. نۆۋەتتە ھەق - تەلەپ ماجىرا دېلولىرى كۈنسېرى كۆپىيىپ، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى كەسىپ، ساھەلىرىگىچە چېتىلىۋاتىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللار ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىنمىسا ماجىرا كەسكىنلىشىپ، ھەق - تەلەپ ماجىرالىرى جىنايى ئىشلار دېلوسىغا ئۆزگىرىپ كېتىپ، ئېغىر ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بەزى ھەق - تەلەپ ماجىرالىرىنى سوت مەھكىمىلىرى ھۆكۈم ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلسىمۇ، لېكىن كۆپلىگەن ھەق- تەلەپ ماجىرالىرى مۇرەسسە قىلىش شەكلى ئارقىلىق شۇ جاينىڭ ئۆزىدە ھەل قىلىنىدۇ. ھازىر ھەق - تەلەپ مۇرەسسە تەشكىلاتلىرى شەھەرلەردىن يېزىلارغىچە كېڭەيدى، سوتتىن ئىلگىرىكى مۇرەسسە، ئەدلىيەلىك مۇرەسسە، خەلق مۇرەسسەسى قانۇنچىلىق ئاخباراتىغا نۇرغۇن يېڭى مەزمۇنلارنى ئاتا قىلدى، مۇرەسسە بىلەن بىر تەرەپ قىلىنغان ھەق - تەلەپ ماجىرالىرىنى خەۋەر قىلغاندا مۇرەسسەنىڭ قانۇنىي ئاساسىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئېنىق تاپشۇرۇش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئوقۇرمەنلەر بۇنىڭدىن مۇناسىۋەتلىك قانۇن - نىزاملارنى چۈشىنىۋالالايدۇ.

تۆتىنچىدىن، قانۇننىڭ سۈرىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە كۈچەش كېرەك. قانۇنچىلىق ئاخباراتىغا دائىر ھەر قانداق خەۋەر - ماقالە ياكى ئوبزوردا ياكى پۈتۈن گېزىتنىڭ مەزمۇنى ۋە بەت شەكلىدە بولسۇن، قانۇننىڭ سۈرى گەۋدىلىك ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان قانۇننىڭ سۈرى شۇ خەۋەر - ماقالىدىكى ئالاقىدار قانۇن - نىزاملارنىڭ ئاساسىي روھىنىڭ كونكرېت ئادەم ۋە ئىشلارغا تەدبىقلىنىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا يولۇققان مەسىلىلەرنىڭ ئاشۇ قانۇنلار ئاساسىدا ھەل قىلىنغانلىقى، بۇ ئارقىلىق بۇ قانۇنلارنىڭ ئوقۇرمەنلەردە قالدۇرغان تەسىرى، شۇنداقلا مەلۇم قانۇنىي ئۇقۇم قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل تەسىر ۋە ئۇقۇم بىز يازغان خەۋەر - ماقالە، ھەتتا پۈتۈن گېزىتنىڭ مەزمۇنىغا ۋە بەت شەكلىگە سىڭدۈرۈلگەن بولىدۇ. بىزنىڭ قانۇنلىرىمىزدا خەلق ئاممىسىنىڭ ئىرادىسى، ساداسى، ئارزۇ - ئىستەكلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شۇڭا بىز خەۋەر قىلماقچى بولغان ئادەم ۋە ئىشلار ئاخباراتنىڭ توغرا جامائەت پىكرى يۆنىلىشىدىن تۇرۇپ كۆزىتىلىدۇ، ئوقۇرمەنلەرگە بىر قېتىم جانلىق قانۇن - تۈزۈم تەربىيەسى ئېلىپ بارىدۇ. قانۇنچىلىق ئاخباراتىنىڭ ئۆزىگە خاس بۇ خىل خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ ئاخبارات نازارەتچىلىك رولىدىن سىرت، مۇئەييەن ئادەم ۋە ئىشلار ئارقىلىق قانۇن بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش رولىنىمۇ ئوينايدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ نۇرغۇن قانۇنلىرى ماھىيەتتە ھوقۇق - مەنپەئەتنى قوغداشنى ئاساس قىلىدۇ، ھەممە قانۇندا بۇ جەھەتتىكى مەزمۇنلار ئېنىق بەلگىلەنگەن. بۇ ھەقتىكى ساۋاتلار گەرچە ھەر خىل يوللار بىلەن ئاممىغا دائىم تەشۋىق قىلىنىپ تۇرۇلىدىغان بولسىمۇ، لېكىن نەزەرىيە جەھەتتىكى شەكىلنىڭ كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتىش كۈچى مۇشۇ خىل ئۇقۇمنى كونكرېت ئادەم ۋە ئىشلارغا باغلاپ، ئاخبارات شەكلى ئارقىلىق تەشۋىق قىلغاندىكىدەك كۈچلۈك، چوڭقۇر بولمايدۇ. شۇڭا مۇخبىر ئىشخانىغا بېكىنىۋالماي، ئورگانلارغىلا قاتىرىماي، ئاخبارات نەق مەيدانلىرىغا، ئاساسىي قاتلامغا، سوت مۇنبىرىگە، مۇرەسسە مەيدانلىرىغا بېرىپ پاكىت توپلىشى ۋە ئۇنى ئۆزگىچە ئۇسلۇب ۋە جانلىق شەكىلدە ئىپادىلەپ، ئاخبارات خەۋەرلىرىنىڭ كىشىلەر قەلبىگە سىڭىپ كىرىش، ئۈن - تىنسىز تەسىر كۆرسىتىش رولىنى پائال جارى قىلدۇرۇشى لازىم.

تەھرىرلىگۈچى: ھەزرىتى ئەلى بارات

# ئالىي مەكتەپ ئىدىيەۋى ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتى توغرىسىدا

نۇربىيە ھاجى

( قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئوقۇغۇچىلار باشقارمىسى 844000 )

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدا ئىناق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئومۇمىيۈزلۈك ھالىلىق جەمئىيەت قۇرۇش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىدىيەۋى ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى چوقۇم ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇپ ئېلىپ بېرىپ، ئىدىيە، مەزمۇن، شەكىل، ئۇسۇل، ۋاستە قاتارلىق تەرەپلەردە يېڭىلىق يارىتىپ،بۇ خىزمەتنىڭ بىۋاستىلىقى ۋە ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى مۇھاكىمە قىلىنغان.

**摘要**:本文论述了大学生政治思想工作一定要适应建设和谐社会的要求，从思想上、内容上、形式上、方法上、手段上进行创新，有针对性地、注重实效地做好工作，对此工作的直接性和有效性的必要性。

ئىناق جەمئىيەتنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ئورتاق بەھرىمەن بولۇش ۋە ماسلىششتىن ئىبارەت. ئىناق جەمئىيەت دېگەن بۇ ئاتالغۇ يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان كۆپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، چوڭقۇر ئىدىيەۋى مەنىگە ئىگە. يېقىنقى يىللاردىن بېرى نۇرغۇن غەرب ئالىملىرى ئىلگىرى ـ ئاخىرى بولۇپ ئۆزلىرىنىڭ ئىناق جەمئىيەت توغرىسىدىكى قاراشلىرى ۋە ئىدىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. پارتىيەمىز ئوتتۇرىغا قويغان سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بولسا بۇ قاراشلارنىڭ چەكلىمىلىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ، سەمىمىيلىك ۋە دوستلۇققا ئىگە، ھاياتىي كۈچكە تولغان،ئادەم ۋە تەبىئەت ئۆز ئارا تەڭ تەسىر كۆرسەتكەن جەمئىيەتنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پارتىيەمىز ئوتتۇرىغا قويغان ۋە تەشەببۇس قىلغان سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەتنىڭ ماھىيىتى ۋە نېگىزى ئادىل، باراۋەر جەمئىيەت دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنى كاپىتالىزم جەمئىيىتىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ئىناقلىق دېگەنلىك ھەر خىل زىددىيەت ۋە مۇناسىۋەتلەرنى ماسلاشتۇرۇپ، مۇۋاپىق سەۋەب ۋە نەتىجە ھاسىل قىلىش دېمەكتۇر.

## 1. ئالىي مەكتەپ ئىدىيەۋى ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنىڭ ئىناق جەمئىيەت قۇرۇشقا بولغان تەسىرى

پارتىيەمىز ئوتتۇرىغا قويغان ئىناق سوتسىيالىستىك جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش تەبىئىي ھالدا كەڭ ئىستۇدېنتلارنىڭ ئۆز ـ ئارا ماسلىشىشىنمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىناق جەمئىيەتنىڭ ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولغان ئىستۇدېنت چوقۇم ياخشى بولغان سىياسىي ئىدىيە، ئەخلاق ـ پەزىلەت ساپاسىنى ھازىرلىشى كېرەك.ئالىي مەكتەپ ھاياتى ئىستۇدېنتلارنىڭ ئالاھىدە مەزگىلى، يەنى ئاساسىي ساپانى ھازىرلاش مەزگىلى بولۇپ، بۇ ــ ئۇلارنىڭ ياخشى بولغان ئەخلاق ساپاسى، ھەرىكەت ئادىتى ۋە مۇكەممەل خاراكتېر يېتىلدۈرۈشتىكى ئەڭ ھالقىلىق مەزگىلىدۇر. بۇ مەزگىلدە يېتىلدۈرگەن ئىدىيەۋى ـ سىياسىي ساپا ئۇلارنىڭ ھاياتىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ، بۇ ــ ئىستۇدېنتلارنىڭ جەمئىيەتكە ماسلىشىشتىكى، ئۆزىنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇكەممەللىشىدىكى ئوبيېكتىپ تەلەپ، شۇنداقلا جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرى بولۇپ چىقىشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىناق جەمئىيەت ئادەمنى ئاساس قىلغان، ئىجادچانلىققا تولغان جەمئىيەت. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىدىيەۋى ـ سىياسىي تەربىيەنى كۈچەيتىش خىزمىتى ئىستۇدېنتلاردىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي كوللېكتىپقا ۋە ئىناق جەمئىيەت ئۈچۈن پايدىلىق ھەمدە بۇ ئاساس كەلگۈسىدىكى سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئۇل خىزمەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 2. ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش تەلىپى ئاستىدا ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىدىيەۋى ـ سىياسىي خىزمىتىنى ئەمەلىيلەشتۇرۇشنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرى

ئىدىيەۋى تەلىم تەربىيە ئىناق تەربىيە تۇرغۇزۇشنىڭ نىشانى. ئېنىنشتېيىن ئۆزىنىڭ «مائارىپ توغرىسىدا»

www.uyghurkitap.com



دېگەن ئەسىرىدە «مەكتەپ شۇنى ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك نىشانى قىلىش كېرەككى، ئوقۇغۇچى مەكتەپتىن ئايرىلغاندىن كېيىن جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى بولىدۇ» دېگەن ئىدى. ماسلىشىشچان ئۇسۇل بىلەن ئادەم تەربىيەلەش، ئىناق ئادەم تەربىيەلەش نۆۋەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئىدىيەۋى - سىياسىي خىزمىتىدىكى بىر يېڭىلىق بولۇپ، ئىناق ئادەمنى ماسلاشقان مائارىپ بىلەن تەربىيەلەيمىز. ماسلاشقان ئىناق مائارىپ بولسا ھەرقايسى ئامىللار ئۆزئارا ماسلاشقان ئورگانىك گەۋدە. ئىدىيەۋى - سىياسىي تەربىيە تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ مۇھىتىدا ئوقۇغۇچى مەكتەپ، جەمئىيەت ۋە ئائىلىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل مۇھىتىنىڭ تەسىرىدە ئومۇمى كۈچ ھاسىل قىلىدۇ. ئالىي مەكتەپ تەدبىر پىلانچىسى چوقۇم ئىلغار مەكتەپ قۇرۇش نەزەرىيەسى بىلەن نىشاننى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىغا قارىتىشى ۋە مۇجەسسەملىشى لازىم. مەكتەپ ئىچىنىڭ باشقۇرۇلۇشى ۋە سىرتقى مۇھىت ئىناقلىقى، مەكتەپ يۇمشاق دېتال سىستېمىسى ۋە قاتتىق دېتال ئەسلىھە سىستېمىسىنىڭ ماسلىشىشى، ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇش ۋە ھازىرقى زامان ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىنىڭ ماسلىشىشى، ئوقۇغۇچىلارغا ئادىل، باراۋەر، ئۆزئارا ئىشىنىدىغان ھەم كۆيۈنىدىغان ئىناق ئالىي مەكتەپ بەرپا قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەققانىيەت تۇيغۇسى ۋە بىلىمگە ئىنتىلىش تۇيغۇسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا بولغان ئىدىيەۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىشنى چوقۇم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساغلاملىق تەربىيەسى بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ساغلاملىق پسىخىكىسى ئىناق جەمئىيەت پسىخىكىسىنىڭ ئاساسى. شەخس پسىخىكىسىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشى شەخسنىڭ ياخشى بولغان ئىدىيە ساپاسىنىڭ ئۇلى. مەلۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا، كىشىلەر توغرا بولغان پسىخىك ھالەتكە ئىگە بولغاندا ئاندىن مائارىپنى قوبۇل قىلىدۇ. نورغۇنلىغان جىنايى قىلمىشلار پسىخىك توسالغۇدىن ياكى پسىخىك كېسەللىكنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئوقۇغۇچىلارغا بولغان پسىخىك تەربىيەنى كۈچەيتىش بىلەن ئوقۇغۇچىلاردا ئىناق روھ يېتىلدۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئوقۇغۇچىلار، مەكتەپ بىلەن جەمئىيەت ئارىسىدا ئىناق تەرەققىيات ھاسىل قىلىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالىي مەكتەپلەر ئىستۇدېنتلارنىڭ پسىخىك قانۇنىيىتىنى چىقىش قىلىپ، پسىخىك ئالاھىدىلىكىنى ئىگەلەپ، پسىخىك تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتقان ئوقۇغۇچىلارغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، تۈزىتىش ۋە تەڭشەش ئېلىپ بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىك ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئىناق مەكتەپ مۇھىتى ھازىرلاشقا شارائىت ھازىرلىشىمىز لازىم.

ئالىي مەكتەپ ئىدىيەۋى-سىياسىي خىزمىتىنى كۈچەيتىشتە ئاكتىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش كېرەك. مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، گۈللىنىشى ئىناق جەمئىيەتنىڭ بىر نىشانى بولۇپ، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇ بىزدىن مەكتەپ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەكتەپ مەدەنىيەت ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەشنى كۈچەيتىشنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. مەكتەپ مەدەنىيىتى ئارقىلىق ھەر خىل مەدەنىيەت ۋاسىتىلىرىنى تارقىتىشقا بولىدۇ. ئىناق مەكتەپ مۇھىتىنى بەرپا قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم ئۆگىنىشى، مەدەنىيەت ئۆگىنىشى، توغرا تۇرمۇش ئادەتلىرىنى تارقىتىشقا پايدىلىق. مەكتەپ مەدەنىيىتى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ بىر شەكلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇش ئىشلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ، بۇ ئاستىرىتتىن ئوقۇغۇچىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، مۇھىم تەربىيەلەش رولىنى ئۆتەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيە ساپا قۇرۇلۇشى، پەن مائارىپ ساپاسىنىڭ ماسلىشىپ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مەكتەپنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە ئىناقلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز لازىم.

**3. ئاساسىي قاناللىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىدىيەۋى - سىياسىي نەزەرىيە دەرس ئوقۇتۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك**

ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىدىيەۋى - سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى ئاساسلىقى تەشۋىقات بۆلۈمى، ئوقۇغۇچىلار خىزمەت بۆلۈمى ئورتاق ئېلىپ بېرىشى كېرەك. ئىستۇدېنتلارغا ئىدىيەۋى - سىياسىي تەربىيە دەرسىنى ئۆتىدىغان ئوقۇتقۇچىلار چوقۇم يۇقىرى ساپالىق بولۇشى كېرەك. يۇقىرى سۈپەتلىك ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىدىيەۋى - سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى بىر بالداق يۇقىرى كۆتەرگىلى بولىدۇ. ئۇزۇندىن بۇيان ئىدىيەۋى - سىياسىي ئوقۇتۇش خىزمىتىدە سىڭدۈرۈش خاراكتېرلىك ئوقۇتۇش ئۇسۇلى قوللىنىلغان بولۇپ، ئو-

قۇتۇش ئاساس قىلىنىپ ئۆگىنىشكە سەل قارالغان؛ سىڭدۈرۈش ئاساس قىلىنىپ، رىغبەتلەندۈرۈشكە سەل قارالغان. ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇتۇش جەريانىدا ئوقۇشقا قاتناشتۇرۇش ئەھۋالىنىڭ تۆۋەن بولۇشى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ، نەتىجىدە ئوقۇغۇچىلارغا بولغان ئىدىيەۋى - سىياسىي دەرسلەرنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمدارلىقىغا تەسىر يېتىدۇ، شۇڭا ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەرەققىيات ساپاسىنى مائارىپ قانۇنىغا ئاساسەن تېخىمۇ ئۆستۈرۈپ، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ يېڭىلىق يارىتىپ،ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، ئۈزۈكسىز ھالدا ئىدىيەۋى - سىياسىي دەرسلەرنى يېڭىلاش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئوخشىمىغان باسقۇچتىكى ئىستۇدېنتلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئوخشىمىغان دەرسلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش، دەرس سۆزلەش، دەرس مۇنازىرىسى، مەخسۇس تېما مۇنازىرىسى، مەخسۇس نۇتۇق، دەرس ئەمەلىيىتى قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىش، زامانىۋىلاشقان ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىنى ئىشلىتىپ، ئىنتېرنېت تورى قاتارلىق ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ ئىدىيەۋى - سىياسىي نەزەرىيە دەرسلىكىنى تېخىمۇ جانلىق، ئۈنۈملۈك، جەلپ قىلارلىق ئوقۇتۇش لازىم.

ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيەلەشنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنى تەتقىق قىلىشقا تەشكىللەش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيە ئەمەلىيىتى بىلەن چوڭقۇر باغلاشتۇرۇپ، دەرسلىكنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ھەم قىيىن نۇقتىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئوقۇتۇش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش لازىم.

**4. يۇقىرى ساپالىق ئىدىيەۋى -سىياسىي خىزمەت قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىش**

نەزەرىيە سەۋىيەسى يۇقىرى، كەسىپكە پىشقان، ئىنتىزامدا قاتتىق، ئىستىلى دۇرۇس بولۇش ئۆلچىمى بىلەن ئىدىيەۋى - سىياسىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىش قوشۇنىنى قۇرۇپ، ئىدىيەۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىش، ئىدىيەۋى - سىياسىي خىزمەتنى ياخشىلاش ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تەربىيەلەش نىشانىغا يېتىشتىكى بىر مۇھىم تەدبىر. ئىدىيەۋى - سىياسىي خىزمەت ھەر خىل پەنلەر بىلەن چېتىلغان ئۇنىۋېرسال پەن بولۇپ ئېھتىياجقا دۇچ كېلىدىغىنى ھېسسىيات ھەم ئاڭغا ئىگە ئادەم، لېكىن ئادەم سىياسىي، ئىقتىساد، ئائىلە، جەمئىيەت قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئامىللارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئىستۇدېنتلار ھېسسىياتلىق، تەپەككۇرغا باي مائارىپ ئوبيېكتى بولغاچقا بۇ ئىستۇدېنتلارغا بولغان ئىدىيەۋى - سىياسىي خىزمەتنىڭ مۇرەككەپلىكى ۋە قىيىنلىقىنى بەلگىلىگەن. ئالىي مەكتەپ ئىدىيەۋى - سىياسىي خىزمىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن چوقۇم ئىستۇدېنتلارنىڭ ئاكتىپچانلىقى ۋە ئۆزگىچىلىكىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئىدىيەۋى - سىياسىي خىزمەتنى ئىستۇدېنتلارنىڭ تەلىپىگە ئايلاندۇرۇپ، ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىش، ئەمەلىيەتكە، تۇرمۇشقا، ئوقۇغۇچىلارغا تېخىمۇ يېقىنلىشىپ، ئىدىيەۋى - سىياسىي خىزمەتنىڭ ئۈنۈمىنى، جەلپ قىلىش كۈچى ۋە تەسىر قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

**5. ئىدىيەۋى - سىياسىي خىزمەتنىڭ تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىش**

«سەككىز شەرەپ، سەككىز نومۇس» قارىشىنى ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىدىيەۋى - سىياسىي خىزمىتىنىڭ كاپالىتى قىلىپ، ئىستۇدېنتلارنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى تايانچ كۈچ ۋە ئىزباسار قىلىپ تەربىيەلىشىمىز كېرەك. پارتىيەمىز ئەزەلدىن ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ۋە تەربىيەلىنىشنى مۇھىم بىلىپ كەلگەن. ئىلگىرى كېيىن بولۇپ، «پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشى تىزىسىنى يولغا قويۇش»، «ئالىي مەكتەپ ئىدىيەۋى - سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىش ۋە ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى پىكىر»، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيەسى قاتارلىق ھۆججەتلەر ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىدىيەۋى - سىياسىي خىزمەت قۇرۇلۇشىغا يېتەكچى بولۇپ كەلگەن. «سەككىز شەرەپ، سەككىز نومۇس» قارىشىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى، پارتىيەمىزنىڭ ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىدىيەۋى - سىياسىي خىزمىتىگە تۇتقان پوزىتسىيەسى ھەم يۇقىرىدىكى ھۆججەتلەرنىڭ كونكرېتلىشىشى ھەم چوڭقۇرلىشىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

---

**پايدىلانمىلار**

① شى گولياڭ: «ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىكى ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىدىيەۋى - سىياسىي خىزمىتى توغرىسىدا»، «جۇڭگو مائارىپى» گېزىتى، 2005 - يىلى 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى

② يې كاڭ: «ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىدىيەۋى - سىياسىي خىزمىتىدە ئىناق تۈزۈلمە بەرپا قىلىش»، «نۇر» گېزىتى، 2005 - يىلى 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى

تەھرىرلىگۈچى : مەرۇپجان مەتمىن

# بارچۇق قەدىمىي شەھىرىدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى توغرىسىدا

ئوسمان ئۆمەر ئوغلاقچى

( شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئاخبارات ـ تارقىتىش ئىنستىتۇتى 830046 )

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە بارچۇق (توققۇزساراي) قەدىمىي شەھىرىنىڭ شەكىللىنىشى، بۇ يەردىن قېزىۋېلىنغان تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، قەدىمىي شەھەرنىڭ شەرق بىلەن غەربنىڭ ئىقتىساد، سودا، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغانلىقى قاتارلىق ئەھۋاللىرى تارىخىي پاكىتلار ئارقىلىق بىرقەدەر تەپسىلىي يورۇتۇپ بېرىلگەن.

摘要: 本文阐述了巴楚(九宫)古城的形成、出土的文化遗产以及用史实证明了古城对东西方经济贸易、文化交流的重要作用等问题。

ئەجدادلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى شۇ يەرلىك مىللەت خەلقى تەرەققىياتىنىڭ سىمۋولى، ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولغان زامانلاردىن ئەۋلادلارغا يادنامە بولۇپ قالغان مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىدۇر. بۇ يادىكارلىقلار تارىخنىڭ ئۆزۈنلۈكى بىلەنلا قىممەتلىك بولۇپ قالماي، بەلكى ئۇنىڭ ئىچكى مەزمۇنى ۋە تارىخىي قىممىتى بىلەن تېخىمۇ زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. چۈنكى ئۇلارغا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىختىراسى، ئەقىل ـ پاراستى، مەدەنىيىتى، تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە ئىدېئولوگىيەسى قاتارلىقلار مۇجەسسەملەنگەن.

بارچۇق هازىرقى تۇمشۇق شەھىرى ئەتراپىدا تاغقا يانداپ سېلىنغان بىر قەدىمىي شەھەر خارابىسى بولۇپ، يەرلىك كىشىلەر ئۇنى «توققۇز ساراي» قەدىمىي شەھىرى دەپ ئاتايدۇ. 1986 ـ يىلى 6 ـ ئايدا بىز شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ 1982 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپتىكى قىرىق يەتتە نەپەر ئوقۇغۇچىنى سىنىپ مۇدىرى ئازاد سۇلتاننىڭ يېتەكچىلىكىدە، مارالبېشى ناھىيەسىگە ئىككى ئايلىق پىراكتىكىغا ئېلىپ بارغانىدۇق. بۇ قېتىملىق پىراكتىكىنىڭ مەقسىتى ــ ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، خەلق ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن، يوقىلىپ كېتىش گىرداۋىغا بېرىپ قالغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش ـ رەتلەش بولۇپ، بىز ناھىيەگە بارغان كۈنىنىڭ ئەتىسىلا «مارالبېشى ناھىيەلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىسى» نى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. بۇ كۆرگەزمىدە ساقلانغان مۇتلەق كۆپ قىسىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى مارالبېشى ناھىيەسىنىڭ چارباغ يېزىسى ۋە «توققۇز ساراي» ــ بارچۇق قەدىمىي شەھەر خارابىسىدىن ۋە بىرقانچە «تىم» قەلئە خارابىلىرىدىن قېزىۋېلىنغان بولۇپ، تۈرلىرى خېلىلا كۆپ ئىكەن. چوڭ ـ كىچىك كۆپ (ئىدىش)، ياغاچتىن ياسالغان تۈرلۈك بۇد ۋە بۇد قېلىپلىرى، ھەر خىل كومزەك، «ۋۇجۇ» (五珠) مىس يارمىقى، مىس (بىرونزا ـ تۇچ) تىن ياسالغان ئۈچ پۇتلۇق داڭقان، بامبۇكتىن ياسالغان ئوقيا، تاش ئويما، يەتتە پىلىكلىك چىراغ (بىر جوغىسى سۇنۇپ كەتكەن)، تارشا پۈتۈك خەت، قەدىمىي جەسەتلەر، ساپال چىراغ، بىرونزا ـ تۇچ چىراغ، مىس داچەن پۇل (كەييۈەن تۇڭباۋ يارماقلىرى)، يارغۇنچاق، قوي يۇڭى، ئۆچكە يۇڭىدىن توقۇلغان پالاز، تۈرلۈك كىيىم ـ كېچەكلەر، ئۆرۈك، شاپتۇل ئۇچكىلىرى، ئىسرىقدان، قارىلىق بەلگىسى (خەنزۇچە خەت يېزىلغان)، ئۈزۈك، ئات باشلىق مىس پۇل، يىپ ئىگىرىشتە ئىشلىتىلىدىغان يىك، ياغاچ ئويما ھەيكەل، جوغىلىق كومزەك، ھەربىي ئىشلارغا تەئەللۇق توپ شەكىللىك يۇمىلاق تاش، ئوقيا ئۇچىغا بېكىتىلىدىغان تۆمۈر ئوق بېشى، توغراق ياغىچىدا ياسالغان بوقۇرسا، ئىگەر ـ توقۇم، چۈپۈر ئارغامچا، هارۋا جابدۇقلىرى ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۆز پېتى دېگۈدەك قۇرۇپ قېتىپ قالغان بۇيۇملار (ئۇلارنىڭ ئىچىدە بۇغداي باشاقلىرى، بۇغداي دىنى، بۇغداي ئۇنىدىن ئىشلەنگەن نان ـ تو-

قاچ، چۆچۈرە، تېرىق، قوناق، موندەك، تۈرلۈك مېۋە ـ چېۋە قېقى، مېۋە ـ چېۋە ئۇرۇقچىلىرى، قوغۇن ئۇرۇقى ... ۋە باشقىلار) بار ئىكەن. ھازىر بۇ مۇزېيدا 129 تۈردىكى 403 پارچە ھەر خىل تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ساقلىنىۋېتىپتۇ.

مۇزېيى چۈشەندۈرگۈچىسىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، 1983 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ ئارخېئولوگىيە خادىملىرى «توققۇز ساراي» قەدىمكى شەھىرىدە تەكشۈرۈش ۋە قېزىش ئېلىپ بېرىپ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت يادىكارلىقلاردىن چىگىت، پاختا، كۆك رەڭلىك گۈل بېسىلغان يىپەك رەخت، كۆك ۋە ئاق رەڭلىك گۈل چۈشۈرۈلگەن پاختا توقۇلما بۇيۇم، تاش ۋە ساپالدىن ياسالغان بۇيۇم، كۆسەن كىچىك يارمىقى قاتارلىقلارنى قېزىۋالغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «توققۇز ساراي» قەدىمىي شەھەر خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پۇللىرى، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە ئائىت قوغۇن ئۇرۇقلىرىمۇ ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋېتىپتۇ.

«بارچۇق ـ تۇمشۇق (توققۇز ساراي) ‹يىپەك يولى، نىڭ ئوتتۇرا لىنىيەسى (شەرقتە قىتان (لياۋ) نىڭ پايتەختى شىياڭجىڭغىچە، شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى بيەنجىڭ (كەيفېڭ) غىچە باراتتى، قىتان خانلىقى، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلارنىڭ غەربىدىكى ئىران، ھىندىستان، ئەرەب ۋە شەرقىي رىم بىلەن بولغان ئىقتىسادىي، مەدەنىي ئالاقىلىرىمۇ ناھايىتى قويۇقلاشقانىدى. بۇ مۇھىم ئورۇن بولۇپ، قەدىمدە تارىم ئويمانلىقىدىكى مەدەنىيەت، ئىقتىساد ۋە سودا مۇشۇ يەرگە مەركەزلەشكەن ھەم ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىشكەن. بۇ جاي ئەينى دەۋردە تارىم ۋادىسىدىكى بوستانلىقلار ئىچىدە مۇھىم بىر مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلانغانىدى.»①

بارچۇق ـ تۇمشۇق (توققۇز ساراي) ئەينى دەۋردە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەرنىڭ غەربىي يۇرتتىكى سۇلې (قەشقەر)، ئۇدۇن (خوتەن)، قاتارلىق بەگلىكلەرگە ۋە ئەنەتكەك (ھىندىستان)، پىرسىيە قاتارلىق ئەللەرگە بېرىپ ـــ كېلىشىدە چوقۇم ئۆتىدىغان مۇھىم تۈگۈن، شۇنداقلا قەدىمكى يىپەك يولىدىكى چوڭ ئۆتەڭلەرنىڭ بىرى ئىدى. نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان، تەبىئەتنىڭ ئۇزۇكسىز ئۆزگىرىپ تۇرۇشى ۋە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بۇ يەردىكى نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى يەر ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتكەچكە، 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ جۇڭگو ـ چەت ئەل ئارخېئولوگ، سەيياھلىرى بۇ قەدىمىي شەھەرگە ئۆزلۈمەي كېلىپ تۇرغان ھەم ئارخېئولوگىيەلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ـ قەدىمكى ۋەسىقىلەرنى تاپقان ۋە نۇرغۇن قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرىنى قېزىپ ئېلىپ كەتكەن.

«1929 ـ يىلى ئېلىمىزنىڭ ئارخېئولوگى خۇاڭ ۋېنبى تۇمشۇق دىيارىدىكى ‹توققۇز ساراي› ـ بارچۇق (مارالبېشى) غا كېلىپ، بۇ يەردىكى گۈمبەز ۋە خارابىلىقتىن لايدىن ياسالغان ئالتە دانە بۇت بېشى، بىرنەچچە پارچە گۈللۈك ساپال قېلىپ، بىرقانچە دانە ياغاچ ئەسۋاب، قەدىمكى سانسىكرىت يېزىقىدا يېزىلغان خەت ـ چەكلەر پارچىسى، شوينىغا ئۆتكۈزۈلگەن بىرنەچچە تىزىق مىس يارماق ۋە يارماق قېلىپى قاتارلىقلارنى تاپقان. يەنە بىر پارچە مۇكەممەل ساقلانغان تاڭ سۇلالىسى (618 ـ 907) دەۋرىگە ئائىت بىر توپ شايە (ئۇزۇنلۇقى 11.6 مېتىر، كەڭلىكى 0.58 مېتىر كېلىدۇ)، بىر پارچە رەڭدار دۇردۇن بىلەن تىكىلگەن سادىرا خالتىسى بار بولۇپ، خالتىغا چۈشۈرۈلگەن نەقىش تولىمۇ نەپىس ۋە يارىشىملىق. ئۇ تاڭ دەۋرىدىكى ئىچكى جايلارنىڭ يىپەكلىرى ئارىسىدىكى ئالىي دەرىجىلىك بۇيۇم ھېسابلىنىدۇ.»②

فىرانسىيەلىك پائول پېللىئوت 1906 ـ يىلى بارچۇق ـ تۇمشۇق (توققۇز ساراي) خارابىسى ۋە بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسىنى بايقىغاندىن كېيىن، «قەدىمكى تىل» دا يېزىلغان «كارما ۋاجانا» نومىنىڭ پارچىسىنى قېزىۋالغان، لېكىن ئەينى چاغدا رەتلەپ ئېلان قىلىنمىغان. گېرمانىيەلىك ئالبېرت ۋون لىكوك 1913 ـ يىلى بۇ يەردىن جەمئىي تۆت پارچە قەدىمكى ۋەسىقىنى بايقىغان. شىۋېتسىيەلىك سېۋېن ھېدىن قاتارلىق ئارخېئولوگلار كەينى ـ كەينىدىن بۇ يەردە تەكشۈرۈش ۋە قېزىش ئېلىپ بارغان. ئۇلار قەندىھار سەنئەت ئۇسلۇبىدىكى نۇرغۇنلىغان رەڭلىك ھەيكەل، ياغاچ ئويما بۇد، قارۇشتى يېزىقىدا يېزىلغان نۇرغۇنلىغان ۋەسىقىلەرنى بايقاپ، قېزىۋېلىپ ئېلىپ كەتكەن.

ئەنگلىيەلىك ئاۋرېل ستەيىن 1913 ـ يىلى بارچۇق (توققۇز ساراي) ئەتراپىدىن بىر تۈركۈم ئۇششاق تاش قوراللارنىڭ ئەۋرىشكىسىنى يىغىۋالغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇششاق تاش ئۆزەكلىرىدىن ئىككى دانە، تاش ئوقيا بېشىدىن بىر دانە، ئۈچلۈق قورالدىن بىر دانە، ئۇششاق ياپىلاق تاشتىن سەككىز دانە بار. ستەيىن بۇلارنى كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ بۇيۇملىرى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ. ③

«1959 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتى «توققۇز ساراي» ـ بارچۇق قەدىمىي شەھەر خارابىسىدىن شىنجاڭ بويىچە ئەڭ بۇرۇنقى پۇللاردىن «شەكلى يۇملاق، ئوتتۇرىسى تۆت چاسا تۆشۈكلۈك» «ۋۇجۇ» (五珠) يارمىقى، ئىككى دانە يارماق قېلىپى ۋە شۇ يەردە قۇيۇلغان نۇرغۇنلىغان ۋۇجۇ (五珠) يارمىقى، ساپال يارماق قاتارلىقلارنى قېزىپ چىققان.» ④ «جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە قۇيۇلغان «ۋۇجۇ» (五珠) يارمىقى، «قايچا شەكىللىك ۋۇجۇ» يارمىقى، يەككە قولاقلىق ساپال چۆگۈن، ئادەمنىڭ باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن لاي ھەيكەل، سۆڭەكتىن ياسالغان نەي (骨笛) بولۇپ، ئۇنىڭ شەكلى ھازىر تاجىك مىللىتى چالىدىغان نەيگە ئوخشاپ كېتىدۇ. دەلىللەش ئارقىلىق بۇ نەينىڭ جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە ئائىت بۇيۇم ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى.» ⑤ پۇل مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىشىدىن قارىغاندا، بۇ خىلدىكى «ۋۇجۇ» (五珠) يارماق پەقەت كېيىنكى جىن سۇلالىسى (936 ـ 946) دىن تارتىپ كېيىنكى لياڭ سۇلالىسى (مىلادىيە 907 ـ 923) يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئوبوروت قىلىنغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بۇ تېپىلمىلار ئىچىدە، قەدىمكى يېزىقتا يېزىلغان تارشا پۈتۈكتىن 30 دانىدىن كۆپرەك، يىپەك، يۇڭ توقۇلما بۇيۇم، تېرىق، قوناق، بۇغداي، چىگىت، مېۋە ـ چىۋە ئۇرۇقچىلىرى بار ئىدى.»⑥

«ئازادلىقتىن بۇرۇن، توققۇز ساراي ئەتراپىدىكى ئاھالىلەر بۇ خارابىلىقتىن تاڭ سۇلالىسى يىللىرىدا چىقىرىلغان «كەييۈەن تۇڭباۋ يارمىقى»، «چيەنيۈەن تۇڭباۋ يارمىقى»، «كۇسەن مىس يارمىقى» قاتارلىق نەرسىلەرنى تېپىۋالغاچقا، تاڭۋاڭچېڭ (唐王城 ـ تاڭ خانىنىڭ شەھىرى) دەپ ئاتىۋالغان. ھەم بۇ شەھەرنى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇرۇلغان»⑦ دەپ قارىغان. ئەمەلىيەتتە توققۇز ساراي تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بەرپا بولغان ئەمەس، «شىنجاڭنىڭ 30 يىللىق ئارخېئولوگىيەسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئارخېئولوگىيە ئەترىتى توققۇز ساراي قەدىمىي شەھىرىدىن قەدىمكى دەۋرلەرگە ئائىت تۆت مىڭ پارچىدىن ئارتۇق مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇمى قېزىۋالغانلىقى، بۇلارنىڭ ئىچىدە قەدىمكى سانسكرىت يېزىقى، توخرى يېزىقى، ساك يېزىقى، قەدىمكى ئۇدۇن يېزىقى، سوغدى يېزىقى، قەدىمكى كومزەك، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ۋە ئەرەب ـ پارسچە يېزىقلاردا يېزىپ قالدۇرۇلغان ھۆججەت ـ ۋەسىقىلەر، كۇلۇمسىرەپ تۇرغان بۇد ھەيكىلىنىڭ بارلىقى قەيت قىلىنغان.

فىرانسىيەلىك ئالىم لۇئىس ھامبىسنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، توققۇز سارايدىن تېپىلغان ۋەسىقىلەرنىڭ يىل دەۋرىنى تەخمىنەن IV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا تەۋە دەپ ھۆكۈم چىقىرىشقا بولىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە: «barchuk بارچۇق ـ ئافراسىياپ قۇرغان بىر شەھەر، ئۇ يەردە بۇختۇنەسسار buhtu nassar نىڭ ئوغلى batzan بەتزەن قامالغان.» ⑧ دېگەن مەلۇماتنى يېزىپ قالدۇرغان. بۇ شەھەر قەدىمكى دەۋرلەردە ناھايىتى ئاۋات شەھەر قاتارىدا سانىلاتتى، رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇختۇنەسسار ئىسىملىك كىشىنىڭ ئوغلى بەتزەن ئافراسىياپنىڭ قىزى بىلەن مەخپىي مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ بارچۇق (توققۇز ساراي ـ تۇمشۇق) قەلئەسىگە قاماپ قويۇلغان ئىكەن.

«قاراخانىيلار دەۋرىدە چوڭ شەھەرلەرنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرى راۋاجلاندى، شەرقىي ۋە شەرقىي شىمال تەرەپلىرىدە قەشقەر، بارچۇق، بالاساغۇن، بارىسخان؛ غەربىي ۋە غەربىي جەنۇبىي تەرەپلىرىدە تالاس، ئوترار، مەرغىنان، سەمەرقەنت، تېرمىز ۋە باشقىلار بار ئىدى.» ⑨

مەن شۇ قېتىملىق پىراكتىكىدا ئارقا سەپ خىزمىتىگە مەسئۇل بولغاچقا، ۋاقىت چىقىرىپ قەدىمىي شەھەر خارابىسىنى كۆرۈپ چىقىش ئارزۇيۇم بار ئىدى، شۇ چاغدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىسىنىڭ سابىق باشلىقى تۇرغۇن راخمانغا ئەھۋالنى ئېيتتۇۋىدىم، ئۇ كىشى ئىدارىنىڭ پىكاپى بىلەن مېنى «توققۇز ساراي» قەدىمىي شەھىرىگە ئېلىپ باردى. بۇ خارابىلىق مارالبېشى ناھىيەسىنىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىدىكى تۇمشۇق تاغ ئېتىكىگە جايلاشقان بولۇپ، ھازىرقى مارالبېشى ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن ئاتمىش كىلومېتىر كېلىدىكەن. بىز خارابىلىقنى قوغدىغۇچىنىڭ رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن، خارابىلىق ئۈستىگە چىقتۇق. بۇ جاي ھازىرقى تۇمشۇق شەھەر مەركىزىدىن شىمال تەرەپتىكى سەككىز ـ ئون كىلومېتىرچە كېلىدىغان «تۇمشۇق تېغى» نىڭ شىمالىغا جايلاشقان بىر ـ بىرىگە ئۇدۇل قارىشىپ تۇرغان «كەسكىن تاغ» نىڭ جەنۇبىي تەرەپ باشلىنىش نۇقتىسىنىڭ قىيپاش يان باغرىغا جايلاشقانىكەن.

تۇرغۇن راخماننىڭ تونۇشتۇرۇشى ۋە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن ئىگىلىشىمچە، «بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ ئوردا قىسمى ئۈچ بۆلەككە ئايرىلغان بولۇپ، تاغ قاپتىلىدىن

ئۈستىگىچە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تاشقى ئوردا، ئوردا ۋە ئىچكى ئوردىغا بۆلۈنىدىكەن، تاشقى ئوردا سېپىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1668 مېتىر، ئوردىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1008 مېتىر، ئىچكى ئوردىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 756 مېتىر.» ⑩ ھازىر خارابە قالدۇقلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. شەھەرنىڭ ئوردا ـ سېپىللىرى قىزىل سېغىز توپا بىلەن خاڭداپ قوپۇرۇلغان بولۇپ، جەنۇبىي، شىمالىدا كىرىش ـ چىقىشقا بولىدىغان شەھەر دەرۋازىسى بار. قەدىمكى شەھەرنىڭ كەينىدىكى تىك يار ئاستى ۋە جەنۇبىي تەرەپتىكى پارچە تاغنىڭ تۆۋىدە ئىككى ئورۇندا بۇددا دىنى بۇتخانىسى ـ ساڭرام رايونى بولۇپ، بۇتخانىلار ئىزىنى پەرق ئەتكىلى بولغىدەك دەرىجىدە ئانچە ـ مۇنچە ساقلىنىپ قالغان، ئارخېئولوگلار ۋە يەرلىك ئاھالىلەر بۇ جايدىن كۆپ قېتىم بۇددا دىنى ئاسارە ـ ئەتىقىلىرىنى، قەدىمكى دەۋردىكى خەت ـ چەكلەرنى، تۇرلۇك شەكىلدىكى ھەيكەللەرنى، تۇرلۇك ياغاچ، تۆمۈر ئەسۋابلارنى، زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىنى، تاش ئويما، ياغاچ ئويما نەقىشلەرنى، تۇرلۇك دېھقانچىلىق زىرائەت ئۇرۇقلىرىنى قېزىۋالغان.

«توقتوز ساراي» قەدىمىي شەھىرى يەر شەكلى جەھەتتە مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئورۇندا بولغاچقا، بۇ يەردە ئۇرۇش ئوتلىرى ئۈزۈلمەي يالقۇنجاپ تۇرغان. ئۇرۇشتا خېلى نۇرغۇن ئادەم ۋە ئات ـ ئۇلاغلار ئۆلگەن ۋە زىيان زەخمەتكە ئۇچرىغان. بۇ جاي ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن 1957 ـ يىلى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى» دەپ بېكىتىلگەن. ئەمما ئون يىللىق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە بۇ جاي قاراقسىز قېلىپ، قەدىمىي شەھەرگە يېقىن بولغان گەمىلىك، ئاقتام، تۇمشۇق، مازار غوجا، يېڭى مەھەللە، چاپان كۆيدى، تەڭ توغراق، چىغانچۆل، پىچاق سۇندى، چاھارباغ، ئامانتوغراق، ئوغلاقچى، سېرىغۇنۇش قاتارلىق جايلاردىكى دېھقانلار توقتوز سارايىنىڭ توپىسىنى ئات، كالا، ئېشەك هارۋىلىرىدا ئېلىپ كېتىپ ئېتىزلىرىغا ئوغۇت ئورنىدا ئىشلەتكەن. بۇ يەردىكى توپا خۇددى بوياپ قويغاندەك قىزىل رەڭدە، ياغلىشاڭغۇ بولۇپ، توپا ئارىسىدىن ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ئۇستىخانلىرى، رەڭلىك ساپال قاچا ـ قۇچا، كوزا، ئىدىش، ئىۋرىق پارچىلىرى، تۆمۈر داشقاللىرى، چالا كۆيگەن ئوتۇن، كۈل ـ قوقاسلار ئۇچراپ تۇرىدۇ. يەرلىك كىشىلەر بۇ توپىنى «ھاسار» دەپ ئاتايدۇ. (ھاسار ـ ئىسىم، ئەرەبچە، تارىخىي سۆز بولۇپ، سېپىل «城墙» شەھەر، قەلئە دېگەن مەنىدە.) ⑪ بۇ خىل توپىنى ئوغۇت قىلىپ ئىشلەتكەندە زىرائەتلەر ئىنتايىن ياخشى ئۆسكەن.

دېمەك، «توقتوز ساراي» قەدىمىي شەھىرى ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇرغان ئۇرۇشلار ۋە دىنىي قاراشلار سەۋەبىدىن ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. ئىسلام دىنىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەلىپى ئاستىدا، ئىسلام دىنىغا يات بولغان مەدەنىيەتنىڭ چەتكە قېقىلىشى ۋە ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى تەبىئىي ئىدى، شۇڭا ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقى ۋە دىنىي بىر تەرەپلىمىلىك ئارقىسىدا، نەچچە مىڭ يىللىق قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئېچىنىشلىق ھالدا خاراب قىلىنغان.

---

## ئىزاھلار:

① مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 2008 ـ يىلى 10 ـ ئاي نەشرى، 3 ـ بەت

② لى كەي: «مارالبېشى ناھىيەسىنىڭ يەر ـ جايناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 1989 ـ يىل 8 ـ ئاي نەشرى، 476 ـ بەت

③ ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل: «شىنجاڭ رايونىدىكى ئۇششاق تاش قورال خارابىلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1995 ـ يىل 3 ـ سان، 58 ـ بەت

④ «شىنجاڭ گېزىتى» 1960 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى خەنزۇچە سانىدىن

⑤ «مارالبېشى تەزكىرىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 54 ـ بەت

⑥ «شىنجاڭ گېزىتى»، 1960 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى خەنزۇچە سانىدىن

⑦ «قەشقەردە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلگەن 30 يىل»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 145 ـ بەت

⑧ مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم 608 ـ بەت، 2008 ـ يىلى 10 ـ ئاي نەشرى

⑨ مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 2008 ـ يىلى 10 ـ ئاي نەشرى، 3 ـ بەت

⑩ «مارالبېشى ناھىيەسىنىڭ يەر ـ جاي ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 1989 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، ئىچكى ماتېرىيال 293 ـ بەت

⑪ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 1116 ـ بەت

**تەھرىرلىگۈچى: ئوسمانجان مۇھەممەت**

# ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى كالېندارچىلىق

يۈسۈپجان ياسىن

( ئۈرۈمچى شەھەرلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 830049 )

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدا «ئون ئىككى هايۋان يىلى كالېندارى» نىڭ تارىخى، تارقالغان رايونلىرى، ئۇنىڭدا ئەكس ئەتكەن مەدەنىيەت ئامىللىرى ۋە بۇ كالېندارنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە ئائىت تولۇق شەكىللىرى كۆپ خىل مەنبەلەرگە تايانغان هالدا ئەتراپلىق، ئىلمىي ۋە چۈشىنىشلىك بايان قىلىنغان بولۇپ، شۇ ساھەدىكى بوشلۇقنى تولدۇرغان.

**摘要**：本文比较全面的论述了《十二畜年历》历史、传播地区及其反映的文化因素，弥补了这方面的一些空白。文章重点论述了高昌回鹘可汗时代的《十二畜年历》的使用。

ئۇيغۇرلارغا ئائىت بارلىق ۋەسىقىلەردىن مەلۇم بولغىنىدەك، مەيلى بوزقىر هاياتى مۇھىم ئورۇندا تۇرغان ئاتلىق كۆچمەنلىك تۇرمۇشى دەۋرىدە بولسۇن ياكى شەھەر هاياتىغا ۋە تېرىم مەدەنىيىتىگە كۆچكەن دەۋردە بولسۇن، ئۇيغۇر تارىخىنىڭ يىلنامىسى، هۆكۈمدارلارغا ئائىت مۇھىم ۋەقەلەر، هەر خىل يازما ۋەسىقىلەرنىڭ يېزىلغان ياكى كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى «ئون ئىككى هايۋان يىلى كالېندارى» غا باغلاپ چۈشەندۈرۈلدى. ئۇيغۇر تارىخىدا باشقا مەدەنىيەت مۇھىتىدىن قوبۇل قىلغان كالېندارلار تەدبىقلىنىشقا باشلانغان دەۋرلەردىمۇ ئۇيغۇرلار «ئون ئىككى هايۋان يىلى كالېندارى» دىن ۋاز كەچمىدى. ئۇنى باشقا مەدەنىيەتتىن قوبۇل قىلغان كالېندارلار بىلەن بىرلىكتە قوللىنىش ئارقىلىق ئۇنىڭ نوپۇزىنى ئىزچىل قوغدىدى. بۇ بىر مەدەنىيەت ئەنئەنىسى سۈپىتىدە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ئۇيغۇر كالېندارچىلىق تارىخىدا ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرى ئالاھىدە بىر ساھە تەشكىل قىلىدۇ. تۇرپاندىن تېپىلغان هەر خىل ۋەسىقىلەردىن قارىغاندا، بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلار «ئون ئىككى هايۋان يىلى كالېندارى» نى ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇش بىلەن بىرلىكتە يەنە باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت مۇھىتىدىن ئالغان هەر خىل كالېندارلارنىمۇ بۇ كالېندار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قوللىنىش ئارقىلىق ئۇيغۇر كالېندارچىلىقىدا يېڭى بىر سىستېما شەكىللەندۈرگەنىدى.

«ئون ئىككى هايۋان يىلى كالېندارى» تارىختا ناهايىتى كەڭ رايونلارغا تارقالغان. بۇ كالېندارنىڭ ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدىكى تارقىلىشى ھەققىدە ئوسمان تۇران مۇنداق دەيدۇ: «13 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ كەڭ رايونلارغا يېيىلغانلىقىنى كۆرىمىز. چاۋانېسنىڭ دېگىنىدەك، كالېندارنىڭ ئەڭ كەڭ تارقالغان ۋاقتى 8 ـ، 13 ـ ئەسىرلەر بولدى. موڭغۇللار چىڭگىزخاننىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىن ئېتىبارەن ئۆزلىرىگە ئەڭ يېقىن تۇرغان ئۇيغۇر كۇلتۇرىدىن كەڭ دائىرىدە پايدىلىنىشقا باشلىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ كالېندار سىستېمىسىنىمۇ ئەينەن قوبۇل قىلغان. موڭغۇل تىلىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئابىدىسى بولغان ‹مەخپىي تارىخ› (يۈەن سۇلالىسى تارىخى) تىن باشلاپ موڭغۇللار ئون ئىككى هايۋانلىق دەۋرنى قوللانغان. ئۇلار مىلادى 1210 ـ يىلى ئۇيغۇر كالېندار سىستېمىسىغا ئىشتىراك قىلغاندىن كېيىن، مىلادى 1267 ـ يىلىدىكى ئىسلاھات بىلەن خەنزۇ كالېندار سىستېمىسىدىنمۇ پايدىلانغان. ئىسلام مەنبەلىرىنىڭ ‹خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر كالېندارى› نامى ئاستىدا بەرگەن ئارىلاشما مەلۇماتىنىڭ مەنبەسى بۇ دەۋردە قوشۇلغان تەركىبتىن كەلگەن بولسا كېرەك.» موڭغۇللار ئۇيغۇر دىۋان ئەنئەنىسىنى، يېزىقىنى قوبۇل قىلغان ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ هۆكۈمەت ئورگانلىرىدا قوللىنىش شەكلى بىلەن «ئون ئىككى هايۋان يىلى كالېندارى» نىمۇ ئەينەن ئالغان. ئاسىيا ۋە شەرقىي ياۋروپادا قۇرۇلغان موڭغۇل هاكىمىيەتلىرىدە ۋە كېيىن بۇلارنىڭ ئورنىنى ئالغان تۈرك ۋە ئىران خانلىقلىرىدا (يۈەن سۇلالىسى، چاغاتايلار، تىمۇرىيلار، ئىلخانىيلار، سەفاۋىيلار) دىۋان ئىشلىرىدا، يارلىق مەكتۇپلارنى پۈتكەندە، ۋەقەلەرنى خاتىرىلىگەندە، تارىخىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى كۆچۈرگەندە يىللارنى ئىپادە قىلىشى ئۈچۈن «ئون ئىككى هايۋان يىلى كالېندارى» نى قوللانغان. بولۇپمۇ يۈەن سۇلالىسىدىن باشقا خانلىقلاردا بۇ كالېندار هىجرىيە كالېندارى بىلەن بىرلىكتە ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن، تىمۇرىيلار دەۋرىدە

ئۇيغۇر باخشىلىرى كۆچۈرگەن «بەختىيارنامە» دە «838 ـ يىلى، توشقان يىلىدا»، «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا» دا «840 ـ يىلى، ئات يىلىدا» دېگەن شەكىلدىكى ئىبارە ئۇچرايدۇ. ئىراندا كۆچۈرۈلگەن «جامىئۇت تەۋارىخ»، «رەۋزەتۇس سەفا» دىمۇ ئېينى ئەھۋال كۆرۈلگەن. 17 ـ ئەسىردە خىۋە خانى ئەبۇلغازى باھادىر خان يازغان «شەجەرى تۈرك» تىمۇ ۋەقەلەر مۇشۇ كالېندار بويىچە خاتىرىلەنگەن. ئوسمانلى سۇلتانلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خانلىقلارغا ئەۋەتكەن مەكتۇپلىرىدىمۇ يىلنى بۇ كالېندار بىلەن ئىپادە قىلغانلىقى مەلۇم. ئوسمانلى تارىخچىلىرى ئارىسىدا ھەر خىل تارىخىي دەۋرلەردىن سۆز ئاچقاندا، مەۋھۇم بىر شەكىلدە «تارىخى تۈرك» دېگەن نام بىلەن بۇ كالېندارنى تىلغا ئالغانلار بار ئىدى. تىبەتلەر مىلادى 11 ـ ئەسىردىن باشلاپ بۇ كالېندارنى تونۇغان. سۇڭ سۇلالىسىنىڭ خانى يەنزۇڭ مىلادى 1038 ـ يىلى تىبەتكە بىر ئەلچى ئەۋەتكەندە تىبەتنىڭ خانى كوسىلۇ ۋەقەلەرنى «ئون ئىككى ھايۋان يىلى كالېندارى» بويىچە خاتىرىلەش شەكلى بىلەن چۈشەندۈرگەن. بۇ كالېندارنىڭ ھىندىچىنى ـ كامبودژا ۋە سىيامدا كۆرۈلۈشى موڭغۇللار دەۋرىگە ئائىتتۇر. ھىندىستاندا تارقالغانلىقى ئىسپاتلانغان بولسىمۇ، قايسى دەۋردىن ئېتىبارەن كۆرۈلۈشكە باشلىغانلىقى ھەققىدە مۇنازىرىلەر بار. قىزىل ئالفابەسىدە يېزىلغان دوناي بۇلغارلىرىنىڭ شەجەرىسى كۆرسىتىلگەن پۈتۈكتە خانلارنىڭ سەلتەنەت سۈرگەن يىللىرىنىڭ «ئون ئىككى ھايۋان يىلى كالېندارى» بويىچە ھېسابلىنىشى بۇ كالېندارنىڭ غەربتە شەرقىي ياۋروپادىكى دوناي دەرياسى بويلىرىغا قەدەر تارقالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇنىڭ شەرقتىكى تارقىلىش دائىرىسى مېكسىكىغا قەدەر يەتكەنىدى.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بىلدۈرۈشىچە، تۈركىي قەۋملەر «ئون ئىككى ھايۋان يىلى كالېندارى» دىكى ھەربىر يىلنىڭ بىر خىل خاسىيىتى بار، ھەربىر يىلدا ئوخشىمىغان ئىشلار يۈز بېرىدۇ دەپ قارىغان. مەسىلەن، ئۇي ـ كالا يىلىدا ئۇرۇش كۆپ بولىدۇ، چۈنكى ئۇي بىر ـ بىرى بىلەن كۆپ ئۇرۇشىدىغان ھايۋان دەپ قارالغان بولسا، بۇ كالېندارنى قوبۇل قىلغان ھىندىچىنلىقلاردا كالا يىلىدا تۇغۇلغان ئوغۇل ـ قىزلار ھەرگىزمۇ بىر ـ بىرى بىلەن توي قىلالمايدۇ دەپ قارالغان. مۇشۇ خىل چۈشەنچە بويىچە يىللارنىڭ قانداق ئۆتىدىغانلىقى، مولچىلىق، قەھەتچىلىك، ئۇرۇش، قۇرغاقچىلىق، ھۆل ـ يېغىن قاتارلىقلارنىڭ بولۇش ياكى بولماسلىقى يىللارغا سىمۋول بولغان ھايۋانغا قاراپ بەلگىلىنەتتى.

ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدە كالېندارچىلىققا ئائىت مەلۇماتلار ئومۇمەن تۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىقىلەردە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ۋاڭ يەندىنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدىمۇ ئايرىم مەلۇماتلار بار. بولۇپمۇ تۇرپاندىن تېپىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەر، توختاملار، قول يازمىلار، قانۇنىي ۋەسىقىلەر بۇ دەۋردە «ئون ئىككى ھايۋان يىلى كالېندارى» ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرغان كالېندار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ۋەسىقىلەردە ئالدى بىلەن «ئون ئىككى ھايۋان يىلى كالېندارى» بويىچە يىل، ئاي، كۈن تىلغا ئېلىنىپ، ئاندىن كېيىن دېيىلمەكچى بولغان مەقسەت تىلغا ئېلىنىدۇ. مەسىلەن، توختام ۋەسىقىلىرىنىڭ «كالا يىلى ئىككىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى»، «توخۇ يىلى ئۈچىنچى ئاينىڭ بەشىنچى كۈنى» دېگەن شەكىلدە باشلانغانلىقىنى كۆرىمىز. «ئون ئىككى ھايۋان يىلى كالېندارى» نىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىدا تەدبىقلانغان شەكىللىرى ئىچىدە يەنە بۇددا، مانى ۋە خىرىستىيان دىنلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن ھىندى، ئىران ۋە يۇنان كالېندارچىلىقىنىڭ بەلگىلىرىمۇ، قوشنا بولۇپ ياشاش ۋە ھەر خىل ئالاقىلارنى كۈچەيتىش نەتىجىسىدە خەنزۇ ۋە مانجۇ كالېندارچىلىقىدىن ئۆتكەن تەركىبلەرمۇ كۆرۈلگەن. كالېندارغا ئالاقىدار ۋەسىقىلەردە ئۇيغۇر بۇددىزمى (راھۇ ۋە كەتۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان توققۇز سەييارىلىك ئاسترولوگىيەلىك سىستېمىغا تايانغان) ۋە ئۇيغۇر مانىخېزمىدىكى ئىسىملىرى، ئۇلارنىڭ سانسكرىتچىدىكى تەڭداش ناملىرىنىڭ خۇسۇسىيىتىگە قاراپ يىللارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى، ھالەتلىرى ۋە سەييارىلىرىمۇ بىرلىكتە بېرىلگەن. كالېندار قوللىنىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بۇ ۋەسىقىلەردە ئورۇن ئالغانلىقى ئالاھىدە دىققەتنى تارتىدۇ. تۇرپاندىن تېپىلغان ھەر خىل ۋەسىقىلەرنىڭ تىلى، ئىلمىي ۋە ئەدەبىي قىممىتى ھەققىدە ناھايىتى ئەھمىيەتلىك تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان رەشىد رەھمەتى ئارات ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ كالېندارچىلىقى ھەققىدىمۇ ناھايىتى قىممەتلىك تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ كۆرسىتىشىچە، تاكى 17 ـ ئەسىرلەرگە قەدەر ۋەقەلەرنى خاتىرىلىگەندە «ئون ئىككى ھايۋان يىلى كالېندارى» نى مۇھاپىزەت قىلغان ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى يەنە دىنىي تەسىر ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى نەتىجىسىدە غەربتىن ۋە شەرقتىن كەلگەن سەككىز خىل كالېندارنى «ئون ئىككى ھايۋان يىلى كالېندارى» غا ماسلاشتۇرۇپ قوللانغان. لېكىن، رەشىد رەھمەتى ئارات بۇ مەلۇماتلارنى ئۆزى ئۇچراتقان ھۆججەت ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لەردە كۆرۈلگەن قىسمەن مەنبەلەر ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ كالېندارچىلىقىغا ئائىت تولۇق مەلۇمات دەپ قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن بۇ يەردە پەقەت قولۇمغا چۈشكەن تۈركچە مەتىنلەردە ئۇچراتقان تارىخنى پۈتۈش ئۈچۈن قوللىنىلغان فورمۇلالارنىڭ بىر قىسمىنى بىر يەرگە توپلىماقچى بولدۇم. لېكىن، بۇ تەجرىبە ئارقىلىق تۈرك مەدەنىيىتى دائىرىسىنىڭ بۇ مەسىلە بىلەن ئالاقىدار بولغان ناھايىتى مول ماتېرىياللىرىنىڭ توپلانغانلىقىنى پەرەز قىلماسلىق كېرەك.» ① رەشىد رەھمەتى ئاراتنىڭ بۇ تەتقىقاتىدىن بىلىشىمىزچە، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىي مۇھىتىدا تۆۋەندىكىدەك كالېندارلار ئىشلىتىلگەن.

مانىزم (مانى دىنى) قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن ئۇيغۇرلاردا مانىنىڭ ئۆلگەن يىلىنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلغان «ئون ئىككى ھايۋان يىلى كالېندارى» بويىچە ۋاقىت بەلگىلەش ئۇسۇلى مەيدانغا كەلگەن. مەسىلەن، بىر ۋەسىقىدە «تەڭرى مانى بۇرقان تەڭرى يېرىنگەرۈ باردۇقىنتا كىن بىش يۈز ئارتۇقى ئەكىئى ئوتوزۇنچ يېلىغا» (تەڭرى مانى بۇرقان تەڭرى يېرىگە كەتكىنىنىڭ بەش يۈز يىگىرمە ئىككىنچى يىلى توڭگۇز يىلىدا) دېيىلىدۇ. بۇنى ھېسابلاپ كۆرسەك، مىلادى 798 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ. ئەمما بۇ توڭگۇز يىلى ئەمەس. مىلادى 795 ـ ۋە 807 ـ يىللىرى توڭگۇز يىلى ئىدى. بۇ خىل ماس كەلمەسلىك ئەھۋالى مانىنىڭ ياشىغان ۋاقتىنىڭ پەرقلىق شەكىلدە قوبۇل قىلىنغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ②

ئۇيغۇرلاردىكى مانى مۇخلىسلىرىنىڭ يەنە «ئون ئىككى ھايۋان يىلى كالېندارى» نى «يەزدى گىرد كالېندارى» بىلەن قوشۇپ ئىشلەتكەنلىكىمۇ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، «ئۇچىنچى ئۇئوت قۇتلۇق بۇئۇ كۈسكۈ يېلىقى يىزتىگىرىد ئەلىگ سانى ئۈچ يۈز تاكى سەكىز ئالتمىش» (ئۈچىنچى ئېلېمېنت ئوتقا ئائىت بولغان بۇ ساچقان يىلىنىڭ ھۆكۈمدار يەزدى گىرىد كالېندارى ئۈچ يۈز ئەللىك سەككىزدۇر) دېگەن ۋەسىقىدىكى يىل مىلادى 990 ـ يىلىنى كۆرسىتىدۇ. ③

قەدىمكى ھۆججەتلەرنىڭ يەنە بىرىدە بولسا كۆل بىلگە تەڭرى خان (بۇ كىشىنى بۆگۈخان دېگۈچىلەرمۇ بار) نىڭ تەختكە چىققان ۋاقتىنى تارىخنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى قىلغان «ئون ئىككى ھايۋان يىلى كالېندارى» مۇ بولغانىدى. ۋەسىقىلەرنىڭ بىرىدە «قۇتلۇغكى ئوت قۇتلۇغ قوين يېل ئىكىنتى ئاي، ئۈچ ياڭىغا، كۈن ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش، ئۇلۇغ قۇت ئورنانمىش، ئالپىن ئەردەمىن ئىل تۇتمىش، ئالپ ئارسلان قۇتلۇغ كۆل بىلگە قان (ىمىز) ...» قان ئۇلۇرمىش، ئۆڭتۈن ساچىئۇ، كىدىن نۇچ بارسخانكا تېگى ئىلىنۇ ئەركىسىنۇ يرلېقايۇر ئوغۇردا...» (قۇتلۇق كېلىك (شىپقانلىق). ئوت قۇتلۇق (ئېلېمېنتلىق) قوي يىلى ئىككىنچى ئاي ئۈچ يېڭىغا، كۈن ۋە ئاي تەڭرىسىدىن قۇت (سائادەت) تاپقان، ئۇلۇغ قۇت (بەخت) ئۈستىگە ئولتۇرغان، كۈچ ۋە پەزىلەت ئىل تۇتقان ئالپ ئارسلان قۇتلۇق بىلگە تەڭرى خانىمىز... تەختتە ئولتۇرغاندا ئالدى تەرەپتە (شەرقتە) ساچىئۇ (خەنزۇچە شاجۇ) ۋە ئارقا تەرەپتە (غەربتە) نۇچ بارسخانغا قەدەر ئىدارە قىلىپ ھۆكۈم سۈرگەن چاغدا...) دەپ يېزىلغان. ئارات بۇ كالېنداردا تىلغا ئېلىنغان ۋاقىتنىڭ 767 ـ يىلىغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. لېكىن، بۇنىڭدىمۇ قىسمەن يىل پەرقى كۆرۈلگەن. ④

تارىختا «رۇمى كالېندارى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان «سەلەفكۇس كالېندارى» مۇ «ئون ئىككى ھايۋان يىلى كالېندارى» غا ماسلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلگەن. بۇ كالېندار بويىچە تارىخ پۈتۈش ئۇسۇلىدا «ئون ئىككى ھايۋان يىلى كالېندارى» ياكى تۈركچە ياكى سۈرىيەچە ياكى بولمىسا تۈركچە ـ سۈرىيەچە ئارىلاش ھالدا يېزىلغان. ئۇيغۇرلار بۇ كالېندارنى كۆپىنچە «ئالېكساندىروس خان كالېندارى» دەپ ئاتىغان. مەسىلەن، بىر ۋەسىقىدىكى «ئالېكساندىروس خان ساغىشىنىڭ مىڭ ئالتە يۈز قىرىق سەككىز ئەردى تۈركچە يىل ئۇد» (ئالېكساندىروس خان يىلى مىڭ ئالتە يۈز قىرىق سەككىز ئىدى. تۈركچە كالا يىلى) دېگىنى مىلادى 1337 ـ يىلىنى كۆرسىتىدۇ. ⑤

ئۇيغۇرلار 60 يىللىق بىر دەۋرنى ئىپادە قىلىدىغان بىر كالېندارنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. ل. لىگەتىنىڭ قارىشىچە، ئۇيغۇرلار «ئون ئىككى ھايۋان يىلى كالېندارى» نىڭ دەۋرنى ئىپادە قىلىش كۈچىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش ئۈچۈن ياغاچ، سۇ، ئوت، تۇپراق، تۆمۈردىن ئىبارەت بەش خىل ئېلېمېنتنى ئەركەك ۋە چىشى دەپ ئايرىپ، ئون خىل ئېلېمېنت قىلىپ، ئۇنى «ئون ئىككى ھايۋان يىلى كالېندارى» دىكى ھەربىر يىلغا قوشۇش ئارقىلىق 60 يىللىق بىر دەۋرنى ئىپادە قىلىدىغان بىر كالېندارنى ياراتقان. يەنە بۇ ئالىمنىڭ قارىشىچە، بۇ ئۇسۇل سەييارىلەردىن مۇشتەرى يۇلتۇزىنىڭ ئون ئىككى يىللىق بىر دەۋرنى كۆرسىتىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ كالېندار تۇنجى قېتىم مىلادى 1027 ـ يىلى قوللىنىلىشقا باشلىغان. ⑥ رەشىد

رەھمەتى ئاراتنىڭ قارىشىچە، ئۇيغۇرلاردىكى بۇ كالېندار خەنزۇ كالېندارچىلىقىغا ئائىت بولغان «ئون كۈنلۈك كالېندار» دىكى قىسىملارنىڭ بىرىنى (شىپقان) «ئون ئىككى هايۋان يىلى كالېندارى» غا قوشۇش ئۇسۇلى بىلەن يارىتىلغان. بىر ھۆججەتتە مۇنداق يېزىلغان: «ئادرۇق شىم شىپقانلىغ بارس يېل يىتىنچ ئايتا» (تاللانغان ژەن شىپقانلىق يولۋاس يىلى يەتتىنچى ئايدا).

بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلار ئۈچ 60 يىللىق دەۋرنى بىرلەشتۈرۈش يولى بىلەن 180 يىللىق دەۋرنى كۆرسىتىدىغان يەنە بىر كالېندارنىمۇ ئوتتۇرىغا چىقارغان. بۇلارنىڭ ھەر بىرى «باش»، «ئوتتۇرا» ۋە «ئاخىرى» دېگەن ناملار بىلەن تېخىمۇ ئېنىق بىر شەكىلدە كۆرسىتىلگەن. ھۆججەتتە «ئالقاتمىز ئايغا، كۆسەنچىگ كۈنگە، ئۆدرۈلمۈش ئەدگۈ ئۆدگە، قۇتلۇغ قولۇغا، ئانگاراك گىرخ ئىلەنۇر بىشىنچ ئوردۇلۇغ ئورتۇن باشلىغ، سۇ قۇتلۇق زىم ئىت يېل، ئۈچۈنچ ئاي، بىش يگىرمىگە، قاپ سۇ قۇتلۇق بىچىن كۈنگە، بىرخسىۋادى گىرخ - كە، ئانۇرات يۇلتۇزغا» (ئۇلۇغلانغان ئايغا، ئارزۇ قىلىنغان كۈنگە، تاللانغان ياخشى سائەتكە، قۇتلۇق ئانا مەرىخ (ئانگارىكا، ‹مارس›)، سەييارىنى باشقۇرىدىغان بەشىنچى سارايدىكى ئوتتۇرا باشلانغۇچ، سۇ ئۇنسۇرلۇق (ئېلېمېنتلىق) ژەن - ئىت يىلى ئۈچىنچى ئاينىڭ ئون بەشىگە، قاچا سۇ ئۇنسۇرلۇق مايمۇن كۈنىگە، مۇشتېرى (بىركاسپانى، ‹يۇپىتىر›) سەييارىسىگە، ئانۇرات (ئانۇرادا) يۇلتۇزغا) دېيىلگەن. بۇنىڭ 1022 - يىلى 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئىكەنلىكى بىلدۈرۈلمەكتە.

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەرنىڭ ھۆكۈمدار يىلنامىسىمۇ كالېندار سۈپىتىدە قوللىنىلغان. بۇنىڭغا تاڭ سۇلالىسىنىڭ «كەييۈەن يىلنامىسى» بىلەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ «كاڭشى يىلنامىسى» بويىچە خاتىرىلەنگەن ھۆججەتلەرنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. قوچۇغا ئەلچىلىككە كەلگەن سۇڭ سۇلالىسى ئەلچىسى ۋاڭ يەندې ئۇيغۇرلار ئىچىدە قوللىنىۋاتقان بىر كالېندار ھەققىدە سۆز ئاچقاندا، «كەييۈەن دەۋرىنىڭ 7 - يىلىغا ئائىت كالېندارنى قوللىنىدىكەن» دەپ يازغان. ۋاڭ يەندى مىلادى 981 - يىلى قوچۇغا ئەلچىلىككە بارغان بولۇپ، بۇ ۋاقىت بىلەن يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن تاڭ سۇلالىسى كەييۈەننىڭ 7 - يىلى (مىلادى 719 - يىلى) نىڭ ئارىلىقىدا 200 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت بار. ئۇنداقتا، قوچۇ ئۇيغۇرلىرى قانداقسىگە «كەييۈەننىڭ 7 - يىلىدىن باشلانغان كالېندار»نى قوللىنىدۇ؟ فىرانسىيەلىك چاۋانىپىسنىڭ دەلىللىشىگە ئاساسلانغاندا، كەييۈەننىڭ 7 - يىلى مانى دىنى راھىبلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرىپ دىن تارقاتقان يىلى بولۇپ، مانى دىنى راھىبلىرى تەقۋىم ھېسابىغا ئۇستا ئىدى. دىن تارقىتىش جەريانىدا ئۇلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك كالېندارچىلىقىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، يېڭىچە كالېندارنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، كەييۈەننىڭ 7 - يىلىنى يىل بېشى قىلغان. بۇ خىل كالېندار كېيىن قوچۇ ئۇيغۇرلىرىغا تارقالغان. شۇ سەۋەبتىن ۋاڭ يەندې تىلغا ئالغان كالېندار دەل كەييۈەننىڭ 7 - يىلىنى يىل بېشى قىلغان كالېندار ئىدى. بۇ كالېندار مانى دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ قوللىنىلغان دائىرىسىمۇ پەقەت مانى دىنى مۇرىتلىرى بىلەن چەكلەنگەن بولسا كېرەك.

17 - ئەسىردە تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا كاڭشى يىلنامىسىنىڭ كالېندار سۈپىتىدە قوللىنىلغانلىقىغا دائىر بەزى ھۆججەتلەر بار. مەسىلەن، «تاي چىڭ كۇئو كاڭسى، يىگىرمە ئالتىنچى، ئوتچۇقتاكى ئوئوت قۇتلۇق تاۋشقان يىل ... ئونۇنچ ئاي، يىگىرمە تۆرتى، قۇتلۇق كۈن ئۆزە» (تايچىڭ گۇئو (بۈيۈك چىڭ خانلىقى) كاڭشى سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 26 - يىلى ئوچاقتىكى ئوت ئۇنسۇرلۇق توشقان يىلى، ... ئونىنچى ئاينىڭ 24 - كۈنى، قۇتلۇق كۈن بىلەن) دەپ يېزىلغان. بۇ ھۆججەتتىكى ۋاقىتنىڭ 1687 - يىلى 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنىنى كۆرسىتىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنماقتا. 17 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تۇرپان تەرەپلەردە كاڭشى يىلنامىسىنىڭ كالېندار سۈپىتىدە قوللىنىلىشىنى شۇ ئورۇندىكى ۋالىيلارنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىش ۋە بۇ ئارقىلىق جوڭغارلارنىڭ تاجاۋۇزىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تەدبىقلىغان بىر خىل مەدەنىيەت سىياسىتىنىڭ نەتىجىسى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىمىزكى، بىزگە مەلۇم بولغان بۇ ھۆججەتلەردىن ۋە باشقا ھەر تۈرلۈك ۋەسىقىلەردىن قارىغاندا، «ئون ئىككى هايۋان يىلى كالېندار» ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي قەۋملەردە ئەڭ كەڭ مەنىدە قوللىنىلغان ۋە ئۇلارنىڭ كالېندارچىلىقىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغان. خەنزۇلاردا بولسا تارماق ياكى قوشۇمچە بۇ كالېندار سۈپىتىدە تەدبىقلانغان، ئۇلار تەرىپىدىن ياخشى تەمسىل قىلىنمىغان. مانا بۇ نۇقتىمۇ «ئون ئىككى هايۋان يىلى كالېندارى» نىڭ مەنبەسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا مۇھىم بىر نۇقتىدۇر.

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىدا يەنە ئوتتۇرا ھىندىستاندا قوللىنىلغان ساپ ھىندى ئايلىق كالېندار ۋە خەنزۇلارنىڭ ئون

كۈنلۈك كالېندارنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكى بىلدۈرۈلمەكتە. بىزگە تۈركىي قەۋملەرنىڭ ھەپتە ناملىرى پەقەت ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە مەلۇم بولۇشقا باشلىغان. ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى باشقا تۈركىي قەۋملەرگە ئوخشاش بىر ھەپتىنى يەتتە كۈنگە بۆلۈپ، ئۇلارنى باش كۈن (دۈشەنبە)، بوش كۈن (سەيشەنبە)، سوڭ كۈن (چارشەنبە)، كىچاتناكۈن (پەيشەنبە)، ئاتناكۈن (ئازنا ـ جۈمە)، ئاتنارا كۈن (شەنبە)، پازار كۈن (يەكشەنبە) دەپ ئاتايدىغان ۋە سوغدىچە مىر، ماچ، ۋاچان، تىر، ئورمۇزە، ناچىت، كەۋەن دەپ ئاتايدىغان ئادەتلەرمۇ بولغان. بۇ دەۋردە يېزىلغان ئايرىم ھۆججەتلەردە يەنە ھەپتە (يەتتە كۈن) نى شاماش، سىن، نېرگال، نېبو، مەردۇك، ئىشتا، نىنىپ دەپ ئاتايدىغان ئادەتلەرنىڭ بولغانلىقىمۇ مەلۇم. يەنە بەزى ماتېرىياللاردا ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى خەنزۇ كالېندارىدىكى يېشىل، يېشىلراق، قىزىل، قىزغۇچ، سېرىق، ساغۇچ، ئاق، ئاقۇش، قارا، قارامتۇل قاتارلىق ئون خىل رەڭنى ئىپادىلەشتىن كېلىپ چىققان ئون كۈنلۈك كالېندارنىمۇ ئىشلەتكەن بولۇپ، ئۇلارنى ئۆز تىلىغا بويسۇندۇرۇپ، قاپ، ئىر، پى، تى، بو، كى قى، سىن زىم، كۈي دېگەن ناملار بىلەن ئاتىغان. يۇقىرىدىمۇ بايان قىلغىنىمىزدەك، رەشىد رەھمەتى ئارات 60 يىللىق دەۋرنى كۆرسىتىدىغان ئۇيغۇر كالېندارىنىڭ مۇشۇ ئون كۈنلۈك كالېندارنىڭ بىر قىسمىنى «ئون ئىككى ھايۋان يىلى كالېندارى» غا قوشۇش يولى بىلەن يارىتىلغان، دەپ قارايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ سەنئەت تارىخىدىمۇ بىۋاسىتە «ئون ئىككى ھايۋان يىلى كالېندارى» نى تەسۋىرلىگەن ئەسەرلەرمۇ ئىشلەنگەن. چوغاي تېغىدىكى ھونلارغا ئائىت قىيا تاش رەسىملىرى ئىچىدىن «ئون ئىككى ھايۋان يىلى كالېندارى» نى ئەكس ئەتتۈرگەن كۆرۈنۈش بايقالغان. ئۇيغۇرلارغا ئائىت ھەيكەل ۋە رەسىملەردىمۇ گەۋدىسى ئىنسان، بېشى ھايۋان شەكىللىك ياكى ھايۋان نىقابلىق فىگۇراتىپ كۆرۈنۈشلەر بار. مەسىلەن، كىلاسسىك ئۇيغۇر رەسىم ئۇسلۇبىنىڭ ئەڭ گۈزەل ئۆرنەكلىرى سىزىلغان بېزەكلىك غار ئىبادەتخانىلىرىدىكى بىر تامغا «ئات جىنى تەسۋىرى» ئىشلەنگەن. بۇ ئات جىنى «ئون ئىككى ھايۋان يىلى كالېندارى» نىڭ مەزمۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ تۇنجى بولۇپ ئا. ۋون لېكوك تەرىپىدىن تونۇشتۇرۇلغان ئەسەرلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. تۈرك ـ ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ يۇلتۇز كۆرۈنۈشلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ئۇيغۇن ھالدا يارىتىلغان بۇ ئىنسان تەسۋىرلىرىنىڭ پەقەت «ئون ئىككى ھايۋان يىلى كالېندارى» غا سىمۋول قىلىنغان بېشىدىكى ھايۋان ماسكىلىرى ھەر خىلدۇر. ئاشۇ ھايۋان يىلىدا تۇغۇلغانلارغا تەسىر قىلىدۇ دەپ قارالغان. بۇ جىنلارنى كۆرسىتىدىغان ئىنسان فىگۇرىلىرى قولىلىرىدا تۈركچە يىل ئىسمى يېزىلغان تۇمار شەكلىدىكى قەغەزلەرنى تۇتقان ھالدا تەسۋىرلەنگەن. «ئون ئىككى ھايۋان يىلى كالېندارى» نى ئىپادە قىلىدىغان يەنە بىر ئەسەر تۇرپاندا ياسالغان ئۇيغۇرلار ياكى كۆك تۈركلەر دەۋرىگە ئائىت بىر ھەيكەلدۇر. بۇ ھەيكەلنىڭ گەۋدىسى ئىنسان شەكلىدە، بېشى بولسا توخۇ شەكلىدە ئىشلەنگەن بولۇپ، ئۇمۇ تام رەسىمى سۈپىتىدە ئىشلەنگەن ئۆرنەكلەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

---

## ئىزاھلار:

① رەشىد رەھمەتى ئارات: «تۈركلەردە تارىخ پۈتۈش»، «ماقالىلار»، تۈركچە، 1 ـ توم، 156 ـ، 158 ـ، 159 ـ، 160 ـ، 161 ـ، 162 ـ، 163 ـ، 164 ـ بەتلەر، 1987 ـ يىلى، ئەنقەرە، تۈرك كۈلتۈرىنى تەتقىق قىلىش ئىنستىتۇتى نەشرىياتى

② ئۆزقان ئىزگى: «چىن ئەلچىسى ۋاڭ يەندىنىڭ ئۇيغۇر ساياھەتنامىسى»، تۈركچە، 58 ـ، 59 ـ بەتلەر، 1987 ـ يىلى، ئەنقەرە، تۈرك تارىخ قۇرۇمى نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 89 ـ بەت

③ لىن گەن، گاۋزىخۇ: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى»، ئۇيغۇرچە، 301 ـ بەت، 2000 ـ يىلى، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

④ ئەنۋەر بايتۇر: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى»، ئۇيغۇرچە، 637 ـ، 638 ـ بەتلەر، 1991 ـ يىلى، بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى

⑤ جاڭ بىبو، گوڭ گۇشياڭ: «قەدىمدە جۇڭگونىڭ شىمالىدا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ تارىخى» («كۇلتۇر» قىسمى)، خەنزۇچە، 164 ـ بەت، 1995 ـ يىلى، خاربىن، خېيلوڭجياڭ خەلق نەشرىياتى

⑥ ئەمەل ئەسىن: «تۈركلەردە ماددىي كۇلتۇرنىڭ شەكىللىنىشى»، تۈركچە، 17 ـ بەت، 2006 ـ يىلى، ئىستانبۇل، كابالچى نەشرىياتى

تەھرىرلىگۈچى: ھەزرىتى ئەلى بارات

# كۇسەن مەدەنىيىتىنىڭ توقسۇدىكى ئىزنالىرى

مۇھەممەت تۇراپ

( توقسۇ ناھىيەلىك خەلق بانكىسى 842100 )

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە كۇسەن مەدەنىيىتىنىڭ ئېنى چاقدىكى تەسىرى، بولۇپمۇ توقسۇ، شايار،
باي قاتارلىق جايلارغا كۆرسەتكەن تەسىرى، كۇسەن مەدەنىيىتىنىڭ تارىختىكى ئورنى، مەدەنىيەت، مائارىپ،
يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتى، توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئەھۋالى، ئۇنىڭ ۋارىسلىرى
قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەزمۇنلار بايان قىلىنغان.

**摘要**: 本文阐述了龟兹文化影响、特别是龟兹文化对新和、沙雅、拜城等地的影响，论述了龟兹文化的历史地位、文化教育、农业发展、新和县的文化教育、文化艺术现状及其传承等问题。

توقسۇ ناھىيەسى تەڭرىتېغىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىدىكى
چۆلتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، ئۆگەن دەرياسى بوستانلىـ
قىنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، تارىخى ئۇزۇن
قەدىمكى يۇرتلارنىڭ بىرى. تارىخىي ھۆججەت، ماتېرىيال
ۋە ئارخېئولوگىيەلىك قېزىۋېلىنغان ماددىي بۇيۇملاردىن
قارىغاندا، توقسۇ ناھىيەسىنىڭ تارىخى ۋە قەدىمكى مەدەنـ
يىتىنى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى يېڭى تاش قوراللار مەدەنىيەـ
تى دەۋرىگە سۈرۈشكە بولىدۇ. تەخمىنەن ئۇرۇشقاق بەگـ
لىكلەر دەۋرىدە تەڭرىتېغىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ جەنۇـ
بىي تەرىپى كۇسەن دەرياسى (بۈگۈنكى كۇچا دەرياسى)،
غەربى ئاقئات دەرياسى (بۈگۈنكى ئۆگەن دەرياسى) دەپ ئاـ
تالغان. سۇبېشى دەرياسى تىندۇرما تۈزلەڭلىكى ۋە توقسۇ
تەۋەلىكىدىكى بوستانلىق دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى قۇرۇلـ
مىسى ئاساسەن شەكىللەنگەن. ئېلىمىزنىڭ غەربىي خەن
دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە كەلگەندە، بۇ رايونلار قۇلـ
لۇق جەمئىيەتكە قەدەم قويغان بولۇپ، بۈگۈنكى توقسۇ،
كۇچانى مەركەز قىلىپ ئەتراپىدىكى بۈگۈر، باي، شايار ناـ
ھىيەسى دائىرىسىدە قەدىمىي كۇسەن بەگلىكى شەكىللەنـ
گەن. كۇسەننىڭ غەربىي خەن دەۋرىدىكى زېمىنى كۇچا،
شايار، توقسۇ ۋە باي ئەتراپىدىكى جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالـ
غان. شەرقىي جىن سۇلالىسى ۋە غەربىي جىن سۇلالىسى
دەۋرىدە كۇسەن بەگلىكى ناھايىتى روناق تېپىپ، زېمىنى
شەرقتە ئاگنى (قاراشەھەر) گىچە، غەربتە سۇلى (بۈگۈنكى
قەشقەر) غىچە، جەنۇپتا جىڭجۇ (بۈگۈنكى كېرىيە) گىچە
كېڭىيىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى چوڭ بىر بەگلىك
بولۇپ قالغان. توقسۇ قەدىمكى كۇسەن بەگلىكىنىڭ ئاۋات
ماكانى بولۇپ، بۇ كەڭ زېمىندا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز
شانلىق كۇسەن مەدەنىيىتىنى يېتىلدۈرگەن. توقسۇ ناھىيە
ئۇچقات يېزىسىنىڭ يولغۇنشەھەر كەنتى تەۋەسىگە جايلاشـ
قان تاۋقان شەھىرى (داۋانقۇم شەھىرى) بەن چاۋ كۇسەن
بەگلىكىنى ئىدارە قىلغان مەھكىمە، ئۇچقات قەدىمىي شەـ
ھىرى كوماراجىۋانىڭ تۇغۇلغان يۇرتى ـ تارىختىكى يىپەك
يولىنىڭ ئېغىزى بولغان.

كۇسەن مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ تارىختىكى ئورنى. غەربىي
خەن سۇلالىسى شىنجاڭدا غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھـ
كىمىسىنى قۇرغاندىن باشلاپ، يىپەك يولى راۋانلاشقان.
ئېلىمىز بىلەن غەربنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇـ
رۇشىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، يىپەك يولىنىڭ
مۇھىم قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقان كۇسەن ۋەتىنىمىزنىڭ
ئىچكى جايلىرى بىلەن قەدىمكى زاماندىكى ياۋروپا، ئاسىياـ
نىڭ ئوخشىمىغان تىپتىكى مەدەنىيىتىنى تۇتاشتۇرۇپ،
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى، شىمالدىكى يايلاق مەدەنـ
يىتى، ھىندىستان مەدەنىيىتى، گىرېتسىيە مەدەنىيىتى،
رىم مەدەنىيىتى ۋە ئىران مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت دۇنياـ
دىكى ئالتە چوڭ مەدەنىيەتنى تۇتاشتۇرغان جايغا ئايلانغان.
ئېلىمىز ۋە چەت ئەل ھۆججەتلىرىدىكى خاتىرىلەر، بۈگۈنـ
گىچە ساقلىنىۋاتقان قەدىمىي شەھەر، بۇددا ئىبادەتخانىسى،
مەدەنىيەت يادىكارلىق ماتېرىياللىرىدىن قارىغاندا، شەرق ـ
غەرب مەدەنىيىتىنى تۇتاشتۇرغان تۈگۈن ھېسابلانغان ئاـ
لېكساندىر دەۋرىدىكى گىرېتسىيە مەدەنىيىتى، ھىندىستانـ
نىڭ بۇددا دىنى مەدەنىيىتى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنـ
يىتى، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىنىڭ مەدەنىيىتى كۇسەندە
ئۇچراشقان. كۇسەن مەدەنىيىتى كۇسەندىكى بۇددا ئىلمىي،
كۇسەننىڭ ئۆزگىچە سەنئىتى، كۇسەننىڭ مۇزىكا ئۇسسۇل
سەنئىتى قاتارلىق ئۈچ چوڭ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان.
كۇسەننىڭ بۇددا ئىلمى. كۇسەن غەربىي يۇرتتىكى 36

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بەگلىك ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ بەگلىك. ھەرقايسى بەگلىك-
لەر ئىچىدە كۇسەننىڭ مەدەنىيىتى ۋە مەدەنىيلىك دەرى-
جىسى يۇقىرى بولۇپ، ۋېي، جىن، شىمالىي سۇلالىلەر،
جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىدىن سۇي ـ تاڭ دەۋرىگىچە كۇسەن
مەدەنىيىتى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي قىسمىدا چاقناپ
تۇرغان مەرۋايىتتەك قەدىمكى يىپەك يولىدا جۇلالىنىپ،
كۇسەن شەرق ـ غەرب مەدەنىيىتى ئۇچراشقان ئەڭ چوڭ
يۇرتقا ئايلانغان. ئىلىمىز ۋە چەت ئەللىك مۇتەخەسسىس-
لەرنىڭ ئىسپاتلىشىغا قارىغاندا، بۈگۈنكى توقسۇ قاتارلىق
جايلاردا ساقلىنىۋاتقان بۇددا دىنى خارابىلىقلىرى، ھىند-
ىستاندىن كەلگەن بۇددا دىنى بولۇپ، كۇسەن رايونىغا ئەڭ
بۇرۇن كىرگەن. غەربىي جىن سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان
بۇددا دىنى تارىخى كىتابى بولغان «ئۈچ يۈرۈش نوملار دىۋا-
نى» (出三藏记集) دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، غەر-
بىي خەن سۇلالىسى يۈەن فېڭنىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە
109 ـ يىل) كۇسەن خانى بۇددا دىنى روھانىيلىرى يۇيۇن-
غاندا ئىشلىتىدىغان ئىدىشنى خەن ۋۇدىغا تەغدىم قىلغان،
بۇ تارىخىي پاكىتلار بۇددا دىنىنىڭ تەخمىنەن مىلادىيەدىن
بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىرلەردە كۇسەن رايونىغا كىرگەنلىكى،
مىلادىيە 100 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە بۇددا دىنى كۇ-
سەندە كەڭ تارقالغانلىقى، راھىبلارنىڭ بۇتخانا سېلىش،
مىڭئۆي قېزىش، ھەيكەل ياساش، رەسىم سىزىش قاتارلىق
بۇددا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرى-
دۇ. جىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى «ئۈچ يۈرۈش نوملار دىۋانى»
ناملىق ئەسەرنىڭ 11 ـ جىلدىدا، كۇسەندىكى بۇددا ئىبادەت-
خانىسىنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنىپ مۇنداق دېيىلگەن:
«ئىبادەتخانىلار بەك كۆپ بولۇپ، بېزىلىشى چىرايلىق ئى-
كەن، خان ئوردىسى ھەيكەلتىراشلىق ئۇسلۇبى بويىچە يا-
سالغان، ئۆرە تۇرغان بۇتلار ئوبرازلىق ئىكەن، بۇتخانا بى-
لەن پەرقلەنمەيدىكەن». «كوماراجىۋا تەزكىرىسى» دە: «كۇ-
سەندە راھىبلار ئون مىڭدىن ئاشىدىكەن» دەپ يېزىلغان.
تاڭ سۇلالىسىنىڭ راھىبى شۈەن زاڭ غەربكە نوم ئالغىلى
مېڭىپ كۇسەندىن ئۆتكەندە، «كۇسەن بەگلىكىدە بۇتخانىلار
(ساڭرامىلار) يۈزدىن، راھىبلار بەش مىڭدىن ئاشىدىكەن،
ئۆگىنىۋاتقان بۇددا تەلىمات ۋە بۇددا ئەھكاملىرى ھىندىس-
تاندىن كەلگەن ئىكەن» دەپ يازغان. «جىننامە غەربىي يۇرت
تەزكىرىسى» دە كۇسەننىڭ خان شەھىرى ھەققىدە توختى-
لىپ: «كۇسەن بەگلىكىنىڭ شەھىرى ئۈچقات بولۇپ، ئوت-
تۇرىسىدا مىڭ دانە بۇددا مۇنارى بار ئىكەن» دەپ قەيت
قىلىنغان. قەدىمكى كۇسەن بەگلىكى چېگراسى ئىچىدە
ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان داڭلىق بۇددا دىنىي مىڭئۆي-
لىرىدىن قىزىل مىڭئۆيى، قۇمتۇرا مىڭئۆيى، مازارباغ
مىڭئۆيى، تېتىر مىڭۆيى، سىم ـ سىم مىڭئۆيى، قىزىل
قاغا مىڭئۆيى، توغراقئېقىن مىڭئۆيى، تاجىكقورو مىڭئۆ-
يى، ئومباش مىڭئۆيى، توغراقدەن مىڭئۆيى، قېيىر مىڭئۆ-
يى، توقسۇ ناھىيە تاشئېرىق يېزىسىغا جايلاشقان «1 ـ
ماي» سۇ ئامبىرىنىڭ يېنىدىكى ئۈچ ئۆتۈشمە مىڭئۆيى قا-
تارلىقلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تارىخىي كىتابلاردا خا-
تىرىلەنگەن قەدىمكى كۇسەننىڭ شەرق ـ غەرب چوگىرى
(سۇبېشى) ئىبادەتخانىسى، ئىلۇپەر ئىبادەتخانىسى قاتار-
لىقلارمۇ بار. ھۆججەتلەردىكى خاتىرىلەردىن قارىغاندا، كۇ-
سەننىڭ ئاستانىسى بىر قانچە قېتىم توقسۇ ناھىيەسىنىڭ
چېگراسى ئىچىگە كۆچۈرۈلگەن. بۈگۈنكى ئۈچقات قەدىمكى
شەھىرى خارابىسى كۇسەننىڭ مەركىزى بولۇپ، توقسۇ
ناھىيەسىنىڭ شىمالىدىكى ئۆگەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئې-
قىمىغا جايلاشقان قىزىل مىڭئۆي، قۇمتۇرا مىڭئۆي، قى-
زىلقاغا مىڭئۆيى، ئومباش مىڭئۆيى كۇسەن بەگلىكى تەۋە-
سىدىكى بۇددا دىنى مىڭئۆيلىرى ۋە بۇددا دىنى ئىبادەتخا-
نىلىرى ھېسابلىنىدۇ.

توقسۇ ناھىيەسى ئېلىمىزنىڭ خەن ـ تاڭ دەۋرىدىكى
كۇسەننىڭ مۇھىم مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، كۇسەن
بەگلىكىدە بۇددا دىنى مەدەنىيىتى ئەڭ گۈللەنگەن رايون
ھېسابلىنىدۇ. كۇسەندە بۇددا دىن مىڭئۆيلىرى ھىندىستان-
دىكى بۇددا دىن ۋە سەنئىتىنىڭ تارقىلىپ كىرىشىگە ئە-
گىشىپ قېزىلغان بولۇپ، مىلادى 3 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇر-
لىرىغا كەلگەندە كۇسەن رايونىدا مىڭئۆي قېزىش ئەۋجىگە
چىققان. بۈگۈنكى كۈندىكى كۇسەن مىڭئۆيلىرى توپى ۋە
ئىبادەتخانىلار دەل مۇشۇ دەۋردە قېزىلغان. 5 ـ ئەسىرنىڭ
ئاخىرىدىن 6 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە غەربىي
يۇرتتا مالىمانچىلىق، ئۇرۇشنىڭ كۆپىيىشى تۈپەيلىدىن
كۇسەندە بۇددا دىنى كۈلپەتلىك تەغدىرگە دۇچار بولغان. 6
ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 7 ـ ئەسىرگىچە، كۇ-
سەننىڭ ۋەزىيىتى تىنچ بولۇپ، بۇددا دىنى قايتىدىن باش
كۆتىرىپ، مىڭئۆي قېزىش ئىشلىرى ئەسلىگە كەلگەن.
خەن ـ تاڭ دەۋرىدە نۇرغۇنلىغان بۇددا دىن مىڭئۆيلىرى ۋە
ئىبادەتخانىلار بارلىققا كېلىپلا قالماي يەنە نۇرغۇن
راھىبلار، داڭلىق بۇددا ئۇستازلىرىدىن كوماراجىۋا، بو-
يەن، بوپازۇ قاتارلىقلار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىچكى-
رىگە بېرىپ تەرجىمانلىق قىلغان ۋە بۇددا دىنىي مەدەنى-
يىتىنى تارقىتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. بو يەن
لوياڭدا «ئاۋالقى سۇرانگاما سۇترا» (首楞严经)، «ئالدىنقى
ۋاجراسىدىكا پراجىنا پرامىتا سوترىسى» (上金刚经)،
«پاكلىنىش ۋە باراۋەرلىك سەزگۈسىنى ئۆلچەملى بولماس-
لىق ھەققىدىكى نوم ـ سوترا» (无量清静平等觉经)،
«بۇدساۋانىڭ تەربىيىلىنىش قائىدە ـ پىرىنسىپلىرى
ھەققىدىكى نوم ـ سوترا» (菩萨修行经) قاتارلىقلارنى
تەرجىمە قىلىپ، ناھايىتى بۇرۇنلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە
بۇددا دىنىنى تارقاتقان كۇسەن راھىبى بولۇپ قالغان. شۇ-

نىڭدىن ئېتىبارەن كۇسەندىن ئېلىمىزنىڭ ئىچكى جايلىرىغا بۇددا دىنىنى تارقىتىشقا بارغان راھىبلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەن. بولۇپمۇ كۇسەن راھىبى كوماراجىۋا مىلادىيە 401 ـ يىلى چاڭئەنگە بېرىپ 413 ـ يىلى يەتمىش يېشىدا ۋاپات بولغانغا قەدەر بولغان ئون ئىككى يىل داۋامىدا «ئامىتابا سوترىسى» قاتارلىق 74 قىسىم 384 جىلددىن ئارتۇق بۇددا نوم سوترىلىرىنى تەرجىمە قىلغان. ئۇ تۇنجى قېتىم ھىندىستاننىڭ بۇددا دىنىنى چوڭ كۆلەملىك ۋە سىستېمىلىق ھالدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تونۇشتۇرۇپ، ئىچكىردە ئەسلىدىكى كۆڭزىچىلىق ئېقىمى مەدەنىيىتىنى يەككە مەدەنىيەت قىلىۋالغان ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىپ، ئېلىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە يېڭى ھاياتىي كۈچ قوشقان.

كۇسەننىڭ ئۆزگىچە سەنئىتى. توقسۇ ۋە كۇچانى مەركەز قىلغان كۇسەن بەگلىكى يۇكسەك دەرىجىدىكى مەدەنىيەتكە ئىگە بولۇپ، شەرق ـ غەرب مەدەنىيىتىنى، ئۆز يۇرتىنىڭ مەدەنىيىتىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ۋە سىرتتىن كەلگەن مەدەنىيەت بىلەن ئۈزۈكسىز ئۇچراشتۇرۇپ، كۇسەن مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنى يۇكسەكلىككە كۆتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن كۇسەننىڭ بۇددا دىنى، ھەيكەلتىراشچىلىق ۋە رەسساملىق سەنئىتى ئېخىمۇ ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ ئىچكىرى جايلىرىدا ۋە چەت ئەللەردە داڭ چىقارغان. بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ قالغان كۇسەن مىڭئۆيلىرىنىڭ ھەرقايسى ھۇجرىلىرىدىكى نۇرغۇن تام سىزمىلىرىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭدا گىرېتسىيە، رىم، ئىران ۋە ھىندىستاننىڭ قەندىھار سەنئىتى قوبۇل قىلىنغاندەك كۆرۈنسىمۇ، كۇسەنلىك سەنئەتكارلار ئۇنى ئاددىيلا كۆچۈرمەستىن، بەلكى سىرتتىن كەلگەن بۇ سەنئەت شەكلىنى پىششىقلاپ ئۆزگەرتىپ، مەۋقەنى كۇسەن مىللىي سەنئىتىگە قويۇپ، ئاخىرى كۇسەن ئۇسلۇبىدىكى تام سىزما سەنئىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن كۇسەن تام سىزمىلىرىنىڭ جەلپكارلىقى سىرتتىن كەلگەن سەنئەتنى ئېخىمۇ زور سېھرىي كۈچكە ئىگە قىلغان. كۇسەن ئۇسلۇبىدىكى تام سىزمىلىرىدا ئادەمنىڭ كىيىمنىڭ ئىچىدىكى مۇسكۇللىرىنىڭ شەكلى بىلەن يالىڭاچ ھالەتتىكى مۇسكۇللىرى مەۋھۇم ھالەتتە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ خىل سىزىش ئۇسۇلى توقسۇ ناھىيەسىدىكى توغراقئېقىن مىڭئۆيى، قۇمتۇرا مىڭئۆيى، كۇچا ناھىيەسىدىكى قىزىل مىڭئۆيى ۋە قىزىلقاغا مىڭئۆيلىرىدە ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغان. بۇنداق ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە ئىجادىيەت ھىندىستاننىڭ قەندىھار، گىرېتسىيە، رىم ۋە ئىراننىڭ رەسساملىق ئۇسلۇبىنى دورىمىغان، بۇ كۇسەن خەلقىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، شۇنداقلا كۇسەننىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

ناخشا ـ ئۇسسۇل يۇرتى. توقسۇ ناھىيەسىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ماھىر، ئەل ئارىسىدىكى سەنئەتكارلار كۆپ، ئۇلارنىڭ ئورۇنلاش ماھارىتى يۇقىرى بولۇپ، تاشئېرىق يېزىسى ۋەكىللىكىدىكى توقسۇ ناھىيەسىنىڭ مۇزىكا ۋە ئۇسسۇلى قەدىمكى زامان كۇسەن مۇزىكا ـ ئۇسسۇلىغا ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا، ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇسسۇلى، چاغاتاي ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى دولان ئۇسسۇلى ۋە يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى 12 مۇقامنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە توقسۇ مەشرىپى ۋە توقسۇ سەنىمىنى شەكىللەندۈرۈپ، توقسۇ ئۇيغۇر خەلق ناخشا ـ ئۇسسۇللىرىنىڭ جەۋھىرىنى ھاسىل قىلغان. بۇنداق سەنئەتنىڭ مەنبەسىنى 6 ـ، 7 ـ ئەسىرلەردىكى كۇسەن مۇزىكا ـ ئۇسسۇللىرىغا سۈرۈشكە بولىدۇ. مۇزىكا ـ ئۇسسۇلدىكى رىتىملىك مېلودىيە ۋە ئۇسسۇل ھەرىكىتىگە قەدىمكى زامان كۇسەن مۇزىكا ـ ئۇسسۇلىنىڭ ئۇسلۇبى، يايلاقتىكى مىللەتلەرنىڭ ئۇسسۇللىرى، ئىسلام مۇزىكىسى ۋە بىر قانچە ئەۋلاد سەنئەتكارلار پىششىقلاپ ئىجاد قىلغان سەنئەت ئېلېمېنتلىرى مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ، ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى روشەن يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان.

چالغۇ ياساش يۇرتى. توقسۇ ناھىيەسى نۆۋەتتە شىنجاڭدىكى قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەل ئارىسىدىكى چالغۇ ياساش يۇرتلىرىنىڭ بىرى. توقسۇ ناھىيەسىنىڭ ئىچئېرىق يېزىسىنىڭ جاي كەنتىدىكى 215 دېھقان ئائىلىسى ئىچىدە 106 ئائىلە مىللىي چالغۇ ياساش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە چالغۇ ياساش بىلەن ئەڭ ئۇزۇن شۇغۇللانغان ئالتىنچى، يەتتىنچى ئەۋلادلارمۇ بار. جاي كەنتىدىكى خەلق سەنئەتكارلىرى ياسىغان چالغۇلار دۇتار، تەمبۇر، راۋاپ ۋە داپ، قالۇن قاتارلىق ئون نەچچە خىل بولۇپ، بۇ چالغۇلار پۈتۈنلەي قولدا ياسىلىدۇ. چالغۇلارنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى كۆركەم، نەپىس، ئاۋازى جاراڭلىق بولغاچقا بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق شەھەرلەرگە، فىرانسىيە، گېرمانىيە، كورېيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە سېتىلىدۇ، ھەر يىلى سېتىلىدىغان چالغۇلار ئىككى مىڭدىن كۆپ بولۇپ، چالغۇ ياساش ھۈنىرى دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم يولغا ئايلانغان. ئىچئېرىق يېزىسىنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي چالغۇ ياساش ھۈنىرى ۋە مىللىي ئۆرپ ئادىتى ساياھەتچىلەرنى ئۈزۈكسىز جەلپ قىلىپ كەلمەكتە. جاي كەنتىنىڭ قەدىمدىن بۇيان مىللىي چالغۇ ياساش ئەنئەنىسى بولغاچقا، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى بۇ يېزىغا ئاپتونوم رايون بويىچە تۆتىنچى تۈركۈمدىكى ئەل ئىچى مەدەنىيەت سەنئەت يۇرتى دەپ نام بەرگەن.

**تەھرىرلىگۈچى: ئوسمانجان مۇھەممەت**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ئالىي مەكتەپلەردە ياتاق مەدەنىيىتى بەرپا قىلىش توغرىسىدا

قەلبىدىن لېتىپ

( شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى 830046 )

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەۋاتقان ئالىي مەكتەپلەر زور كۈچىنى ساپا مائارىپىغا قاراتقان بولسىمۇ، جەمئىيەتكە قەدەم قويغان، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن قىسمەن ياشلارنىڭ ساپاسىدا يەنىلا مەسىلىلەر ساقلانماقتا. نۇرغۇن ئالىي مەكتەپلەر ساپا مائارىپىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولغان ياتاق مەدەنىيىتىنى قۇرۇشقا دېگەندەك ئەھمىيەت بەرمىگەن. مەزكۇر ماقالىدە ئاپتور كۆپ يىللىق ئوقۇغۇچىلار خىزمىتىنى ئىشلەش جەريانىدا يەكۈنلىگەن خىزمەت تەجرىبىسىگە ئاساسەن ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ياتاق مەدەنىيىتىنى قۇرۇشتا كۆرۈلۈۋاتقان مەسىلىلەرگە بولغان كۆزقاراش ۋە چارە - تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

**摘要**:尽管目前各类大专院校集中力量培养高素质人才，重视素质教育，但是毕业进入社会的部分青年素质还存在问题，作为素质教育重要内容的宿舍文化没有得到重视。本文作者以自己多年教学经验，提出了创建宿舍文化的看法及建设。

ئىستۇدېنتلار ياتىقى ئىستۇدېنتلارنىڭ كۈندىلىك پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان مۇھىم مەيدانىنىڭ بىرى. ئۇ يالغۇزلا ئىستۇدېنتلارنىڭ يېتىپ، قوپىدىغان ئورنى بولۇپلا قالماي، ئالىي مەكتەپ ئىدىيەۋى - سىياسىي مائارىپىنىڭ مۇھىم ئىستېھكامى ھەمدە مەكتەپنىڭ باشقۇرۇش، ئىستۇدېنتلار تۇرمۇشىغا ئەلا مۇلازىمەت قىلىش، ئالىي مەكتەپ ئىسلاھات تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا بارغانسېرى مۇھىم رول ئويناۋاتىدۇ. ئىختىساسلىقلار ئارا رىقابەت كۈندىن - كۈنگە كەسكىنلىشىۋاتقان ھازىرقى دەۋردە، يۇقىرى ساپالىق ئىختىساسلىق ياشلار جەمئىيىتىمىزنىڭ تايانچ كۈچىگە ئايلانماقتا. ئىستۇدېنتلار ياتاق مەدەنىيىتىنى قۇرۇش ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ھازىرقى زامان مائارىپىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشى بولۇپ قالدى. ئىستۇدېنتلار ياتاق مەدەنىيىتىنى قۇرۇپ چىقىش، ئۇلارنىڭ گۈزەل ئەخلاق پەزىلىتى، كەسپىي ساپاسى، ساغلام پسىخىكا ساپاسىنى قۇرۇپ چىقىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئىستۇدېنتلار ياتاق مەدەنىيىتىنى قۇرۇشتا ئالدى بىلەن نېمىنىڭ ياتاق مەدەنىيىتى ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش ۋە ئىستۇدېنتلار ياتاق مەدەنىيىتىنىڭ قانداق رولى بولۇشتەك ئاساسلىق مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

## 1. ساپا مائارىپىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولغان ياتاق مەدەنىيىتى

ئىستۇدېنتلار ياتاق مەدەنىيىتى قۇرۇلۇشىنىڭ ياخشى بولۇش - بولماسلىقى ئىستۇدېنتلارنىڭ پۇقراۋى ئېڭى ۋە ئەخلاق ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولالايدۇ. مەكتەپنىڭ ئەڭ ئاساسلىق رولى كىتاب ئوقۇتۇپ ئادەم تەربىيىلەش. بۇنىڭ ئىچىدە سىياسىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئادەم تەربىيىلەشتىكى مۇھىم تۈرنىڭ بىرى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، جەمئىيەت ئېڭى ۋە پۇقرالىق ئېڭى ئىستۇدېنتلارنىڭ سىياسىي ئىدىيەۋى ساپاسىغا مۇھىم تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئىستۇدېنتلارنىڭ ئەخلاق ساپاسى كەم بولسا بولمايدۇ. ياتاق ئىستۇدېنتلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئېلىپ بارىدىغان ئورتاق مەيدانى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ياتاقتىكى ھەربىر تۇرمۇش ئىپادىسى، ئىش ھەرىكىتى بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. بۇ جەرياندا ئىستۇدېنتلارنىڭ بىر - بىرىنى ھۆرمەت قىلىش، بىر - بىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش، كوللېكتىپ ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشتەك ياتاق مەدەنىيىتىگە تەۋە بولغان كىشىلىك تۇرمۇش ئېڭى شەكىللىنىدۇ. بۇ خىل ئاڭ ئىستۇدېنتلارنىڭ جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندا سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت قۇرۇشقا ئۆزىنى بېغىشلىشىغا تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە ياتاق مەدەنىيىتى قۇرۇلۇشى ياخشى ئىشلەنمىسە، ئىستۇدېنتلارنىڭ جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇش ئېڭى يۇقىرى كۆتۈرۈلمەستىن، بەلكى جەمئىيەتكە يۈك بولۇپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. شۇڭا ياخشى بولغان ياتاق مەدەنىيىتى ئىستۇدېنتلارنىڭ ئاممىۋى قىلمىشىنى توغرىلاپ، جەمئىيەتكە ماسلى-

شىش، جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇش ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە كۆرۈنەرلىك رول ئوينىيالايدۇ.

مۇۋەپپەقىيەتلىك ياتاق مەدەنىيىتى قۇرۇلۇشى ئىستۇدېنتلارنىڭ مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈش ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ ساغلام روھى ساپاسىنى تاۋلاشقا ياردەم بېرەلەيدۇ. مەن كۆپ يىللىق ئوقۇغۇچىلار خىزمىتىنى ئىشلەش جەريانىدا شۇنى بايقىدىمكى، كۆپ ساندىكى ئىستۇدېنتلارنىڭ مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىقتىدارى يەنىلا ئاجىز ئىكەن. نۇرغۇن ئىستۇدېنتلار ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدىكەن. ئاددىسى پايپىقى يىرتىلسا ياماپ كىيەلمەيدىكەن، يوتقان ـ كۆرپىلىرىنى رەتلىك يىغالمايدىكەن، ياتاق تازىلىقىنى ۋاقتىدا قىلالمايدىغان دېگەندەك ئەڭ ئاددىي تۇرمۇش مەسىلىلىرىنى مۇستەقىل ھەل قىلالمايدىكەن. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھىمايىسىدىن ئايرىلغان بۇ ئىستۇدېنتلار مۇستەقىل ئالىي مەكتەپ ھاياتىغا قەدەم قويغان بولسىمۇ، ئۇلاردا يەنىلا باشقىلارغا تايىنىۋېلىش ئېڭى مەۋجۇت. ساغلام ياتاق مەدەنىيىتى قۇرۇلۇشى ئىستۇدېنتلارنىڭ مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈش ئېڭىنى كۈچەيتىپ ئىستۇدېنتلارنىڭ ئۆزىنى باشقۇرۇش، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتەك قابىلىيىتىنى شەكىللەندۈرۈش، جانلىق بولغان روھىي ساپاسىنى يېتىلدۈرۈشتە زور ياردىمى بار.

ساغلام ياتاق مەدەنىيىتىنىڭ ئىستۇدېنتلارنىڭ ماسلىشىش ئېڭىنى يۇقۇرى كۆتۈرۈپ كەسپىي ساپاسىنى تاۋلاشتا زور ياردىمى بار. ئالىي مەكتەپتىكى ئىستۇدېنتلار مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن بولۇپ، مول مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە. ئۇلارنىڭ ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە غەمخورلۇق قىلىپ ئىناق ياتاق تۇرمۇشىنى بەرپا قىلىشى نۇرغۇن ئالىي مەكتەپلەردە ھازىرغىچە پۈتۈنلەي ھەل بولماي كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، يۇرتۋازلىق، گۇرۇھۋازلىق ئەھۋاللىرى يەنىلا كۆرۈنەرلىك مەۋجۇت بولماقتا. ئالىي مەكتەپتىكى ياتاق ھەربىر ئىستۇدېنتنىڭ ئورتاق مائارىپ بايلىقى بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئۈچۈن ھەربىر ئىستۇدېنت بىر ـ بىرىگە ماسلىشىپ، بىر-بىرىگە يول قويۇشى لازىم. بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن ئىناق، ساغلام بولغان ياتاق مەدەنىيىتىنى قۇرۇپ چىقىش ئىنتايىن مۇھىم، ھەمدە ياتاق مەدەنىيىتىنىڭ تەسىر كۈچى ئارقىلىق ئىستۇدېنتلارنىڭ ماسلىشىش ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، كەسپىي ساپاسىنى يەنىمۇ بىر دەرىجە ئاشۇرۇشى لازىم.

ساغلام ياتاق مەدەنىيىتى ئىستۇدېنتلارنىڭ ساغلام پىسخىك ساپاسىنى قۇرۇپ چىقالايدۇ. ئالىي مەكتەپ ئوقۇش ھاياتى ئىستۇدېنتلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى مۇھىم ھالقىلىق باسقۇچ بولۇپ، بۇ باسقۇچتا ئىستۇدېنتلارنىڭ دۇنيا قارىشى، تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشى شەكىللىنىدۇ. ياخشى بولغان ياتاق مەدەنىيىتى ئىستۇدېنتلارنىڭ قەلبىنى گۈزەللەشتۈرۈپ، مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنىڭ پىسخىكىسىنى تەڭشەشكە ياردەم بېرىدۇ. ساغلام پىسخىك ساپانىڭ شەكىللىنىشى ياخشى ياتاق مۇھىتىدىن ھەرگىز ئايرىلالمايدۇ. بىر ـ بىرىگە ئىشىنىدىغان، بىر ـ بىرىگە غەمخورلۇق قىلىدىغان ياتاق مۇھىتى ئىستۇدېنتلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە ساغلام پىسخىك ساپاسىنىڭ يېتىلىشىنىڭ كاپالىتى.

**2. ئىستۇدېنتلار ياتاق مەدەنىيىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە كۆرۈلگەن مەسىلىلەر**

قائىدە ـ نىزاملارتولۇق تۇرغۇزۇلمىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. نۇرغۇن ئالىي مەكتەپلەر «ئوقۇغۇچىلار قوللانمىسى»دا ياتاق باشقۇرۇش توغرىسىدىكى قائىدە ـ نىزاملارنى ئېنىق تۈزگەن بولسىمۇ، بۇ بىر شەكىل بولۇپ قېلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىگە سىڭىپ كىرەلمىگەن. قىسمەن ئىستۇدېنتلار ياتاق باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ خىزمىتىگە ماسلاشماستىن، ھەتتا ئۇلارنىڭ تەكشۈرۈش، نازارەت ئىجرا قىلىش خىزمىتىگە قارشى چىقىدۇ. كېچىدە ياتاققا كېيىن قايتىدىغان ياكى ياتاققا قايتمايدىغان ئەھۋاللار دائىم دېگۈدەك يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بەزى ئىستۇدېنتلار ياتاقتا تاماكا چېكىدىغان، ھاراق ئىچىدىغان، ھەتتا قىمار ئوينايدىغان، ئوغۇللار ياتاق ئىچىدە قوپال، مەدەنىيەتسىز سۆز ـ ھەرىكەتلەرنى قىلىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە.

ئىنتېرنېت تورىنىڭ ئىستۇدېنتلارنىڭ ياتاق تۇرمۇشىغا بولغان ناچار تەسىرى. ئىنتېرنېت تورىنىڭ ئىستۇدېنتلارنىڭ ياتاق تۇرمۇشىغا كىرىشى گەرچە ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى بېيىتقان بولسىمۇ، ئۆزىنى كونترول قىلىش كۈچى ئاجىز ئىستۇدېنتلار «غايىۋى تور دۇنياسى»نىڭ قايمۇقتۇرۇشى بىلەن، تور ئويۇنى ئىچىگە كىرىپ كېتىپ، ئۆزىنى تارتالماي قالىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئۇلارنىڭ نورمال ئارام ئېلىش ۋە ئۆگىنىشىگە تەسىر كۆرسىتىشتىن باشقا يەنە ياتاقداشلارنىڭ ئارام ئېلىشى ۋە ئۆگىنىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئەگەر بىر ياتاق ئۈچ ياتاققا تەسىر كۆرسەتسە، بەلكىم بۇ ئەھۋال سىنىپ ۋە مەك-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەپنى تور دۇنياسىغا بەند قىلىپ قويالىشى مۇمكىن. ئاخىرىدا مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتى ئىلگىرىلىمەستىن، بەلكى بارا ـ بارا چېكىنىشكە قاراپ يۈزلىنىدۇ.

**3. ئالىي مەكتەپلەردە ساغلام ياتاق مەدەنىيىتى بەرپا قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرى**

ياتاق باشقۇرۇش تۈزۈمىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە ئىنچىكىلەشتۈرۈش كېرەك. ھەممە ئىشنىڭ قائىدە ـ تۈزۈمى بولغىنىدەك، ياتاق مەدەنىيىتى قۇرۇشتىمۇ قاتتىق تۈزۈم ۋە نىزام تۇرغۇزۇش لازىم. بىر يۈرۈش يۇقىرى دەرىجىدە سىستېمىلاشقان باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويغاندىلا، ئاندىن ئىستۇدېنتلارغا ئازادە ھەم تەرتىپلىك ياتاق مۇھىتىنى ھازىرلاپ بەرگىلى بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ياخشى تۇرمۇش ئادىتىنى شەكىللەندۈرۈشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. باشقۇرۇش ئورگانلىرىمۇ خىزمەت ۋاقتىغا رىئايە قىلىپ، ياتاقنى ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ، كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىش ۋە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇش لازىم.

مۇلازىمەت تېپىدىكى تەربىيەنى كۈچەيتىش كېرەك. ياتاق مەدەنىيىتىنى قۇرۇشتا يالغۇز باشقۇرۇشقىلا تايىنىۋالساق بولمايدۇ. قاتتىق تۈزۈم ياتاق باشقۇرۇش ۋە مەكتەپ ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلغان بولسىمۇ، ئىستۇدېنتلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى باشقۇرۇش ئېڭى ۋە ئەخلاق ساپاسىنى يېتىلدۈرۈشى دېگەندەك يېتەرلىك ئەمەس. ياتاق باشقۇرغۇچى خادىملار، سىياسىي يېتەكچى ۋە ئوقۇتقۇچىلار قىزغىن، ئەستايىدىل، سەۋرچان بولغان مۇلازىمەت قىلىش بىلەن بىرگە ئىستۇدېنتلارغا بولغان ئەخلاق تەربىيەسىنى كۈچەيتىش لازىم. ياتاق مەدەنىيىتى تەربىيەسىنى مەكتەپتىكى ئەخلاق دەرسلىكىگە كىرگۈزۈپ، ئىپادىسى ياخشى بولغان ئوقۇغۇچىلارنى مۇكاپاتلاپ، ئىپادىسى لاياقەتسىز بولغان ئوقۇغۇچىلارغا تەنقىد ۋە تەربىيە بېرىپ، كەڭ ئىستۇدېنتلارنىڭ ئەخلاق ساپاسىغا بولغان ئىنتىلىش روھىنى قوزغىتىش لازىم.

ئىستۇدېنتلار ئارىسىدىكى سىنىپ ھەيئىتى ۋە ياتاق ھەيئىتىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ھەربىر ياتاقتا ئادەتتە بىردىن ياتاق ھەيئىتى ياكى سىنىپ ھەيئىتى بولىدۇ، ئۇلار سىنىپتا باشقا ئىستۇدېنتلارغا باشلامچىلىق ۋە يېتەكچىلىك رول ئوينىيالايدىغان مۇنەۋۋەر ئىستۇدېنتلاردىن تەشكىل تاپقان بولىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى باھالاش خىزمىتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، شۇ ئارقىلىق باشقا ئىستۇدېنتلارغا ئۈلگە قىلىپ، ئىستۇدېنتلارنىڭ ئۆگىنىش ۋە ئەخلاق ساپاسىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئىناق بولغان مەدەنىي ياتاق مۇھىتىنى بەرپا قىلىشىمىز كېرەك.

مەزمۇنى مول ياتاق مەدەنىيىتى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش لازىم. ياتاق مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي تەلىپى ئىناق، پاكىزە، ساغلام بولغان ياتاق مۇھىتىنى بەرپا قىلىشتۇر. ئىستۇدېنتلارغا تەربىيە ئېلىپ بارغاندا، مۇشۇ ئاساسىي تەلەپنى ئىستۇدېنتلارنىڭ ئېڭىغا سىڭدۈرۈش كېرەك. تەربىيە جەريانىدا، مەزمۇنى مول، ياتاق مەدەنىيىتىگە دائىر تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، ئىستۇدېنتلارنى ياتاق مەدەنىيىتى قۇرۇلۇشىغا پائال قاتناشتۇرۇشىمىز كېرەك. مەسىلەن، ياتاقلار ئارا «ئەڭ پاكىزە ياتاق»، «ئەڭ ئىناق ياتاق»، «ئۆگىنىشتە ئەڭ مۇنەۋۋەر ياتاق»، «ئىس ـ تۈتەكسىز ياتاق» قاتارلىق باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئىستۇدېنتلارنى پىسخىك نۇقتىدىن مەدەنىي ياتاق بەرپا قىلىشقا دەۋەت قىلساق، ئىستۇدېنتلارنىڭ ئەخلاق ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن باشقا تېخىمۇ ساغلام ياتاق مەدەنىيىتىنى قۇرۇپ چىققىلى بولىدۇ.

ياخشى بولغان ئىستۇدېنتلار ياتاق مەدەنىيىتىنى قۇرۇش، ئىستۇدېنتلارنىڭ ئەخلاق ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە، جەمئىيەتكە ياراملىق ئىختىساس ئىگىسى بولۇپ چىقىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئالىي مەكتەپتىكى ياتاق ئىستۇدېنتلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىككىنچى ئائىلىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئائىلىنىڭ ساغلام مەدەنىي بولۇپ قۇرۇلۇپ چىقالىشى شۇ ئائىلىدىكى بارلىق ئەزالار (ئىستۇدېنتلار) نىڭ كەلگۈسىگە مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئالىي مەكتەپ ياتاق مەدەنىيىتى قۇرۇلۇشى ساپا مائارىپىدىكى سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم مەزمۇندۇر.

---

**پايدىلانمىلار:**

1. ۋاڭ يۈەن: «ئالىي مەكتەپ ئىستۇدېنتلار ياتاق مەدەنىيىتى قۇرۇشتىكى ئىزدىنىش ۋە ئەمەلىيەت»، «پايدىلىنىش ماتېرىيالى» 2009 ـ يىللىق 8 ـ سان

2. ليۇ يۇ: «ئىستۇدېنتلار ياتاق مەدەنىيىتى قۇرۇلۇشى توغرىسىدا تەتقىقات» ، «خەلق گېزىتى»، 2011 ـ يىلى 10 ـ ئاي

3. لى جۈەن: «ئوقۇغۇچىلار ياتىقىنى باشقۇرۇشتا كۆرۈلگەن مەسىلىلەر ۋە ئۇنى ھەل قىلىش توغرىسىدا»، «پايدىلىنىش ماتېرىيالى» 2006 ـ يىلى 5 ـ ئاي

4. ۋاڭ رۇي: «ياتاق باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ ئىستۇدېنتلار ياتاق مەدەنىيىتى قۇرۇشتىكى رولى توغرىسىدا»، «مائارىپ ژۇرنىلى» 2003 ـ يىلى 10 ـ ئاي

**تەھرىرلىگۈچى: مەرۋۇجان مەتمىن**

# خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشنى ئەلالاشتۇرۇش توغرىسىدا

ماھىرە مىرزى

(ئاقسۇ مائارىپ ئىنستىتۇتى 834000)

قىسقىچە مەزمۇنى: ھازىرقى قوش تىللىق ئوقۇتۇش شارائىتىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيەسىنىڭ قانداق بولۇشى ئۇلارنىڭ ئوقۇش ۋە ئۆگىنىش سۈپىتىنىڭ قانداق بولۇشىنى بەلگىلەيدىغان يەنە بىر مۇھىم ئامىل بولۇپ قالدى. شۇڭا ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيەسىنى قانداق قىلىپ ئۈنۈملۈك يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ دېگەن مەسىلە نۆۋەتتىكى تەلىم ـ تەربىيە، ئوقۇتۇشىمىزدا ھەممە كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم نۇقتىغا ئايلاندى. ماقالىدا مۇشۇ ھەقتىكى مۇھاكىمىلەر بايان قىلىنغان.

摘要: 目前在双语教学中,学生的汉语水平如何成为判断他们的汉语学习质量的重要手段。因此如何有效提高学生的汉语水平成为目前汉语教学工作的一个重点。本文重点阐述了这方面的问题。

خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىش ئىنچىكە، مۇرەككەپ، ئۇزاق مۇددەتلىك، نازۇك بىر جەريان بولۇپلا قالماي يەنە ئۇنى ئۆز ئېھتىياجىدىن تولۇق چىقىدىغان مۇكەممەللىكتە، ئىشلىتىشچانلىقتا ئىگە قىلىپ ئۆگىنىش تېخىمۇ قىيىن. ئانا تىلى ئۇيغۇر تىلى بولغان ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۇنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى تېخىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە جەمئىيەتنىڭ خەنزۇ تىل ئۆگىنىشكە بولغان ئېھتىياجىنىڭ كۈندىن كۈنگە ئېشىپ بېرىشى ھەم قوش تىللىق ئوقۇتۇشنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش بېسىمى ۋە ئۇلارنىڭ خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىشكە قويۇلۇۋاتقان تەلەپ بارغانسېرى كۈچەيمەكتە. مۇشۇنداق تەخىرسىز شارائىتتا قانداق قىلىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇ تىلى ئۆگىنىش سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ دېگەن مەسىلە مائارىپ، تەلىم ـ تەربىيە ئوقۇتۇشىمىزدىكى مۇھىم نۇقتا، قىزىق نۇقتا شۇنداقلا مەركىزىي نۇقتىغا ئايلاندى، تۈرلۈك مۇلاھىزە، مۇھاكىمە ئارقىلىق بۇ مەسىلە ئۈزۈلكىسىز ئىزدىنىش ۋە تەتقىق قىلىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ.

ئالدى بىلەن ئوقۇغۇچىلاردا خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىشكە بولغان قىزىقىش ۋە توغرا قاراشنى تۇرغۇزۇش كېرەك. خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىشنىڭ قىيىنلىقى خەنزۇ تىلىغا ۋە بۇ تىلنىڭ قانۇنىيىتىگە بولغان چۈشەنچىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى، ۋە باشقا ئوبيېكتىپ، سۇبيېكتىپ سەۋەبلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇ تىلى ئۆگىنىش قىزغىنلىقىغا دائىم دېگۈدەك تەسىر يەتكۈزىدۇ. خەنزۇ تىلى خەلقئارادىكى مۇھىم تىللارنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئېلىمىزنىڭ دۆلەت تىلى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئالاقە قىلىشىدىكى مۇھىم تىل.

مۇھىم مەزمۇندىكى يېڭى ئۇچۇر ۋە پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خەنزۇ تىلى ئارقىلىق يېتىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە رىقابەت كەسكىنلىشىۋاتقان ئۇچۇر دەۋرىدە، خەنزۇ تىلى ھەرقايسى مىللەت كىشىلىرىنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئىگىلىشىدىكى ھەم كۈندىلىك ئالاقىسىدىكى مۇھىم ۋاستە بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ قوش تىللىق ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئىشقا قويۇش تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، خەنزۇ تىلىنى ياخشى ئۆگىنىش دەۋرنىڭ جىددىي تەلىپىگە ئايلاندى. بۇ نۇقتىنى ئوقۇغۇچىلارغا تونۇشتىكى ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق جانلىق چۈشەندۈرۈش ھەم ئوقۇغۇچىلارنىڭ كاللىسىدا تولۇق ئايدىڭلاشتۇرۇپ خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشنىڭ ھازىرقى دەۋردىكى تەخىرسىزلىكىنى، زۆرۈرلۈكىنى توغرا تونۇتۇش كېرەك.

خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشكە ئىلھام بېرىشكە ماھىر بولۇش لازىم. ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇ تىلى دەرسىگە بولغان قىزىقىشىنى ئاشۇرۇش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەجبۇرىيىتى، شۇنداقلا خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش سەۋىيەسىنى ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم تەلىپى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئاكتىپلىقى تۇغما بولمايدۇ. ئۇ ئۆگىنىش مۇھىتى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيەلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇ تىلى دەرسىنى ئۆگىنىشكە بولغان قىزىقىشىنى ئاشۇرىمىز دەيدىكەنمىز، چوقۇم تۈرلۈك ئۇسۇل ۋە ئەمەلىي مىساللاردىن پايدىلىنىپ خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇتۇش بىلەن بىللە، دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئوقۇغۇچىلار بىلەن كۆپرەك سىردىشىپ، ئۇلارنىڭ روھىي كەي-

www.uyghurkitap.com

پىياتىنى ئىگىلەپ تۇرۇشىمىز، دەرسخانىدا كۆڭۈللۈك، ئازادە ئۆگىنىش كەيپىياتىنى يارىتىش ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇ تىلى دەرسىنى ئۆگىنىشكە بولغان قىزىقىشىنى ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسى ئوقۇتۇشنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش ۋە ئۆگىنىش ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئېلېكتىرلەشكەن ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزىقىشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. خەنزۇ تىلىدىكى شەكىلداش، مەنىداش سۆزلەرنى پىروييېكسىيە ئاپپاراتى ئارقىلىق كۆرسىتىپ، تېكىست مەزمۇنىنى مۇۋاپىق مۇزىكىلاشتۇرۇپ، خام سۆزلەرنى كارتا، پىروييېكسىيە ئاپپاراتىنىڭ پىلاستىنكىسى ئارقىلىق جانلىق چۈشەندۈرگەندە ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇ تىلى ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى، كومپيۇتېر ئارقىلىق ئۈلگىلىك جۈملىلەرنى سېلىشتۇرۇش ۋە ئىجادىي جۈملىلەرنى كۆرسىتىش ئارقىلىق دەرسنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

ئوقۇتقۇچى خەنزۇ تىلى دەرسىدە ئاساسى ئاجىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ قايسى تەرەپتىن ئاجىز ئىكەنلىكىنى توغرا بايقاپ، قاراتمىلىقى بولغان كونسۇلتاتسىيە ئېلىپ بېرىپ، خەنزۇ تىلىدا ئاساسى ئاجىز ئوقۇغۇچىلارنى يېتەكلىشى ھەم ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشكە بولغان ئاكتىپلىقىنى ۋە تەشەببۇسكارلىقىنى ئاشۇرۇشى كېرەك.

ئاڭلاش، سۆزلەش، ئوقۇش، يېزىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش. ئاڭلاش بىلەن سۆزلەش تىل ئوقۇتۇشتىكى مۇھىم ھالقا، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنى ھەر ۋاقىت خەنزۇ تىلىدا يۈرەكلىك سۆزلەشكە ئىلھاملاندۇرۇپ، كۆپ ۋاستىلىك تىل ئوقۇتۇش تەجرىبىخانىسىنىڭ رولىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئاڭلاشتىن سۆزلەشكە يۈزلەندۈرۈشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىدا، ئانا تىل مەدەنىيىتى بىلەن خەنزۇ تىلى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق، يەنى ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت كاتېگورىيەسىنىڭ پەرقىنى چۈشەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، تىل ئىشلىتىش ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش ئارقىلىق پەرقنى كۆرسىتىپ، ئەينەن كۆچۈرۈپ ئىشلەتمەي، تەقلىدىي پەرقلەندۈرۈپ ئىشلىتىشنى ئەمەلىي مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ، ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ پىسخىك توسالغۇسىنى يېڭىشكە ياردەم بېرىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىشى، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

غەيرىي دەرسلىك ماتېرىياللىرى بىلەن دەرسلىك ئوقۇتۇشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىمىنى ئىمكانقەدەر دەۋر قەدىمىگە تېز ماسلاشتۇرۇپ، خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىدا زورلاپ ئۆگىنىشتىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆگىنىشكە ئۆتۈشتەك ماھىيەتلىك بۇرۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. ئوقۇغۇچىلار كۆپىنچە ھاللاردا سىنىپتىن، مەكتەپتىن چىقىپ كەتسىلا خەنزۇچە كىتاب ماتېرىياللارنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويىدۇ. شۇڭا ئوقۇتقۇچى مۇشۇ خىل ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا خەنزۇ تىلىغا ئائىت نەشىرلەرنى، قانداق ماتېرىياللارنى كۆرگەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن نېمىلەرنى ئۆگەنگەنلىكىنى، قانداق تەسىراتقا ئىگە بولغانلىقىنى سورۇشتۇرۇپ ئاز - ئازدىن بولسىمۇ ئۇلارنىڭ ئۆزلىكىدىن ئىزدىنىش روھىنى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

تېكىست ئوقۇتۇش بىلەن ئەدەبىي ئەسەر تۈرلىرىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشنى ئوقۇغۇچىلارغا بىلدۈرۈش، تەرجىمە قىلدۇرۇش، چۈشەندۈرۈش، تەھلىل قىلدۇرۇش ئارقىلىق ھالقىلارنى پۇختا ئىگىلىتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، خەنزۇچە ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تۈر ئالاھىدىلىكلىرى، قانۇنىيىتىنى ئىگىلىتىش ۋە يېزىقچىلىق ماھارىتىنى ئۆستۈرۈشكە ئاساس سېلىشىغا ياردەم بېرىشى كېرەك. ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىتابىتىكىنىلا بىلىپ، باشقا خەنزۇچە سۆزلەرنى بىلمەيدىغان ئەھۋالىغا قارىتا كۈندىلىك دەرسكە بىرلەشتۈرۈپ، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى، تۇرمۇش ئادەتلىرى سۆزلۈكىنى ئۆگىتىشكە يېتەكلەش بىلەن بىرگە مەكتەپتە ۋە سىنىپ ئىچىدە ئۆزئارا خەنزۇ تىلىدا سۆزلىشىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك.

ئوقۇتقۇچى خەنزۇتىلى دەرسىنى ئۆلچەملىك ئۆتۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ خەنزۇتىلى سەۋىيەسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشى كېرەك. خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىشتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ قارىغۇلارچە يادلاپ ئۆگىنىشىدىن، گىرامماتىكىنى ئۆلۈك چۈشەندۈرۈشتىن ساقلىنىپ، جانلىق مىساللارنى ئۆلگە قىلىشقا ماھىر بولۇپ، بالىلار قىزىقىدىغان تېمىلاردا، بالىلار تىلى بىلەن بېرىلىدىغان ئاددىي جۈملىلەرنى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە تىلدا مىسال ئېلىپ، ئاندىن ئۇنىڭ ئىپادىلىنىشىدىكى گىرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكىنى چۈشەندۈرۈش كېرەك. ئېلىنغان مىساللار بالىلارنىڭ قىزىقىشى، تىل ئىشلىتىش ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىشى، بالىلار ئوڭايلا چۈشىنەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى ئالدى بىلەن بۇ تىلنى ياخشى ئۆگىنىشتىكى تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، مىسال ۋە قە-

زىقارلىق ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئۆلۈك ئۆگىنىش ئۇسۇلىغا خاتىمە بېرىپ، خەنزۇ تىلى سەۋىيە سىناش ئىمتىھانىنىڭ تەرتىپلىرىگە ماسلاشتۇرۇپ، يېڭى ئۇسۇل ۋە چارىلەر بىلەن تىلنى ياخشى ئىگىلەشكە ئاساس سېلىشى، بۇنىڭدا يەنە ئاڭلاش، ئوقۇپ چۈشىنىش، گىراماتىكا، يېزىقچىلىقتا تەڭ ئەھمىيەت بېرىشى، ئوقۇغۇچىلارنى كۆپرەك ماتېرىيال كۆرۈشكە، تەسىرات يېزىشقا يېتەكلەپ، ئۇلارنىڭ ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلىيەتتە قوللىنىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىشى، گىراماتىكا قىسمىنى چۈشەندۈرگەندە، گىراماتىكىلىق قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرنى تولۇق ئىگىلەشكە ئاساس سېلىشى، يېزىقچىلىق سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشتە ئالدى بىلەن ياخشى يېزىلغان، بالىلارنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىغا ماس كېلىدىغان ئەسەر ـ ماقالىلەرنى ئوقۇشقا تەشكىللەپ، ئۆزىگە تەسىر قىلغان تېمىدا ماقالە يېزىشقا ئۇيۇشتۇرۇش ھەم ئوقۇغۇچىلارنى نۇتۇق سۆزلەش، خەنزۇچە ھېكايە ئوقۇش، ماقالە يېزىش قاتارلىق تۈرلۈك پائالىيەتلەرگە تەشكىللەشكە ماھىر بولۇپ، خەنزۇ تىلى ئۆگىنىش جەريانىنى قوبۇل قىلىش تەس ئەمەس، بەلكى كۆڭۈللۈك بىر ئۆگىنىش جەريانى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش كېرەك. خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسى دەرسنى قىزىقارلىق، چۈشىنىشلىك، ئەڭ مۇھىمى ئوقۇغۇچىلار ئاسان ئەستە ساقلىيالايدىغان ئۇسۇلدا ئۆتۈشكە ماھىر بولۇشى لازىم. دەرسنى جانلىق باشلاش تولىمۇ مۇھىم بولۇپ، دەرسنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالىغۇدەك باشلاپ ئۆتكەندە، سىنىپنىڭ ئومۇمي كەيپىياتى كۆتۈرۈلۈپ، ھەممە ئوقۇغۇچى بىردەك پىكىر قاتناشتۇرىدىغان، دەرسنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلايدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە دەرس ئارىلىقىدا ئوقۇغۇچىلاردىن كۆپرەك سوئال سوراش، مەيلى توغرا ياكى خاتا جاۋاب بەرسۇن، بىردەك ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرۇش، ئوقۇغۇچىلارغا كۆپرەك سۆزلەش پۇرسىتى بېرىش كېرەك. ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە يېتەكلەش كېرەك. بۇنداق بولغاندا، ئوقۇغۇچىلار ئەتراپنى كۆزىتىپ، يېڭى سۆزلەرنى دىققەت قىلىپ ئۆگىنىۋالالايدۇ. ئۆزى مۇستەقىل ئۆگىنىش، تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق يېڭى مەسىلىلەرنى بايقىيالايدۇ. سىنىپتا ئىگىلەپ بولالمىغان نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ تېز ئالغا باسالايدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشتە ئوقۇتقۇچىلار ئۆزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇرىنى ئېچىشقا ماھىر بولۇشى، دەرستە ئارقىدا قالغان ئوقۇغۇچىلارنىمۇ ئىلھاملاندۇرۇپ، ئۇلارنى دەرستە تىرىشىدىغانلار قاتارىغا كىرگۈزۈشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، ھەممە ئوقۇغۇچى تەڭ ئۆگىنىدىغان، تەڭ تىرىشىدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك.

خەنزۇتىلى ئوقۇتقۇچىلىرى چوقۇم خەنزۇچە خەتلەرنىڭ بىخۇا تەرتىپى، يېزىلىش شەكلى ۋە تون بەلگىسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى، ھەربىر خەتنى ھاۋاغا يېزىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىر قانچە قېتىم ھاۋاغا يېزىشنى مەشىق قىلىپ بولغاندىن كېيىن دوسكىغا تەرتىپ بويىچە يېزىشنى تەلەپ قىلىش لازىم. بۇنداق قىلغاندا خەت ۋە سۆز ـ جۈملىلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ خاتىرىسىگە سىڭىپ كېتىشتەك ياخشى ئوقۇتۇش ئۈنۈمىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئوقۇتقۇچى دەرسخانا پائالىيىتى ئېلىپ بېرىشقا ئەھمىيەت بېرىشى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇشى كېرەك. دەرسخانا ئوقۇتۇشىدا شەكىلنىڭ بىر خىللىقىمۇ ئوقۇغۇچىلارنى زېرىكتۈرۈپ قويىدىغان تەرەپلەرنىڭ بىرى. شۇڭا، ئوقۇتۇشتا ھەر خىل شەكىلدىكى جانلىق پائالىيەتلەرنىڭ رولىغىمۇ سەل قارىماسلىق كېرەك. مەسىلەن، دەرسلىكتىكى دىيالوگلارنى ئۆز تىلىغا ئايلاندۇرۇپ ئۆزگەرتىپ، روللارنى تەقسىم قىلىپ سۆزلىشىش مەشقى ئېلىپ بېرىشقىمۇ بولىدۇ.

تاپشۇرۇقنىڭ رولىغا سەل قارىماي قىممىتى بار، ئەھمىيىتى بار تاپشۇرۇقلارنى بېرىش كېرەك. تاپشۇرۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگەنگەنلىرىنى مۇستەھكەملەشتىكى مۇھىم ھالقا. شۇڭا ئوقۇتۇشتىن كېيىنكى تاپشۇرۇقتا ساننى قوغلاشماي سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىنىشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىغا لايىق بولۇشى كېرەك. تاپشۇرۇق بېرىشتىن بۇرۇن ئوقۇتقۇچى چوقۇم ئوقۇغۇچىلارنىڭ چۈشىنىش قابىلىيىتىنى تەھلىل قىلىشى، بېرىلىدىغان تاپشۇرۇقلارنى ئالدىن پىلانلىۋېلىشى، ئوقۇغۇچىلارغا تاپشۇرۇق ئىشلەشتىكى تەلەپلەرنى ئېنىق ئۇقتۇرۇشى، خەتنى كۆپ مەشىق قىلىپ يېزىشنى تەلەپ قىلىشى، شۇنداقلا ئوقۇغۇچىلار تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولغان ھامان يىغىۋېلىپ تەكشۈرۈپ، سۈپىتى ناچار، بىخۇا تەرتىپى بويىچە يېزىلمىغان خەتلەرنىڭ ئاستىغا تۈزىتىپ يېزىپ قويۇش لازىم. ئوقۇتقۇچىلار تاپشۇرۇق تەكشۈرگەندە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن خاتا ئىشلىگەن جايلىرىنى تەپسىلىي تۈزىتىشى ھەم نومۇر قويماي بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇقنى قايتا ئىشلەشكە بۇيرۇشى، لاياقەتلىك تاپشۇرۇق ئىشلىگەنگە قەدەر قايتا ـ قايتا ئىشلىتىپ، ئاندىن نومۇر قويۇش لازىم.

تەھرىرلىگۈچى: مەرۇپجان مەتىمىن

# لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ شىر ئۇسسۇلى

ئەخمەتجان مۆمىن تارىمى

(شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتىنىڭ كاندىدات ئالىي مۇھەررىرى 830001 )

**قىسقىچە مەزمۇنى:** مەزكۇر ماقالىدە لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىدىكى شىر ئۇسسۇلى ۋە ئۇنى زامانىمىزغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن شەخس ياسىن سەيپىنىڭ ئەھۋالى، رايونىمىزدىن بايقالغان قەدىمكى قەبرىلەر، قىيا تاش رەسىملىرىدىكى شىر ۋە شىر ئۇسسۇلىغا مۇناسىۋەتلىك پاكىتلار، خەنزۇچە كىلاسسىك ئەسەرلەردە خاتىرىلەنگەن قەدىمكى شىنجاڭنىڭ شىر ئۇسسۇلى توغرىسىدىكى بايانلار، ئاغزاكى ماتېرىياللار، يازما ماتېرىياللار، ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللار ئاساسىدا شىر ئۇسسۇلىنىڭ هازىرقى ئەھۋالى ۋە تارىخىي تەرەققىياتى توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگەن.

**摘要**: 本文阐述了罗布泊人的狮子舞及其传人亚森·赛皮的情况。通过对疆内发现的古墓、岩石狮画、与狮子舞的有关的史证资料、汉语古典书籍上记载的有关古代新疆狮子舞的论述、口头资料、书面资料、考古资料等说明了狮子舞的发展现状。

شىر ئۇسسۇلى ـــ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسسۇللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ نىقاپلىق ئۇسسۇلغا تەۋە. بۇ ئۇسسۇل هازىر پەقەت شىنجاڭنىڭ لوپنۇر ناهىيەسىدىلا ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، باشقا جايلاردا ئۇچرىمايدۇ. لوپنۇردىكى شىر ئۇسسۇلى شىرنىڭ هەر تۈرلۈك قىياپەتلىرى، چىراي ئىپادىسى، هەرىكەت هالەتلىرىنى دوراپ ئوينىلىدىغان بولۇپ، يىگىرمە بەش خىل هەرىكەتتىن تەركىب تاپقان. ئۇسسۇلچىلار بۇنىڭدا يالغان ساقال چاپلاپ، كىچىك مىس قوڭغۇراقلار ئېسىلغان يېپىنچا ئارتىپ، ناغرا، سۇنايىنىڭ تەڭكەش قىلىشىدا ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ هەمدە شىرنىڭ هەر خىل هەرىكەتلىرىنى دوراپ، كىشىگە كۈچلۈك بەدىئىي تەسەۋۋۇر ئاتا قىلىدۇ. بۇ ئۇسسۇل لوپنۇردا هېيت ـ بايرام، مەرىكە ـ يىغىلىشلاردا ئوينىلىدىغان بولۇپ، هازىرقى كۈندە لوپنۇردىكى شىر ئۇسسۇلىنىڭ داۋاملىشىشىغا ئالاهىدە تۆهپە قوشقان شەخس 1936 ـ يىلى لوپنۇردىكى تىكەنلىكتە تۇغۇلغان پېشقەدەم خەلق سەنئەتكارى ياسىن سەيپىدۇر. ئۇ ئەنئەنىۋى شىر ئۇسسۇلىنى ئىجادىي يوسۇندا بېيىتىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ ئويناپ كېلىۋاتقان شىر ئۇسسۇلىدا، شىرلارنىڭ ئوۋغا چىققاندىكى تاپ پۇراپ هوۋلاشلىرى، بىر ـ بىرى بىلەن سۈركىلىشىپ ، ئەركىلىشىپ ئويناشلىرى، ئەركەك ـ چىشى شىرلارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن بولغان يېقىنچىلىقلىرى، ئۇلارنىڭ ئاسلانلىرىنى ئەركىلىتىشلىرى، هەيۋە قىلىشلىرى ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئۇسسۇل ناغرا ـ سۇنايلارنىڭ رىتىملىق ئۇدارىغا كەلتۈرۈپ، ئىككى تىزنى سەل ئېگىپ، تاق قەدەم بىلەن ماڭىدىغان، بەش بارماقنى شىرنىڭ پەنجىلىرىدەك ئېچىپ، بويۇننى ئالدىغا ئېتىپ، چىرايىنى هەر خىل ئۆزگەرتىپ، قاش ، كۆزلەرنى ئوينىتىپ، شىرنىڭ هەر خىل هەرىكەتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان، قىزىقارلىق، كۈلكىلىك، ئويناش بىرقەدەر قىيىن بولغان ئۇسسۇلدىن ئىبارەت. شىر ئۇسسۇلى 2008 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى، ياسىن سەيپىمۇ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك شىر ئۇسسۇلى ۋارىسى بولۇپ بېكىتىلدى.

ئۇيغۇرلاردىكى شىر ئۇسسۇلىنىڭ تارىخى ئۈستىدە توختالغاندا، گەپنى ئاۋۋال شىردىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. شىر ـــ گۆشخور ياۋايى هايۋان بولۇپ، هازىر ئاساسەن ئافرىقىدا ۋە غەربىي ئاسىيادا ياشايدۇ. شىر پەيدا بولغان جاي مۇقەررەركى شىر ئۇسسۇلى پەيدا بولغان جاي بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداقتا، هازىر شىر مەۋجۇت بولمىغان شىنجاڭدا، جۈملىدىن لوپنۇردا قانداقسىگە شىر ئۇسسۇلى ساقلىنىپ قالىدۇ؟ بۇنىڭدا نەزەرىمىزنى قەدىمكى زامانغا ئاغدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئەلۋەتتە، هازىر شىنجاڭدا شىرنىڭ ياشىمايدىغانلىقىغا قاراپلا، قەدىمكى زامانىدىمۇ شىن-

فولكلور شۇناسلىق

جاڭدا شىر ياشىمىغان دېگىلى بولمايدۇ. ئېھتىمال قەدىمدە شىنجاڭدا ، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا، كونكرېتراق ئېيتقاندا تارىم ئويمانلىقىدا ھازىرقىدىن پەرقلىق ھالدا شىرنىڭ ياشىشىغا ماس كېلىدىغان تەبىئىي مۇھىت بولغان بولۇشى ھەم بۇيەردە شىرلار ياشىغان بولۇشى، كېيىنچە تەبىئىي مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشى، ئېكولوگىيەنىڭ بۇزۇلۇشىغا ئەگىشىپ شىرلارنىڭ ياشاش ماكانى تارىيىپ، ئاقىۋەتتە بۇ شىرلارنىڭ يوقىلىشىغا سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ سۆزىمىزگە دەلىل سۈپىتىدە شۇنى كۆرسىتىمىزكى، 1997 ـ يىلى لوپنۇر ناھىيەسىنىڭ يىڭپەن قەبرىستانلىقىدىكى 15 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان جەسەت ساندۇقىغا يېپىلغان يوپۇقتا شىرنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. بۇنىڭدىن قەدىمدە بۇ جايدا شىرنىڭ بارلىقىنى ھەم بۇجايدا ياشىغانلارنىڭ تۇرمۇشىدا شىرنىڭ مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى قىياس قىلىش مۇمكىن . بۇ ئۆز نۆۋىتىدە قەدىمدە بۇ جايدا ياشىغان ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى قەدىمكى مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى «ئۆكۈز» (كالا)، «بۆركۈت»، «ئەجدىھا»، «ئېيىق» قاتارلىق ھايۋانلارنى ئۆزلىرىگە تۆتېم قىلغان بولسا، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى «ئارقار»، «تاغ تېكىسى»، «بۆرە»، «ياۋا ئۆكۈز»، «بۇغرا»، «يولۋاس »، «شىر»، «قارچىغا»، «شۇڭقار».... قاتارلىقلارنى ئۆزلىرىگە تۆتېم قىلغان. بۇ خىل تۆتېم ئېتىقادى كېيىنكى زامانلاردا تېخىمۇ ئومۇملىشىپ، تۆتېم قىلىنغان ھايۋانات ـ ئۇچار قاناتلارنىڭ رەسىملىرى دەسلەپ ئاددىي، كېيىن ئوبرازلىق ئۇسلۇبتا قىيا تاشلارغا، ساپال، ياغاچ، مېتال بۇيۇملارغا ۋە ھەر خىل توقۇلما بۇيۇملارغىچە چۈشۈرۈلگەن.①

ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە شىنجاڭ تەۋەسىدىن بايقالغان ئارخېئولوگىيەلىك پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، قەدىمدە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ياشىغان ئىنسانلار تېرىكچىلىكتە دەسلەپ ئىپتىدائىي ئوۋچىلىقتىن چارۋىچىلىققا، يىغىمچىلىقتىن دېھقانچىلىققا ئۆتكەن بولۇپ، بۇ ئەھۋال تارىم ئويمانلىقىدا گەۋدىلىك بولغان. قەدىمكى ئىنسانلار ئوۋچىلىق ئىگىلىكى جەريانىدا، ئۆزلىرىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى بەدىلىگە كەلگەن ئوۋ غەنىيمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشقاندا، ئۆز خۇشاللىقلىرىنى قانداقتۇر بىر خىل ئۇسسۇللۇق ھەرىكەتلەر بىلەن ئىپادىلىگەن. كېيىنچە ئۇ خىل ھەرىكەتلەر ھەر قېتىملىق ئوۋ، جەڭ، ئېلىشىشلارنىڭ غەلىبىسىگە تەنتەنە قىلىپ ئوينىلىدىغان بىر خىل رىتىملىق ئۇسسۇل ھەرىكىتىگە قاراپ تەرەققىي قىلغان. شۇنىڭ بىلەن نىقابلىق ئۇسسۇل، تەقلىدىي ئۇسسۇل، يەككە ئۇسسۇل، كوللېكتىپ ئۇسسۇل، ھەر خىل مەزمۇنغا ئىگە مۇراسىم ئۇسسۇللىرى مەيدانغا كەلگەن. شىنجاڭدىكى قىيا تاش رەسىملىرىدە ئۇچرايدىغان كوللېكتىپ نىقابلىق ئۇسسۇل ھەرىكىتى بۇنىڭ دەلىلى بولۇپ، ئالتۇن تاغ قىيا تاش رەسىملىرى ئىچىدە قەدىمكى زامان ئوۋچىلىرىنىڭ بېشىغا مۈڭگۈز، كەينىگە قۇيرۇق تاقاپ، ئۇچىسىغا ھەر خىل ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تېرىسىنى ئارتىپ، ئۆزلىرىنى بىر خىل ياۋايى ھايۋان قىياپىتىگە كىرگۈزۈش ئارقىلىق قولنى قولغا تۇتۇشۇپ، ئۇسسۇل ھەرىكىتىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ھەرىكەتلەرنى قىلىپ، ياۋايى ھايۋانلارغا يېقىنلىشىپ، ئۇلارنى تۇتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن. ② ھازىرمۇ خوتەندە ئارغىماق ئۇسسۇلى، ئۆچكە ئۇسسۇلى، تۆگە ئۇسسۇلى، يولۋاس ئۇسسۇلى، كورلا ۋە لوپنۇردا شىر ئۇسسۇلى، بۈگۈر، شاياردا جەرەن ئۇسسۇلى ، ئونسۇدا ئېشەك ئۇسسۇلى، مەكىتتە غاز ـ ئۆردەك ئۇسسۇلى، قەشقەردە قوشقار ئۇسسۇلى، تۇرپان، قۇمۇلدا توخۇ ئۇسسۇلى ساقلىنىپ قالغان ۋە ھېيت ـ بايراملاردا، مەرىكە ـ يىغىلىشلاردا ئوينىلىدىغان بولۇپ ③، بۇنى ئاشۇ قەدىمكى نىقابلىق ئۇسسۇللارنىڭ راۋاجى دېسەك بولىدۇ.

قەدىمكى شىنجاڭدىكى شىر ئۇسسۇلىغا دائىر يازما مەلۇماتلار خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى دۇەن ئەنجيې يازغان «مۇزىكا مەھكىمىسى خاتىرىلىرى: كۇسەن قىسمى» دە ئەڭ دەسلەپ ئۇچرايدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدا تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىدا ئوينىلىدىغان ئۇسسۇللار ئىچىدە شىر ئۇسسۇلىنىڭ بارلىقى، ئىككى ئادەمنىڭ بىر شىرنىڭ رولىنى ئېلىپ، شىر قىياپىتىدە ياسىنىپ ئۇسسۇل ئوينايدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن. بۇ ئۇسسۇلنىڭ «مۇزىكا مەھكىمىسى خاتىرىلىرى» نىڭ «كۇسەن قىسمى» غا كىرگۈزۈلۈشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئەينى چاغدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاستانىسى چاڭئەن (ھازىرقى شىئەن) گە كېلىپ شىر ئۇسسۇلىنى ئوينىغۇچىلارنىڭ ھەممىسى كۇسەنلىك بولۇپ، بۇ ئۇسسۇلغا تەڭكەش قىلىنىدىغان مۇزىكىمۇ كۇسەنچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان. ④ بۇنىڭدىن شىر ئۇسسۇلىنىڭ دەسلەپتە كۇسەندە ئەۋج ئالغانلىقىنى، ئۇنىڭ كېيىن مىلادىيە 7 ـ ئەسىردە ئوتـ

تۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تۇرپاندىن قېزىلغان تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە توغرا كېلىدىغان قەبرىلەردىن چىققان يادىكارلىقلار ئىچىدە شىر ئۇسسۇلى ئويناۋاتقان رەڭدار لاي قونچاق بار بولۇپ⑤، بۇ شىر ئۇسسۇلىنىڭ ئەينى دەۋردە تۇرپاندىمۇ بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ئۇسسۇل ئەينى چاغدىكى لياڭجۇ (هازىرقى گەنسۇدىكى ۋۇۋېي) دىمۇ كەڭ ئوينالغان بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر شائىر بەي جۈيى ئۆزىنىڭ «غەربىي لياڭ ئويۇنلىرى» ناملىق شېئىرىدا بۇ ئۇسسۇلنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

«غەربىي لياڭ ئويۇنلىرى، غەربىي لياڭ ئويۇنلىرى،
ئوينايدۇ يالغان شىرنى ئۇيغۇرلار تارتىپ نىقاپ.
ئالتۇن يالاتقان كۆزى، كۈمۈش قاپلاتقان چىشى،
ياغاچ بىلەن باش ياساپ، يىپ - يىپەك قۇيرۇق تاقاپ.
جۇلغىتىپ تۈكلۈك كېيىم ئەگىسە بىر جۈپ بەللىرىنى،
تۈكۈلگەندەك تاغىل قۇم خۇددى ئۇن مىڭ يول قاپساپ.
مەللە ساقال چوڭقۇر كۆز ئىككى ئۇيغۇر سەھنىگە،
سەكرەپ كېلىپ سۆزلىدى تۇتۇپ قوللىرىغا داپ» ⑥

شىنجاڭدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغان شىر ئۇسسۇلى كېيىنچە كورېيە، ياپونىيەگىچە تارقالغان. كورېيەنىڭ «ئۈچ دۆلەت تارىخىدىن خاتىرە» ناملىق دەستۇرىدا كورېيە شائىرى سۈي جىيۈەننىڭ (سىللا سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ياشىغان) بەش پارچە شېئىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇلار غەربىي دىيار (شىنجاڭ) مۇزىكا، ئۇسسۇل، تىياتىر سەنئىتىنىڭ كورېيەگە كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئىزاھلاپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىكى «شىر ئويۇنى» دېگەن شېئىر مۇنداق:

«قۇمنى بېسىپ كېلىشكەن تومەن يوللۇق يىراقتىن،
يۈڭ كېيىمى يىرتىلغان ئويناۋېرىپ ئۇزاقتىن.
ئىرغاڭلىتىپ بېشىنى، قۇيرۇقنى لەپشىتەر،
ھەيۋىتىدىن ھايۋانلار زىرقىرىشار تۇۋاقتىن.»⑦

ياپونىيەدىمۇ غەربىي دىيار (شىنجاڭ) نىڭ تىياتىر خاراكتېرىنى ئالغان چوڭ تىپتىكى مۇزىكا - ئۇسسۇللىرىدىن «سۇمۇز»، «باتور» ۋە «شىر ئۇسسۇلى» نىڭ ئوينالغانلىقى مەلۇم. ⑧

شىر ئۇسسۇلى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن كېيىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ، خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى ئۆزىگە تېخىمۇ سىڭدۈرۈپ، خەنزۇ مىللىي بايراملىرىدا، مەسىلەن، جوڭيۈەن بايرىمى ۋە يۈەنشياۋ بايرىمىدا ئوينىلىدىغان بىر ئۇسسۇل بولۇپ قالغان.

ئەمدى قەدىمدە كۇسەن ۋە تۇرپاندا ئوينالغان شىر ئۇسسۇلىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە نېمىشقا بۇ رايونلاردا ئوينالماي پەقەت لوپنۇردىلا ساقلىنىپ قالغانلىقىغا كەلسەك، ئېھتىمال بۇ ئۇسسۇل ئەينى زامانلاردا كۇسەن ۋە تۇرپان بىلەن تەڭ قاتاردا لوپنۇردىمۇ ئوينالغان بولۇشى، كېيىنچە كۇسەنلىكلەر ۋە تۇرپانلىقلار بۇ ئۇسسۇلنى تاشلىۋېتىپ پەقەت لوپنۇرلۇقلارلا بۇ ئۇسسۇلنى ساقلاپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى لوپنۇرلۇقلار ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان تارىم، كۆنچى دەريالىرىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىنلىرى، چەرچەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى بويلىرىدىكى بوستانلىقلاردا بېكىك هالەتتە ياشاپ، سىرت بىلەن ئىنتايىن ئاز ئالاقە قىلغانلىقى ئۈچۈن مەدەنىيەت - سەنئەت جەھەتتە قەدىمكى ئەنئەنىلەرنى ساقلاپ كەلگەن. بۇنى ئەلۋەتتە يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

---

**ئىزاھلار:**

①② ئابدۇقېيۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 - يىلى 4 - ئاي 1 - نەشرى 84 - 93 -، 94 - بەتلەر

③ كورەش رەجەپ: «هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئۇسسۇلچىلىقى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007 - يىلى 12 - ئاي 1 - نەشرى 55 - بەت

④⑤ گوباۋ: «قەدىمكى شىنجاڭنىڭ مۇزىكا - ئۇسسۇلى ۋە قەدىمكى جەمئىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 - يىلى 11 - ئاي 1 - نەشرى 114 — 123 - بەتلەر

⑥⑦⑧ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام غەزىنىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2009 - يىلى 8 - ئاي، 1 - نەشرى، 105 -، 108 -، 152 -، 161 -، 163 -، 165 - بەتلەر

تەھرىرلىگۈچى : مەرۇپجان مەمتىمىن

# چۈۋانقىر ۋە چۈۋانقىرلىقلارنىڭ بەزى ئادەتلىرى

ئەھمەد ئىمىن ئەلنەزەر

( ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل ـ يېزىق كومىتېتى ئاتالغۇلار ئىشخانىسى 830002 )

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ماقالىدە چۈۋانقىرلىقلارنىڭ لەقىمى، نىكاھنى ۋەكىل قويۇپ ئوقۇش، دەستار كىيگۈزۈش، يىگىتلەرنىڭ سالامغا بېرىشى، تاختىغا ئېلىش، قازان بېشى قىلىش، تۈگۈلۈككە چىقىش، مەۋلۇت شېرىپ ئوقۇش، مېيىتنى سۇغا ئېلىش، تەلىم ئۆتكۈزۈش قاتارلىق ئۆرپ ـ ئادەتلىرى توغرىسىدا قىسقىچە مەلۇمات بېرىلگەن.

**摘要**: 本文简要论述鄯善县连木沁镇所辖区的曲旺坎尔的地名来源及曲旺坎尔人具有地方特色的绰号、婚礼、送葬等方面的一些民族习俗。

چۈۋانقىر پىچان ناھىيەسى لەمجىن بازىرى تەۋەسىدىكى مەھەللە بولۇپ، چوڭ دائىرىدىن ئالغاندا لەمجىن بازىرىدىن ئۆتكەن 312 ـ نومۇرلۇق دۆلەت تاشيولىنىڭ جەنۇبىدىكى يۇقىرى مەھەللە، قۇم مەھەللە، قوتان مەھەللە، جىگدە مەھەللە، ئارا مەھەللە، تۆت ئۆي، جاڭزا، ئاقبۇلاق، يۇتۇق، چىنجۇ قاتارلىق مەھەللىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تار دائىرىدىن ئالغاندا، ھازىرقى چۈۋانقىر كەنتىگە قاراشلىق ئارا مەھەللە، تۆت ئۆي، جاڭزا مەھەللە، ئاقبۇلاق، يۇتۇق، چىنجۇ قاتارلىق مەھەللىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

چۈۋانقىر تەۋەسىدىكى قىزىلقۇم يېڭى تاش قورال خارابىلىكى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 7 ـ، 3 ـ ئەسىرگىچە بولغان دەۋرلەرگە تەۋە دۆڭمەھەللە خارابىسى، چەكمەن قەدىمي قەبرىستانلىقى، مىلادى 3 ـ، 5 ـ ئەسىر ئارىلىقىدا قۇرۇلغان ئېغىلتام بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسى، مىلادى 6 ـ ئەسىرلەرگە تەۋە قارا توپىلىق قەدىمي قەبرىستانلىقى، مىلادى 4 ـ 9 ـ ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلدە ياسالغان ماڭدىغۇر مىڭئۆيى، تاڭ دەۋرىدىن قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگىچە بولغان يىللارغا تەۋە يەتتە قىزلىرىم مازىرى قەبرىستانلىقى① قاتارلىق مەدەنىيەت ئىزنالىرى چۈۋانقىرنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ئەجدادلىرىمىز پائالىيەتتە بولغان قەدىمكى مەھەللىلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكتە.

چۈۋانقىر نامى ھازىرغىچە بىز بىلگەن يازما خاتىرىلەر ئىچىدە تۇنجى بولۇپ رۇسىيەلىك ئالىم كاتانوفنىڭ 1892 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ھازىرقى پىچان ناھىيەسىنىڭ لۈكچۈندە شائىر نايىخان بەگنىڭ ئېغىزىدىن خاتىرىلەنگەن «لۈكچۈنگە تەۋە يۇرتلارنىڭ بايانى» دا «چۈبانقىر» ② شەكلىدە كۆرۈلىدۇ. پىچان مىرەنلىك ياغاچچى ئەيسا ئىمىن ئۇستا ساقلىغان، 1929 ـ يىلى كۆچۈرۈلگەن «ياغاچچىلىق رىسالىسى» دىكى «چۈبانقىرلىق موللا مۇھەممەت بىلال قارى كۆچۈردى» ③ دېگەن ئۇچۇردىمۇ «چوبانقىر» شەكلىدە ئۇچرايدۇ. ھازىرغىچە چۈۋانقىر نامى توغرىسىدا بىرقانچە ئوخشىمىغان قاراشلار بار. تەتقىقاتچى ئابدۇقېيۇم خوجا «لەمجىندىكى تاش ئويمىلار» ماقالىسىدە: «چۈۋانقىر ــ چوڭ قىرنىڭ ئاۋام تىلدىكى ئۆزگىرىشى» ④ دەپ تەبىرلەيدۇ. پىچاندىكى پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى، يەرلىك تارىخچى ئابدۇللا ھەمدۇللا «تۇرپان كارىزلىرى» ناملىق كىتابىدا: «چۈۋانقىر ــ مال ـ چارۋا باقىدىغان يەر مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان چوپانقىرنىڭ ئۆزگىرىشى» ⑤ دەپ تەرىپلەيدۇ. يەر ناملىرى تەتقىقاتچىسى نىياز كېرىم تۆپەئاتا «دىيارىمىزدىكى بىر قىسىم يەر ناملىرى ھەققىدە» ناملىق ئەسىرىدە: «چۈۋانقىر ــ چۈۋالچاق قىرنىڭ تىلدىكى ئۆزگىرىشى» ⑥ دەپ تەبىرلەيدۇ. ئەمەلىي تەكشۈرۈش، شۇنداقلا چۈۋانقىردىكى چوڭلار بىلەن قىلغان زىيارىتىمىزدە چۈۋانقىر نامىنىڭ يۇقىرىقى تەبىرلەرگە ئوخشىمايدىغان، تېخىمۇ ئېنىق تەبىرىگە ئېرىشتۇق. چۈۋانقىردىكى چوڭلارنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، تۇرپان شىۋىسىدە ياۋا چىلاننى «چۈغان» دەپ ئاتايدۇ. چۈۋانقىر تەۋەسىدىكى ئېتىز ـ قىرلاردا ياۋا چىلان دەرىخى كۆپ بولغاچقا، مۇشۇ ئالاھىدىلىككە ئاساسەن «چۈغانقىر ــ چۈغان كۆپ ئۆسكەن جاي»

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

دەپ ئاتالغان. ئېنسىكلوپېدىك ئالىم، بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە «چىپىقان ـ چىلان» ⑦ دەپ ئۇچۇر قالدۇرغان. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تىكى مەنىسى ئاساسەن ھازىرقىغا ئوخشاش. فونېتىكىلىق شەكلىدە ئازدۇر ـ كۆپتۇر پەرق بولغان سۆزلەرنى مەخسۇس تەكشۈرۈپ چىقىپ، شۇنداق خۇلاسىگە كەلدۇقكى، ھازىرقى زامانغىچە تەرەققىي قىلىپ كېلىش جەريانىدا «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تىكى نۇرغۇن سۆزلەردە تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلاتسىيەسى، قوشۇلۇپ قىلىشى، چۈشۈپ قىلىشى، نۆۋەتلىشىشى ۋە ئورۇن ئالمىشىشى دېگەندەك تاۋۇش ئۆزگىرىش ھادىسىلىرى كۆرۈلگەن. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تىكى بەزى سۆزلەردىكى «پ» تاۋۇشى ھازىر ئاجىزلىشىپ «ۋ» غا نۆۋەتلەشكەن، يەنە بەزى سۆزلەرنىڭ كەينى ۋە تەركىبىدىكى «ق» تاۋۇشى ھازىر «غ/ج» تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشكەن ⑧. شۇڭا تۇرپان شىۋىسىدىكى ياۋا چىلاننى بىلدۈرىدىغان «چۇغان» دەل «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە يېزىلغان «چىپقان» نىڭ تىل تەرەققىياتىدىكى ئۆزگىرىشى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە بېرىلگەن «قىر، تۆپىلىك، دۆڭ» ⑨ سۆزى ھازىرغىچە تىل ئىستېمالىمىزدا ئەينەن قوللىنىلماقتا. يەكۈنلىيەلەيمىزكى، چۇۋانقىر نامى تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «چىپقان» ۋە «قىر» سۆزلىرىنىڭ بىرىكمىسى بولغان «چىپقانقىر» نىڭ تىل تەرەققىياتىدىكى ئۆزگىرىشى، بولۇپمۇ «چىلان كۆپ ئۆسكەن جاي» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. پىچاندا چۇۋانقىر نامىنىڭ ياسىلىشىغا ئوخشايدىغان يوغانقىر، سايقىر، ياڭىقىر، خاندۇقىر، جىغانقىر، سەۋزە قىر، ئاققىر، سەكسەنقىر دېگەندەك يەر ـ جاي ناملىرىمۇ ئۇچرايدۇ.

**چۇۋانقىرلىقلارنىڭ لەقىمى:** ئۇيغۇرلاردىكى «لەقەم ئاسماندىن چۈشىدۇ»، «لەقەمسىز ئەر بولماس» دېگەندەك ماقال ـ تەمسىللەر لەقەمنىڭ ناھايىتى كەڭ تارقالغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ لەقەملەر ئىچىدە يەككە لەقەم، جەمەت لەقىمى ۋە يۇرت لەقەملىرىمۇ بار. چۇۋانقىردا بۇغقۇچ، كۇلتۇك، بۆرە، بايتال، تايلاق، تۆگە، تاز، پوم، شىخ، سەپتەگۇر، توقماق، گۆۋەن دېگەندەك جەمەت لەقەملىرى بولۇش بىلەن بىرگە پۈتۈن چۇۋانقىرلىقلارنىڭ «تۇقىچەنلەر» دېگەن يۇرت لەقىمى بار. بۇ لەقەمنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدا چوڭلار مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ: تۇقىچەن كۈزدە تېرىلىدىغان ياۋا قوغۇننىڭ بىر تۈرى ئىكەن. بۇرۇندا چۇۋانقىردا ياشىغان ئەجدادلار يازغى بۇغدايىنىڭ ئېگىزىغا قوناق تېرىغاندا، قوناقتا تۇقىچەننىڭ ئۇرۇقىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئېتىزغا چېچىپ قويىدىكەن. ئاچچىقلىقىدىن سويمىسىنى يېگىلى بولمايدىغان تۇقىچەن كۈزدىكى قوناق ئورۇمىغىچە قوناقلىقتا ئۆسۈپ، مۇشتەك ـ مۇشتەك چوڭلۇقتا چۈشۈپ تاتلىق پىشىدىكەن. چۇۋانقىرلىقلار قوناق ئورۇغاندا تۇقىچەن يەپ ئۇسسۇزلۇقلىرىنى قاندۇرىدىكەن. باشقا يۇرتتىكى كىشىلەر ئېتىزلىرىدىن يۇلۇپ تاشلايدىغان تۇقىچەننى چۇۋانقىرلىقلارنىڭ يەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ مەسخىرە قىلىپ، ياۋا قوغۇننىڭ نامىنى چۇۋانقىرلىقلارغا «تۇقىچەنلەر» دەپ لەقەم قويىغانىكەن. چۇۋانقىرلىقلارنىڭ توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغ ئادەتلىرى تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئادەتلىرى بىلەن ئوخشاش. لېكىن تۇرپاننىڭ باشقا جايلىرىدا ئۇنتۇلغان بىر قىسىم ئادەتلەر بۇ يەردە داۋام قىلىپ كەلمەكتە ⑨.

**نىكاھنى ۋەكىل قويۇپ ئوقۇش:** ئىلگىرى قاتناش قولايسىز ۋاقىتلاردا توي باشلىنىدىغان كۈنى ئاخشىمى نىكاھ ئوقۇلاتتى. ھازىر توي كۈنى ئەتىگەنلىكى نىكاھ ئوقۇلىدۇ. بۇ يەردىكى ئاخۇنلارنىڭ «نىكاھ ئوقۇش سۈننەت ئەمەل، ئايالنىڭ يات ئەردىن ئۆزىنى چەتكە ئالىمىقى پەرز. شۇڭا سۈننەت ئۈچۈن پەرزنى بۇزۇش جايىز بولمايدۇ. يىگىت ـ قىزنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، نىكاھ ئوقۇلىدىغان بولغاچقا ۋەكىل قويۇپ نىكاھ ئوقۇش كۇپايە» دېگەن تەشەببۇسى بىلەن بۇ جايدا نىكاھنى ۋەكىل قويۇپ ئوقۇش ئومۇملاشقان. نىكاھ ئوقۇشتىن ئىلگىرى ئىككى مۇشاھىد (گۇۋاھچى) بېكىتىلىپ، يىگىت ۋە قىزدىن ئۆز ئورنىدا نىكاھ ئوقۇشقا قاتنىششقا ۋەكىلىي مۇتلەق (تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىل) لىككە كىمنى قويىدىغانلىقىنى ياكى ئىمام بەلگىلىگەن كىشىگە رازى بولۇپ قوشۇلىدىغان ـ قوشۇلمايدىغانلىقىنى سورايدۇ. يىگىت ۋە قىزنىڭ ماقۇللۇقىدىن كېيىن تۆت گۇۋاھچى نىكاھ ئوقۇلىدىغان سورۇنغا كېلىپ، جامائەت ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا يىگىت ـ قىزنىڭ بۇ نىكاھقا رازىلىق بىلدۈرۈپ، ئۆز ئورنىدا كىمنى ۋەكىل قىلغانلىقىنى جاكارلايدۇ. نىكاھ ئوقۇيدىغان ئىمام شۇنىڭدىن كېيىن نىكاھ خۇتبىسىنى ئوقۇيدۇ. ئارىلىقتا قىزنىڭ ۋەكىلىدىن: «قىز XX گۈل (ئاي) نىڭ ئورنىدا ۋەكىل مۇتلەقتۇرسىز. ئالغان تويلۇقلارغا رازى ۋە راغىپ بولۇپ، XX گۈل (ئاي) نى ئېلىپ يىگىتنىڭ ۋەكىلى XX ئاخۇنغا تاپشۇرۇپ بەردىڭىزمۇ؟» دېگەن سوئالىغا قىزنىڭ مۇتلەق ۋەكىلى: «تاپشۇرۇپ بەردىم» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاندىن كېيىن ئىمام يەنە يە-

گىتىنىڭ ۋەكىلىدىن: «سىزكى XX ئاخۇن، يىگىت XX جان (ئاخۇن) نىڭ ئورنىدا ۋەكىل مۇتلەقتۇرسىز. بەرگەن تويلۇقلارغا رازى ۋە راضىپ بولۇپ، XX گۈل (ئايىنى) تاپشۇرۇپ ئېلىپ، يىگىت XX جان (ئاخۇن) غا تاپشۇرۇپ بەردىڭىزمۇ؟» دېگەن سوئالىغا يىگىتنىڭ مۇتلەق ۋەكىلى: «يىگىت XX جان (ئاخۇن) غا تاپشۇرۇپ بەردىم» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. نىكاھ خۇتبىسى داۋاملىق ئوقۇلۇپ، نىكاھ ئوقۇش تاماملىنىدۇ. بۇ خىل نىكاھ ئوقۇش ئۇسۇلى بەلكىم ئۆتمۈش جەمئىيەتتىكى قىز - يىگىتلەرنىڭ نىكاھ ئەركىنلىكى پۈتۈنلەي ئاتا - ئانا تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان، يىگىت بىلەن قىز بىر - بىرىنى كۆرۈپمۇ باقماي تويلىشىدىغان دەۋرلەرنىڭ ساقىندىلىرىدىن بولسىمۇ، ھازىرقى يىگىت - قىز ئۆزئارا سىنىشىپ، ئۆزئارا ماقۇللىشىپ توي پۈتۈشىدىغان، نىكاھ ئەركىنلىكى قوغدىلىدىغان دەۋردە بۇ خىل ۋەكىل قويۇپ نىكاھ ئوقۇش يەنىلا ئانچە چەتكە قېقىلمىسا كېرەك.

**دەستار كىيگۈزۈش:** بۇ چۈۋانقىردا داۋاملىشىپ كەلگەن ئادەت. بۇنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئەنئەنە بويىچە ئۆتكۈزۈلۈشى مۇنداق: قىزنى كۆچۈرۈپ چىققاندا ئالدىغا چىققان يىگىت ۋە دوستلىرى بىلەن يېرىم يولدا كۈتۈپ تۇرىدۇ. بۇ جەرياندا ناخشىچىلار توققۇز داپ چېلىپ ناخشا ئېيتىپ تۇرىدۇ. بۇ ناخشا «تاغدا تېرىقۇ» دېيىلىدۇ. قىز كۆچۈرگۈچىلەر كەلگەندە ئۇلارغا سالام بېرىلىپ ئۇلار بىلەن قوشۇلۇپ مەھەللىگە قاراپ ماڭىدۇ. ئېشىك ئالدىغا كەلگەندە، تۈنجى نىكاھلىق ياشتا چوڭراق ئەر ياكى ئايال يىگىت ئۈچۈن يېڭى دوپپا ياكى بىر نىكاھلىق بولغان چوڭلارنىڭ تۈمىقىنى تاللاپ ئۈستىنى قىز تەييارلىغان قىزىل رەڭلىك تاۋاردىن چىرايلىق قاپلاپ دەستار ⑪ ياسايدۇ. يىگىت توي تۈگىگۈچە «سۇلتان» دېيىلىدىغان بولغاچقا، بۇ قىزىل رەڭلىك دەستار يىگىتنىڭ «سۇلتانلىق تاجىسى» دېيىلىدۇ. دەستارنى يىگىتكە كىيدۈرۈشتە دەستارنى ياسىغان ئەر دەستارنى غەلۋىرگە سېلىپ يىگىتنىڭ بېشىدىن ئۈچ قېتىم ئايلاندۇرۇپ يىگىتكە كىيگۈزىدۇ. ئايال كىشى ياسىغان دەستار بولسا دەستارنى يىگىتكە كىيدۈرۈش ئۈچۈن بىر نىكاھلىق بولغان ئەرگە بېرىدۇ. ئاندىن قىز تەرەپ تەييارلىغان قىزىل ياغلىق ۋە پوتا بۇ كىشى تەرىپىدىن يىگىتنىڭ بويىنىغا ۋە بېلىگە چىڭ چىگىلىدۇ. يىگىت ئىككى قولداشنىڭ ھەمراھلىقىدا ئوت ئاتلايدىغان جايغا باشلاپ كېلىنىپ كۆن ئولتۇرۇشقا قاراپ تۇرىدۇ. يىگىتنىڭ ئاتىسى «ئوغلىنىڭ ئامانلىقى، يېڭى قۇرغان ئائىلىسىنىڭ بەختى» ئۈچۈن يىگىت بېشىدىن ئۈچ قېتىم ئۆلۈك ئايلاندۇرۇپ كىشىلەر ئارىسىغا پۇل چاچىدۇ. يىگىتنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى قىزىل، كۆك، سېرىق قاتارلىق ھەر خىل رەڭدار رەختلەرنى ئاۋۋال ئۆلۈك تەرەپتىن، ئاندىن سول تەرەپتىن يىگىتنىڭ بويىنىغا سېلىپ، قولتۇق ئاستىغا چۈشۈرۈپ چىڭ چىگىدۇ. يىگىتنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - يارەنلىرى يىگىتنىڭ بويىنىغا سېلىنغان رەختلەر ئارىسىغا پۇل قىستۇرۇپ ئۆز كۆڭۈللىرىنى ئىزھار قىلىشىدۇ. بۇ چاغدا توققۇز ناخشىچىلار داۋاملىق «تاغدا تېرىق» ناخشىسىنى ئېيتىپ سەل ئېگىزگە چىقىپ تۇرىدۇ. ئوت يېقىلىپ، ئوت راسا يالقۇنجىغان چاغدا يىگىت قولداشلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا داپ تەڭكەش قىلىنغان ناخشا ساداسى ئىچىدە ئوتتىن سەكرەپ ئۆتىدۇ. بىر قېتىم سەكرەپ بولۇپ ئۆلۈك ئايلىنىپ ئىككىنچى قېتىم، يەنە كەينىگە ئۆلۈك ئايلىنىپ ئۈچىنچى قېتىم سەكرەيدۇ. بۇ جەرياننى يىگىتنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - يارەنلىرى، قىز ۋە ئۇنىڭ قولداشلىرى كۆرۈپ تۇرىدۇ. يىگىتنىڭ ئاتا - ئانىسى خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكۈشىدۇ. يىگىت ئۈچ قېتىم ئوتتىن سەكرەپ ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن قىز - يىگىت ئۆيىگە قاراپ ماڭىدۇ. كەينىدىن يىگىتمۇ قولداشلىرى بىلەن ھۇجرىغا قاراپ ماڭىدۇ. ناخشىچىلار «تاغدا تېرىق» ناخشىسىنى «يەل» ناخشىسىغا ئۆزگەرتىپ يىگىت كەينىدىن ماڭىدۇ. قىز بوسۇغىدىن ئوت ئاتلاپ ھۇجرىغا كىرىدۇ ۋە ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا كېلىپ يىگىتنى ساقلاپ تۇرىدۇ. يىگىت قىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ قىزنىڭ بېشىغا بىر مۇشت ئۇرىدۇ. ئەگەر قىز چاققان بولسا ئۆزىنى چەتكە ئالالايدۇ، ئاندىن قىز يىگىتنىڭ ئالدىغا كېلىپ «سۇلتانلىق تاجىسى» نى ئېلىپ بويىنىدىكى قىزىل پوتا ۋە باشقا رەڭدار رەختلەرنى يېشىدۇ. ياغلىق ۋە پوتا چىڭ چىگىلگەن بولۇپ قىزنىڭ سەۋرچانلىقى ۋە چىۋەرلىكى يەنە بىر رەت سىنىلىدۇ. ئاندىن كېيىن يىگىت - قىز بىر - بىرىگە تەزىم قىلىشىدۇ. بۇ جەرياندا ناخشىچىلار توختىماي ناخشا ئېيتىپ تۇرغان بولىدۇ. بۇ «دەستار كىيگۈزۈش» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ چاغدا ئېيتقان «تاغدا تېرىق» ناخشىسى ناھايىتى مۇڭلۇق، چۈۋانقىرلىقلاردا «تاغدىن تېرىق ئاڭلىساڭ ئەرگە تەگكۈڭ كېلۇر، مەۋلۇت شېرىپ ئاڭلىساڭ ئۆلگۈڭ كېلۇر» دېگەن ماقال شۇنىڭدىن كەلگەن.

**يىگىتلەرنىڭ سالامغا بېرىشى:** تويىنىڭ ئەتىسى چۈشتىن كېيىن يىگىت بىرنەچچە ئاغىنىلىرى ۋە قولداشلىرى بىلەن قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىغا سالام بەرگىلى بار-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دۇ. بۇ «سالامغا بېرىش» دېيىلىدۇ. ئۇلار قىزغىن كۈتۈۋېلىنىدۇ. يىگىت قېيىنئاتا، قېيىنئانىسىنىڭ ئۆيىدىن ئۆي ئىگىلىرىگە كۆرسەتمەستىن مۇھىم جابدۇق ۋە كۈندە ئىشلىتىدىغان نەرسىلەرنى «ئوغرىلاپ» ئېلىۋالىدۇ. بۇ ھال يىگىتنىڭ چاققانلىقى شۇنداقلا بۇ نەرسىلەر يىگىت ئۆيىگە ئېلىپ بېرىلغاندا قىزنىڭ بۇ نەرسىلەرنى تونۇشىغا قاراپ قىزنىڭ چېچەنلىكىگە بولغان قىزىقارلىق سىناق ھېسابلىنىدۇ.

**تاختىغا ئېلىش:** جۇۋانقىرلىقلاردا «ئادەم جان ئۈزگەن ھامان يەردىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرۇشى كېرەك» دەيدىغان قاراش بار. شۇڭا ئۇلار ئادەم جان ئۈزگەندىن كېيىن مېيىتنى مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان تاختا (ياغاچ كارىۋات) ئۈستىگە ئېلىپ، كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، ئېڭىكىنى تېڭىپ، پۇت - قوللىرىنى تۈزلەپ، پۈتىنى غەربكە قىلىپ ياتقۇزىدۇ ۋە ئۈستىگە ئاق رەخت ياپىدۇ.

**قازان بېشى قىلىش:** ئادەم جان ئۈزگەندىن كېيىن شۇ مەھەللىدىكى ياشتا چوڭراق ئاياللاردىن بىرى ئۆلگۈچىنىڭ روھىغا ئاتاپ پوشكال سېلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىنىدۇ. بۇ ئايال «قازان بېشى قىلغۇچى» دېيىلىدۇ. قازان بېشى قىلغۇچىغا يېڭى ئىشتان كىيگۈزۈلىدۇ. يېڭى ئىشتان بولمىسا يېڭى رەختنى پەرتۇق قىلىسىمۇ بولىدۇ. ئاندىن ئۇ خېمىر يۇغۇرۇپ «جان ھەققى پوشكىلى» سالىدۇ. دەسلەپتە 11 دانە پوشكال سالىدۇ ۋە پوشكال سېلىش جەريانىدا تۆۋەندىكىلەرنى تەكرار - تەكرار ئوقۇيدۇ:

زەر كەلدى، زەۋەر كەلدى،
يەر ئاستىدىن خەۋەر كەلدى.
خەۋەر كەلگۈچە مەن كەلدىم.

مېيىت نامىزى چۈشۈرۈلۈپ دەپنە قىلىش ئۈچۈن ماڭغاندىن كېيىن قازان بېشى قىلغۇچى قايتىدىن توققۇز دانە پوشكال سالىدۇ. پوشكال سېلىش جەريانىدا تۆۋەندىكىلەرنى تەكرار - تەكرار ئوقۇيدۇ:

زەر كەتتى، زەۋەر كەتتى،
يەر ئاستىدىن خەۋەر كەتتى،
خەۋەر كەتكۈچە مەن كەتتىم.

قازان بېشى قىلغۇچى ئايال ئىككىنچى كۈنى سەھەردە يەتتە دانە، ئۈچىنچى كۈنى سەھەردە بەش دانە، ئۈچىنچى كۈنى كەچتە ئەتىكى نەزىر (چۇۋانقىردا تۆتىنچى كۈنى چوڭ نەزىر بېرىلىدۇ) ئۈچۈن پوشكال سېلىشتىن بۇرۇن ئۈچ دانە پوشكال سالىدۇ. بۇ پوشكاللار پەتە قىلىپ كەلگەنلەرنىڭ ئالدىغا قويۇلىدۇ، لېكىن يېيىلمەيدۇ. كېيىن بۇ پوشكاللار نەزىر پوشكاللىرىغا قوشۇۋېتىلىدۇ. پوشكال خېمىرىغا پىياز كۆپ قوشۇلىدۇ. «پىياز پۇرىقى كۈچلۈك بولغاچقا روھلارغا تېز تېگىدۇ» دەپ قارىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن «قازان بېشى قىلىش» ئاخىرلىشىدۇ، قازان بېشى قىلغۇچىمۇ رازى قىلىنىدۇ.

**تۈڭلۈككە چىقىش:** مېيىتنى يۇيۇشتىن بۇرۇن يۇيغۇچىلار «مېيىتنى يۇيىمىز» دەپ خەۋەر بەرسە قارىيلاردىن بىرى مېيىتنى يۇيىدىغان ئۆينىڭ تۈڭلۈكىدە تۇرۇپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىدۇ. بۇ «ئۆلگۈچىنى يۇيغان ۋاقىتتا ئازاب پەرىشتىلىرىنىڭ كېلىپ ئازاب قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن» دەپ قارىلىدۇ. ئەگەر ئۆلگۈچى ئايال كىشى بولسا بىر تەخسە بۇغداي، بىر تەخسە قوناق، قايچا، ئەينەك، لېچەك قاتارلىق نەرسىلەر، ئەر كىشى بولسا بىر تەخسە بۇغداي، قوناق، دوپپا، ئۈستىرا قاتارلىق نەرسىلەر تۈڭلۈكنىڭ ئاغزىغا قويۇلىدۇ. قارىي قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن بۇ نەرسىلەر ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلىنىدۇ. بۇ «تۈڭلۈككە چىقىش» دېيىلىدۇ.

**مەۋلۇت شېرىپ ئوقۇش:** ئۇيغۇرلاردا مەۋلۇت ئوقۇش ئومۇملاشقان ئادەت. چۇۋانقىردا مېيىتنى پەتىلەپ كەلگەن جامائەت توپلىشىپ ناماز چۈشۈرۈشتىن بۇرۇنمۇ مەۋلۇت شېرىپ ناھايىتى مۇڭلۇق قىلىپ ئوقۇلىدۇ. چۇۋانقىرلىقلاردىكى «مەۋلۇت شېرىپ ئاڭلىساڭ ئۆلگۈڭ كېلۇر، تاغدا تېرىق ئاڭلىساڭ ئەرگە تەگكۈڭ كېلۇر» دېگەن ماقال شۇنىڭدىن كەلگەن.

**مېيىتنى سۇغا ئېلىش:** مېيىتنى يۇيۇش پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا ئورتاق ئادەت. ئەمما چۇۋانقىردىكى بۇ ئادەتتە سۇنىڭ تەييارلىنىشى ئۆزگىچىرەك. مېيىت دەپنە قىلىنىشتىن بۇرۇن پاكىزە سۇدا ئۈچ قېتىم يۇيۇلىدۇ. بۇ «سۇغا ئېلىش» دېيىلىدۇ. سۇغا ئېلىشتا ئىشلىتىدىغان سۇ مۇنداق تەييارلىنىدۇ، ئېقىپ تۇرغان سۇدىن سۇنىڭ ئېقىش يۆنىلىشى بويىچە سۇ ئېلىنىدۇ ۋە سۇ ئالغۇچى ئېلىش جەريانىدا تۆۋەندىكىلەرنى تەكرار - تەكرار ئوقۇيدۇ:

تۇم ئاللا، تۇمان ئاللا،
يەتتە بۇلاقتىن سۇ ئالدىم،
يەتتە پەرىشتەم سەن ئاڭلا.

سۇغا گۈلى رەيھان قاتارلىق پۇراقلىق گۈللەرنى قوشۇپ قاينىتىدۇ ۋە ئىلمان سۇ تەييارلىنىدۇ. مېيىت يۇيۇش جەريانىدا قولىغا رەختتىن ئۆزلىرى تەييارلىغان قولقاپ كىيىۋالىدۇ ۋە ئېغىزلىرىنى چىڭ ئېتىۋالىدۇ. «ئەگەر مېيىتنىڭ پۇرىقى ئېغىزغا كىرىپ كەتسە چىشلارنى ئورنىدىن تەۋرىتىپ، ئاسانلا چىش چۈشۈپ كېتىدۇ» دەپ قارايدۇ. ئاق رەختتىن كېپەنلىك تەييارلىغاندا، كېپەنلىك رەختتىن يىپ چىقىرىپ، تۆمۈر يىڭنە ئىشلەتمەي، ئوڭ تەرەپ بىلەن سول تەرەپنى باستۇرۇپ (چاپان تۈگمىلەشنىڭ ئەكسىچە) يۆمەپ چىگىلىدۇ. مېيىتنى سۇغا ئېلىش جەريانىدا ئىشلەتكەن چۆمۈچنى مېيىت ئىگىلىرىنىڭ رازىلىقى بىلەن ئۇزۇنغىچە تۇغمىغان ئاياللار ئىشلىتىشكە ئېلىۋالىدۇ. «بۇنى ئىشلەتسەك پەرزەنتلىك بولىمىز» دەپ قارايدۇ. مېيىت يۇيۇشقا قاتناشقان كىشىلەرمۇ رازى قىلىنىدۇ.

مېيىت يۇيۇش جەريانىدا ئىشلەتكەن قولقاپ، لۆڭگە ئورنىدا ئىشلەتكەن رەختلەر كەچتە يۇلتۇز چىققاندا ئۆگزىگە ئەچىقىپ يېيىپ قويۇلىدۇ. بۇ «يۇلتۇز كۆرسىتىش» دېيىلىدۇ. بۇلار قۇرۇغاندىن كېيىن مېيىت ئىگىلىرى ئەتىۋارلاپ ساقلايدۇ. مېيىت يۇيۇشتىن چىققان سۇنى ئادەم سىيمەيدىغان، پاكىزە جايغا تۆكۈپ، توپا بىلەن كۆمۈۋېتىدۇ.

تەلىم ئۆتكۈزۈش: بۇ مېيىت دەپنە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئاياللار توپلىشىپ ئۆتكۈزىدىغان دىنىي پائالىيەت، بۇنىڭغا ئەرلەر قاتناشمايدۇ. ئاياللار مەرھۇمنىڭ روھىغا ئاتاپ توققۇز تۈمەن قېتىم «ئىمان كەلىمىسى» ئوقۇيدۇ. بۇ تۈگىگەندىن كېيىن مەرھۇمنىڭ ئايال تۇغقانلىرىدىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ، كۆپچىلىككە سالام بېرىپ، مەرھۇمنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى ئۈچ قېتىم سورايدۇ. يەنە مەرھۇمغا ۋاكالىتەن ئاياللاردىن رازىلىق سورايدۇ. ئاياللار رازىلىق بىلدۈرۈپ، مەرھۇمنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىدۇ. ئاندىن ياشتا چوڭراق، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئاياللاردىن بىرى ياش ئاياللار، قىزلارغا، ئەدەپ ـ ئەخلاق، ئائىلىنى قوغداش، ئاتا ـ ئانىنى ھۆرمەتلەش، ھاياتلىقنى قەدىرلەش، ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلىپ يامان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش ۋە تۇسۇش توغرىسىدا ۋەز ـ نەسىھەت سۆزلەيدۇ. بۇ پائالىيەت «تەلىم ئۆتكۈزۈش» بولۇپ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ فولكلور ئەنئەنىلىرىنىڭ ئۇنتۇلۇشى، ئۆزگىرىشى مۇقەررەرلىك بولسىمۇ، چۈۋانقىردىكى مەدەنىيەت ئىزنالىرىنىڭ كۆپلۈكى، دەۋرنىڭ ئۇزۇنلۇقى، بۇ يەردىكى ئۆزگىچە جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىك، رەڭدار ئۆرپ ـ ئادەتلەر كىشىنى جەلپ قىلىدۇ ۋە يەنە بۇ توغرىسىدا ئىزدىنىشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ. ئىشىنىمىزكى، چۈۋانقىرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى، شۇنداقلا ئۇيغۇر فولكلور تەتقىقاتىدىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىش.

---

## ئىزاھلار:

① ئابلىم قېيۇم: «تۇرپان ئاسارە ـ ئەتىقىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

② ن.كاتانوق: «كونا چىقىش ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى»، «مىراس» ژۇرنىلى، 2008 ـ يىل 1 ـ سان، ئابلىز ئورخۇن نەشرگە تەييارلىغان

③ ھىممەت ھەمدۇل: «تارىخىي ۋەسىقە ـــ ياغاچچىلىق رىسالىسى»، «پىچان تارىخ ماتېرىياللىرى» 10 ـ قىسىم 180 ـ بەت، پىچان ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەش نەشرى قىلدۇرغان مەخسۇس توپلام

④ ئابدۇقېيۇم خوجا: «دىيارىمىزدىن تېپىلغان قىسمەن يادىكارلىقلار ھەققىدە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2009 ـ يىل 5 ـ ئاي نەشرى 203 ـ بەت

⑤ ئابدۇللا ھەمدۇللا: «ئۇلۇغ كەشپىيات كارىز»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006 ـ يىل 5 ـ ئاي نەشرى، 61 ـ بەت

⑥ نىياز كېرىمى، زىۋىدە ساتتار: «دىيارىمىزدىكى بىر قىسىم يەر ناملىرى ھەققىدە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، «پىچان ناھىيەسى تەۋەسىدىكى يەر ـ جاي نامىلىرى» قىسمىغا قاراڭ

⑦⑨ مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2012 ـ يىل نەشرى، 248 ـ، 341 ـ بەتلەر

⑧ مۇھەببەت قاسىم: ««دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» بىلەن ئۇيغۇر تىلى ۋە دىيالېكتىك شېۋىلىرىدىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەرگە سېلىشتۇرما تەتقىقات»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)، 2012 ـ يىللىق 3 ـ سان، 52 ـ بەت

⑩ بۇ ئادەتلەردە تونۇشتۇرۇلغان جەريانلارنىڭ بەزىلىرىگە ئۆزۈم قاتناشتىم، يەنە بەزىلىرىنى بۇ ئىشلارغا كۆپ قېتىم قاتناشقانلارنى زىيارەت قىلىپ ئىگىلىدىم.

⑪ دەستار پارسچىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆز بولۇپ، سەللىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن چۈۋانقىرلىقلاردا بۇ دەستارنىڭ ئورۇلۇش شەكلى پارسلارنىڭ دەستارى ۋە ئەرەبلەرنىڭ سەللىسىنىڭ ئورۇلۇشىغا ئوخشىمايدۇ.

تەھرىرلىگۈچى: ھەزرىتى ئەلى بارات

uyghurkitap.com



# ئۇيغۇر ئۇسسۇل گۈزەللىكى توغرىسىدا

ئىسمائىل روزى

( ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق سەنئەت ئۆمىكى 830000 )

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە ئۇسسۇلنىڭ مۇئەييەن ئۇسسۇللۇق مۇزىكا رىتىمى ئاستىدا ئادەم بەدىنىنىڭ بەدىئىي ھەرىكىتى ۋە ئۇسسۇللۇق ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش ئارقىلىق ئوبراز يارىتىپ، بەدىئىي زوق ۋە ئىجتىمائىي، ئىدىيەۋى تەسىر قوزغايدىغان سەنئەت شەكلى ئىكەنلىكى، ئۇيغۇر مىللىي ئۇسسۇلچىلىقى ئۇزاق تارىخقا ئىگە، خەلق ئۇسسۇللىرى مىللىي ئۇسسۇل سەنئىتىمىزنىڭ ئاساسىي بۇلىقى ئىكەنلىكى، يېڭى ئىجادىي ئۇسسۇللار مىللىي ئۇسسۇل سەنئىتىمىز گۈلزارىدىكى خەلق ئۇسسۇللىرى ۋە كلاسسىك ئۇسسۇللىرىمىز ئاساسىدا يېڭى مەزمۇن ، يېڭى شەكىللەر بىلەن ئىپادىلەنگەنلىكى بايان قىلىنغان.

**摘要:** 本文主要论述了舞蹈是用一定方式反映人体活动和舞蹈情感，通过塑造艺术形象，形成一种艺术欣赏和社会思想影响的艺术形式。维吾尔舞蹈艺术具有悠久的历史，民间舞蹈是维吾尔舞蹈到的源泉，是现代舞蹈的基础。

ئۇسسۇل ـــ مۇئەييەن ئۇسسۇللۇق مۇزىكا رىتىمى ئاستىدا ئادەم بەدىنىنىڭ بەدىئىي ھەرىكىتى ۋە ئۇسسۇللۇق ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش ئارقىلىق ئوبراز يارىتىپ، بەدىئىي زوق ۋە ئىجتىمائىي، ئىدىيەۋى تەسىر قوزغايدىغان سەنئەت شەكلىدىن ئىبارەت. ئۇسسۇلنىڭ ئالدىنقى شەرتى مۇئەييەن ئۇسسۇللۇق رىتىمگە ئىگە بولغان مۇزىكا بولۇپ، ئۇنىڭسىز ئۇسسۇل ئوينىغىلى بولمايدۇ. ئۇسسۇل سەنئىتى بىلەن مۇزىكا سەنئىتى بىر ـ بىرىگە ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت گۈلزارىدىكى بىر شاختا ئېچىلغان ئىككى چېچەك. ئۇسسۇل بىلەن مۇزىكىنى بىر ـ بىرىگە مۇنداق چەمبەرچەس باغلاپ تۇرغان نەرسە رىتىم قانۇنىيىتىدۇر. ئۇسسۇلدا مۇزىكىلىق رىتىم ۋە ئىنساندىكى رىتىم تۇيغۇسى ئالدىنقى شەرت ھېسابلىنىدۇ. ئۇسسۇل سەنئىتى ئادەمنىڭ پىكىر ـ ھېسسىياتى ۋە روھىي دۇنياسىنى بەدەننىڭ رىتىملىق شەكىل ھاسىل قىلغۇچى ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىپادىلەپ، ئۇسسۇللۇق ئوبراز ھاسىل قىلىپ، كۈچلۈك ئۇسسۇللۇق تەسىر پەيدا قىلىدىغان بىر خىل سەنئەتتۇر. ياخشى ئوينالغان ئۇسسۇل كىشىگە ھوزۇر ۋە ئىستېتىك زوق بېغىشلايدۇ. كىشىنى تەسىرلەندۈرىدۇ ۋە ئىلھاملاندۇرىدۇ. خەلقنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتىگە، ئۇسسۇل گۈزەللىكىگە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرىدۇ.

ئۇيغۇر مىللىي ئۇسسۇلچىلىقى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە، ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى ۋە ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن رەڭگارەڭ، گۈزەل ئۇسسۇللارنى ئويناپ، شۇ دەۋرنىڭ مەنىۋى ھاياتىنى جانلاندۇرۇپ كەلگەن. ئۇيغۇر مىللىي ئۇسسۇلچىلىقىنىڭ راۋاجلىنىش تارىخى ئۇنىڭدا ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭىلىق يارىتىش ئاساسىدا راۋاجلىنىشتىن ئىبارەت بۇ مۇھىم قانۇنىيەتنىڭ بارلىقىدىن بېشارەت بەردى. بۇ قانۇنىيەتنى ئاڭلىق چۈشىنىش، ئاڭلىق ئىگىلەش، مىللىي ئۇسسۇلچىلىقىمىزنىڭ ساغلام، تېز راۋاجلىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالقىلىق مەسىلە. مىللىي ئۇسسۇلچىلىق ساھەسىدىكى ئىپتىخارلىق نەتىجىلىرىمىز بىلەن ئېچىنارلىق ساۋاقلىرىمىز بۇ مەسىلىنىڭ نەقەدەر كۈچلۈك نەزەرىيەۋى ۋە ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

خەلق ئۇسسۇللىرى، مىللىي ئۇسسۇل سەنئىتىمىزنىڭ ئاساسىي بۇلىقى. بارلىق كلاسسىك ئۇسسۇللار، يېڭى شەكىلدىكى ئىجادىي ئۇسسۇللار، خەلق ھاياتىنىڭ ئۇسسۇللۇق بەدىئىي شەكلى بولغان خەلق ئۇسسۇللىرىنى مەنبە قىلىپ مەيدانغا كەلگەن. ھازىر خەلق ئارىسىدا كەڭ تارالغان مەشرەپلەر ۋە سەھنىدە ئوينىلىۋاتقان يېڭىدىن رەتلەنگەن بەزى ئۇسسۇللار خەلق ئۇسسۇللىرى ھېسابلىنىدۇ.

كلاسسىك ئۇسسۇللار مىللىي ئۇسسۇل سەنئىتىمىزنىڭ پەخىرلىك نامايەندىسى. ئۇنىڭ كلاسسىك ئۇسسۇل

دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب، مۇنداق ئۇسسۇللارنىڭ بىرىنچىدىن ئۇلگىلىك، ئىككىنچىدىن تارىخىي ئۇسسۇل بولغانلىقىدا. ئۇيغۇر خەلقى تارىختىن بۇيان گۈزەل، نەپىس ۋە تەسىرچان، نەمۇنىلىك، تارىخىي كىلاسسىك ئۇسسۇللارنى ئىجاد قىلىپ كەلگەن. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئۇسسۇللىرى ئەينى زاماندا لەرزان ياكى جەڭگىۋار مۇزىكىلىق رىتىمى، رەڭگارەڭ نەپىس ھەرىكەتلىرى، گۈزەل كىيىم - كېچەك ۋە زىبۇ زىننەتلىرى بىلەن ئۇسسۇلچىلىق گۈلزارىغا ھۆسن قوشۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھەتتا باشقا مىللەت تاماشىبىنلىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئۇسسۇللىرى زور ھاياتىي كۈچ مەنبەسىگە ئىگە بولغان يوشۇرۇن سەنئەت خەزىنىسى. ئەگەر تەتقىقاتچىلىرىمىز كىلاسسىك مىللىي ئۇسسۇلىمىزدىكى ھەر خىل تۈر ۋە شەكىللەرنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىدىغانلا بولسا، ئۇنىڭدىكى خەلق رىۋايەت - چۆچەكلىرى ۋە رېئال ھاياتنى ئىپادىلەيدىغان بەدىئىي ۋاسىتىلەرنى ھازىرقى دەۋرىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، ئۇيغۇر يېڭى ئۇسسۇلچىلىقىنىڭ گۈللەنگەن يېڭى مەنزىرىسىنى بەرپا قىلالايدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇللىرى بارلىق مىللىي ئۇسسۇلچىلىقىمىزنىڭ ئانىسى، ئۇلى ۋە پۈتمەس - تۈگىمەس بۇلىقى. خەلق ئۇسسۇللىرىنىڭ بىپايان بۇلىقىنى دىققەت نەزىرىمىزنىڭ مەركىزىي نۇقتىسىغا قويماي ئۇيغۇر مىللىي ئۇسسۇلچىلىقىنىڭ تارىخىي خاتىرىسى ۋە كەلگۈسى مەنزىرىسىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئۇسسۇللىرىنىڭ ئاساسىي سالمىقىمۇ يەنىلا قەدىمكى ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇللىرىدىن ئىبارەت بولغان. ئوخشاشلا ھازىرقى ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇللىرىنىڭ مەلۇم قىسمى بۇددىزم دەۋرىدىكى شىنجاڭ مىڭئۆي سۈرەتلىرىدە ۋە تارىخىي خاتىرىلەردە تەسۋىرلەنگەن ئۇيغۇر كىلاسسىك ئۇسسۇللىرى بىلەن ھەرىكەت شەكلى ۋە رىتىم خۇسۇسىيىتى جەھەتتە تارىخىي بىردەكلىككە ئىگە بولغان.

غەيرىي مىللىي ئۇسسۇللۇق ئامىللارنى قوبۇل قىلغاندا ئۆز مىللىتىنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشتىكى ئۇسسۇللۇق ھەرىكەتلىرىگە ئۆزلىشەلەيدىغان مىللىي ئۇسسۇلنىڭ مىللىيلىك ۋە گۈزەللىك تەلەپلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ. ئەگەر قوبۇل قىلىنغان غەيرىي مىللىي ئۇسسۇللۇق ئامىللار شۇ مىللەتتە تارىختىن بېرى شەكىللەنگەن ئەنئەنىۋى سىمۋوللۇق ھەرىكەتلەرنى كۈچەيتمەي ئۇنى بۇزىدىغان بولسا، بۇ زورلاپ تاڭغانلىق بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ۋارىسلىق ئاساسىدا يېڭىلىق يارىتىشتا، مىللىي ئەنئەنىلەرنىڭ بەزى تەرەپلىرىنى ئىسلاھ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، مىللىي ئۇسسۇل مىراسلىرىمىز ئۆز دەۋرىنىڭ رىتىملىق تۇيغۇسى، ئىجتىمائىي ۋە بەدىئىي كۆزقارىشى، ھەرىكەت چەكلىمىسى بىلەن چەكلەنگەن. ئۇ چەكسىز ۋە ھەممىگە قادىر ئەمەس، ئىسلاھ قىلىشتا دادىللىقمۇ، ئىنچىكىلىكمۇ بولۇشى كېرەك. ساقلايدىغان بىلەن ئۆزگەرتىدىغاننىڭ چېگراسى ۋە دەرىجىسىنى توغرا ھەل قىلىپ، ئۇيغۇر مىللىي ئۇسسۇللىرىنى يېڭى تارىخىي دەۋرگە يېتەكلەپ كىرگۈزۈش كېرەك. ئەمما بىز ئۇيغۇر مىللىي ئۇسسۇللىرىنى كونا پېتى ساقلاپ قېلىپ، ئۇنىڭ زامانىۋى يېڭى شەكلىنى ياراتماسلىق ياكى ئۇيغۇر مىللىي ئۇسسۇللىرىنى قوشۇمچە نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا غەيرىي مىللىي ئۇسسۇللارنى دەسسىتىشتەك ناتوغرا خاھىشقا يول قويۇشقا بولمايدۇ.

روشەنكى، ئۇسسۇل سەنئىتى بەدەن ھەرىكىتىنىڭ سەنئىتى، چۈنكى ئۇ بەدەن ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، بەدەن ئۇسسۇل سەنئىتىنى ئىپادىلەشتىكى بىردىنبىر قورالدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇسسۇل ئارتىسلىرىنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتىنى ئىپادىلەشتىكى مۇجەسسەملەشكەن قۇرۇلمىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇسسۇل ئىنساننىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدىغان سەنئەت بولۇپ، ئۇ تېپىك ئوبراز يارىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئوبراز يارىتىش ئۈچۈن يۇكسەك تېخنىكا بولمىسا بولمايدۇ، كۈچلۈك ھېسسىياتنى كۈچلۈك يۇقىرى تېخنىكىۋى ماھارەت ئارقىلىق ئىپادىلەش تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئۇسسۇلچىنىڭ ئۇسسۇللۇق بەدەن ساپاسى دېگىنىمىز بىر ئۇسسۇلچىغا لايىق بەدەن پىگورىسى ۋە بەدەن شەرتى بولۇپ، كونكرېتلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا ئۇسسۇل ئارتىسىنىڭ قەددى - قامىتىنىڭ نىسبەتدارلىقى، ھەربىر ئۇگە - پەيلىرىنىڭ يۇمشاقلىقى، سوزۇلۇشچانلىقى، يۇمشاقلىقى بىلەن مۇسكۇللارنىڭ كۈچى، پۇتۇن بەدەننىڭ تىكلىكى، ئەۋرىشىملىكى، ئېچىلىش ۋە تورمۇزلىنىش ھالىتى قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلار ئۇسسۇل ئارتىسى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم شەرت ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ شەرتلەر ھازىرلانسا ئۇسسۇلچى يۇقىرى ماھارەتنى ۋە تېخنىك ھەرىكەتلەرنى ئۆزلەشتۈرۈشتە تولۇق كاپالەتكە ۋە ئىمكانىيەتكە ئىگە بولىدۇ.

ئۇسسۇلچىنىڭ ئۇسسۇللۇق ھەرىكەت بايلىقى ئىقتىدارى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دېگەندە ئۇسسۇل ئارتىسنىڭ كۆپ تۈرلۈك ئۇسسۇللۇق ھەرىكەت تىلىنى ئىگىلىشى ۋە شۇ ھەرىكەتلەرنى تولۇق ئورۇندىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ھەرىكەت تىلى تۇرمۇشتىن كېلىدۇ. ھەرىكەت تىلى ئاساسىي ئاددىي ھەرىكەت، قوشما ھەرىكەت، ئومۇمىي ھەرىكەت ۋە مىللىي ھەرىكەت بولىدۇ. ئۇسسۇللۇق ھەرىكەتتە قەدىمكى، ھازىرقى ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ، غەيرىي مىللەتنىڭ، شەرقنىڭ، غەربنىڭ ھەرىكەت بايلىقىنى ئىگىلەش مۇھىم. ئۇسسۇلچىنىڭ ھەربىر تېخنىك ھەرىكەتلەرنى، يۇقىرى سەۋىيەلىك ماھارەتلەرنى تولۇق ئورۇنداش كۈچىنى يېتىشتۈرۈپ، سەكرەش، چۆرگىلەش، ھەر خىل ئۇسسۇللۇق ھالەتتە تورمۇزلىنىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكۈزۈش ئۇسسۇلچى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم.

ئۇسسۇلچىنىڭ ئۇسسۇل ئويناش ماھارىتى دېگىنىمىز، تېخنىك خاراكتېرى يۇقىرى بولغان، كۈچلۈك، شۇنداقلا ئورۇنداش بىر قەدەر تەس بولغان ھەرىكەت بولۇپ، ئۇ كۈچلۈك، شۇنداقلا ئورۇنداش بىرقەدەر تەس بولغان ھەرىكەت بولۇپ، ئۇ كۈچلۈك ھېسسىياتنى، ئىچكى قارىمۇ ـ قارشىلىقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ ھەم ئۇسسۇل ئەسىرىدىكى ئوبرازنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

ئۇسسۇلچىنىڭ ئۇسسۇللۇق ھېسسىياتى ۋە ئىپادىلەش كۈچى دېگىنىمىز، قىسقارتىپ ئېيتساق، ئۇسسۇلچىدا ئۇسسۇللۇق سېزىمىنى، ئىپادىلەش سېزىمىنى، ئۇسسۇلنىڭ ئۆلچىنىپ ماسلىنىشچان ئوينىلىشىنى، مۇزىكا سېزىمچانلىقىنى، مۇزىكىغا ماس ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشنى بىلدۈرىدۇ. مۇھىمى ئىدىيەۋى مەزمۇننى ئىپادىلەش، ئۇسسۇلنى بىر خىل يۈرەك ئۇچۇرىغا ئايلاندۇرۇش قابىلىيىتى ئۇسسۇلچىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئالدىنقى شەرت ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بۇنداق قابىلىيەت بولمىسا ئۇ ئۇسسۇلچىدا جان بولمىغانغا باراۋەر بولىدۇ. بۇ ياخشى ئۇسسۇلچىنى تەربىيىلەشتە ئەڭ نېگىزلىك مۇھىم ئامىللاردۇر.

قىسقىسى، ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان ئۇسسۇل سەنئىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن، شۇڭا ئۇيغۇرلار ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ماھىر مىللەت دەپ تەرىپلەنگەن. مەيلى قەدىمكى دەۋرلەردە بولسۇن، مەيلى يېقىنقى ۋە ھازىرقى دەۋرلەردە بولسۇن ئۇيغۇر ئۇسسۇلى ئۆزىنىڭ گۈزەل، نەپىسلىكىنى يوقاتمىغان. ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش بىلەن ئۆزگىلەرگىمۇ تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارغا ئىستېتىك زوق ئاتا قىلغان. گۈزەل، يارقىن ئۇسسۇل مەدەنىيىتىنى ياراتقان. شۇڭا ئۇسسۇل مەدەنىيىتىمىزگە بىۋاسىتە چېتىشلىق بولغان ئۇيغۇر ئۇسسۇل ـ مۇزىكىچىلىقى، خۇددى قوشكېزەك قېرىنداشلاردەك ياكى گۈل بىلەن ياپراقتەك، تەڭ تەرەققىي قىلىپ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە. ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلاردىنمۇ ئۇيغۇر ئۇسسۇلى بىلەن ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ تەڭ مەۋجۇتلۇق ھالىتى تەسۋىرلەنگەن بۇيۇملار كۆپ. قىزىل مىڭئۆي، بېزەكلىك مىڭئۆي قاتارلىق بۇددا دىنىغا ئائىت قەدىمىي قۇرۇلۇشلارنىڭ تاملىرىغا بېزەك قىلىپ سىزىلغان رەسىملەردىمۇ ساز چېلىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان كۆرۈنۈشلەردە سازەندە، رەققاسلارنىڭ پورترېتلىرى ناھايىتى گەۋدىلىك تەسۋىرلەنگەن. شۇڭا بىز ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ ئىستېتىك قاتلاملىرى ئۈستىدە تېخىمۇ كۆپ ئويلىنىپ، چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، ئۇيغۇر ئۇسسۇلچىلىقىدا يېڭىلىق يارىتىش ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

---

## پايدىلانمىلار:

1. «شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى سەنئەت ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى 3 ـ ئاي
2. دۇچۇەنلى: «ئۇسسۇل سەنئىتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، جياڭسۇ خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى 2 ـ ئاي نەشرى (خەنزۇچە)
3. تيەن ساڭچۇڭ: «مىللىي ئۇسسۇل ھەققىدە» خۇنەن خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى (خەنزۇچە)
4. گېلىل [گېرمانىيە]: «ئىستېتىكا»، سودا نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى 6 ـ ئاي نەشرى (خەنزۇچە)
5. جوگۇڭچيەن: «غەرب ئىستېتىكا تارىخى» سودا نەشرىياتى 2012 ـ يىلى 7 ـ ئاي نەشرى (خەنزۇچە)

تەھرىرلىگۈچى: مەرۇپجان مەتىمىن

# ئاياللار ئەركىنلىكى ۋە ئۇيغۇر ئاياللىرى يۈزلىنىۋاتقان ئىجتىمائىي مەسىلىلەر

ئابىدە ئىبراھىم

( ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى 835000 )

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىن ھازىرغىچە ئەر - ئاياللار باراۋەرلىكى ئىدىيەسىنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ياشاش ئۇسۇلىدا، ئائىلە ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنىدا يۈز بەرگەن ۋە يۈز بېرىۋاتقان بىر قاتار ئۆزگىرىشلەر چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، مەسىلىلەرنى بايقاش، سەۋەبىنى ئىزدەش ۋە ئۇنى دەسلەپكى قەدەمدە ئوقۇرمەنلەرگە ئۇقتۇرۇش جەھەتلەردىكى تەھلىللەر خېلى ئەتراپلىق بايان قىلىنغان.

摘要: 本文作者借助 20 世纪 50 年代至今的男女平等思想，真实地论述了维吾尔妇女的生活方式、家庭和社会地位的演变等问题，并提出了找出问题的方法。

20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىن تا ھازىرغىچە ئەر - ئاياللار باراۋەرلىكى ئىدىيەسىنىڭ تۈرتكىسىدە، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ياشاش ئۇسۇلىدا، ئائىلە ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بولدى، نەتىجىدە ئەسىرلەردىن بېرى ئۆز ئىقتىدارىنى بالا تۇغۇش ۋە تەربىيەلەش، ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىش ئارقىلىق ئىپادىلەپ كەلگەن ئۇيغۇر ئاياللىرى ئۆزلىرىنىڭ بۇ مۇقەددەس ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش بىلەن بىرگە يەنە جەمئىيەتنىڭ باشقا نۇرغۇن ساھەلىرىگە قەدەم تاشلاپ، ئۆز ۋۇجۇدىدىكى يوشۇرۇن ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىشقا باشلىدى. بىراق، شۇنىڭ بىلەن بىرلا ۋاقىتتا يەنە ئادەمنى ئەندىشىگە سالىدىغان سەلبىي ھادىسىلەرمۇ پەيدا بولدى.

**1. ئەرلەر ئۆز روھىي دۇنياسىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا مەھكەم ئورناشقان ئەنئەنىۋى ئاياللار ئوبرازىنىڭ قېلىپلاشقان ئۆلچەملىرى بىلەن ھازىرقى زامان ئاياللىرىنى ئۆلچىمەكتە**

قەدىمكى ئەسەرلىرىمىزدە تەسۋىرلەنگەن ئانا ۋە قىز تەسەۋۋۇرلىرىدىن تاكى زامانىمىزدىكى ئۇلۇغ ئانا، ئېسىل قىز مەدھىيىلەنگەن ناخشىلارنىڭ MTW سىگە بىر قۇر نەزەر تاشلاپ، «ئۇلۇغ ئانا» دېگەن بۇ ئوبرازنى ئىزدىگەن چېغىمىزدا تولا ھاللاردا جاپا - مۇشەققەتتە يۈزلىرىگە ساناقسىز قورۇقلار چۈشكەن، ھارغىنلىقى چىرايىغا تەپكەن بىر مەزلۇمەنىڭ جان - جەھلى بىلەن كىر يۇيۇۋاتقان ياكى قىزىق تونۇرغا بېشىنى تىقىپ نان يېقىۋاتقان ياكى ھەممە ئادەم ئۇيقۇغا كەتكەن تىمتاس كېچىدە چىراغ ئاستىدا ئولتۇراپ تورغان كۆزلىرىنى يېرىپ ئېچىپ كىيىم ياماۋاتقان كۆرۈنۈشلىرى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. قىز دېگەن بۇ ئوبرازنى ئاختۇرۇپ كۆرسەك، ئۇخشاشلا چاچلىرىنى قىرىق تال ئۆرۈپ، چىمەن دوپپىسىنى بېشىغا ئەپچىلگىنە قوندۇرۇۋالغان، ئەتلەس كۆينەكلىرىنى شامالدا لەپىلدىتىپ، بىر كومزەك سۇنى كۆتۈرگىنىچە لەرزان دەسسەپ بۇلاق بېشىدىن كېلىۋاتقان، يىگىتلەر بىلەن ئۇچراشقاندا نەچچە ئېغىز گەپنى ئۇنلۇكرەك سۆزلەشتىنمۇ تارتىنىپ تىرنىقىنى تاتلىغىنىچە يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي تۇرغان بىر ئوبرازنى كۆرىمىز. مانا بۇلار ئەرلىرىمىز نەزەرىدىكى، ئۇلار ھازىر سېغىنىپمۇ تاپالمايۋاتقان قىز - ئاياللارنىڭ ئەنئەنىۋى ئوبرازى.

سەنەمجاندەك لەرزان مېڭىشنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ، ئەتىگەندە چوڭ - چوڭ قەدەم تاشلاپ ئىشقا ماڭغان ياكى ۋېلىسىپىتنى جان - جەھلى بىلەن تېپىپ كېتىۋاتقان خىزمەتچى ئاياللار، دۇكانغا مال چۈشۈرۈش ياكى مال سېتىش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپكە قاتراپ يۈرگەن، ئىرناق تاتىلاشنىڭ ئورنىغا بۇزۇرۇپ - تاتىرىپ تۇرۇپ بار ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ئەرلەر بىلەن باھا تالىشىۋاتقان سودىگەر ئاياللار، چىرايلىرىدىكى مۇلايىملىقنىڭ ئورنىنى كەسكىنلىك ئالغان، يىغىن - مۇنبەرلەردە چاڭىلداپ سۆزلەپ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇۋاتقان ئايال رەھبىرىي كادىرلار، ئەرلەر گەپ قىلىۋاتقاندا جىم تۇرۇپ ئاڭلاش كېرەكلىكىنى ئەستىن چىقىرىپ، ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا ئۆز كۆزقاراشلىرىنى شەرھلەپ ئەرلەر بىلەن كەسكىن مۇنازىرىلىشىۋاتقان ئاسپىرانت، دوكتورانتلار ... ئۇن - تىنسىز قۇربان بېرىشنىڭ ئورنىغا ئاللىقاچان ئۆزلىرىنى ئاسراش ۋە ئاياش ئېڭى ئويغىنىپ قالغان، توي - تۆكۈنلەردە تۇزدەك ياسى-

## پەلسەپىۋى تەپەككۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىشىپ، ئېچىلىپ كۆلۈشىۋاتقان، كوچىلاردا بېشىنى تىك تۇتۇپ مەغرۇرانە قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتقان تۇرلۇك كەسىپلەرنىڭ ئىگىسى بولمىش شادىمان ئاياللار ......

بۇ ئاياللارنى ئەگەر ئىدىيەمىزدە قېلىپلىشىپ قالغان ئاياللىق ئۆلچەملەرگە سېلىپ ئۆلچىسەك، ئېنىقكى ئۇلار ئۆلچەمگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەرلەرنىڭ ئېڭىدىكى نەچچە مىڭ يىللىق تارىخي تەرەققىيات جەريانىدا جۇغلانغان ۋە ئاللىقاچان قېلىپلاشقان قىز - ئاياللار ئوبرازىدا بىرەر ئەسىرگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە پۇتۇنلەي ئۆزگىرىش بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ زامانىمىز ئاياللىرىنىڭ جۇشقۇن، تۇرگۇن مىجەزىنى لاتاپەت دەپ، ئائىلە، بالا، ئاتا - ئانا، خىزمەت ۋە كەسىپ ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرىنى تەڭلا ئادا قىلىش ئۈچۈن هارماي - تالماي چېپىشلىرىنى سادىقەت دەپ، ۋۇجۇدىدىن ئۇرغۇپ تۇرغان ئىشەنچ ۋە ئىنتىلىشىنى نازاكەت دەپ چۈشىنىشىگە خېلى ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدۇ. ئاياللارغا بولغان ئېستېتىك زوقلىنىشنىڭ كونا قېلىپى ئۆزگەرمىگۈچە زامانىمىز ئاياللىرى ئەرلەرنىڭ كۆزىگە ئۆزگىرىپ كەتكەن شەكىلدە كۆرۈنۈۋېرىدۇ. ئائىلىلەردىكى بېقىش - بېقىلىش ئەندىزىسى ئاللىقاچان ئۆزگەردى، بىراق ئەنئەنىۋى كۈتۈش - كۈتۈنۈش ئەندىزىسى ئۆزگەرمىدى. 60، 70 يىللار ئىلگىرى ئاياللارنىڭ بىرەر كەسىپ بىلەن پۇل تېپىشىنى قوبۇل قىلغىلى بولمايتتى، بۈگۈنكى كۈندە بۇ ئەرلەر تەرىپىدىن ئاساسەن قوبۇل قىلىندى، هەتتا زۆرۈرىيەتكە ئايلاندى. لېكىن ئاياللارغا بولغان تەلەپ - ئارزۇلارنىڭ كونا ئەندىزىسى بۇزۇلمىدى. ئەر ئۆز زىممىسىدىكى ئېغىر يۈكنىڭ يېرىمىنى ئاياللارنىڭ يەلكىسىگە ئارتتى، ئاياللار بۇنى ئۈن - تىنسىز، خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى، بىراق ئۇلار ئۆز زىممىسىدىكى ئەسلىدىكىدىن نەچچە هەسسە ئېغىر بولغان يۈكنى كۆتۈرۈپ بەزىدە مۇدۇرۇپ كەتكەن، كۆتۈرەلمەي قالغان ۋاقىتلىرىدا ئەرلەردىن هەمكارلىق تەلەپ قىلىۋىدى، غەرەز ئۇقمايدىغان بەزى ئەرلەرنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى. بۇنىڭ بىلەن ئەر - ئاياللار تەڭلا ئىشتىن قايتىپ چارچاپ ئۆيگە كەلگەندە، ئايال هارغىن قەدەملىرىنى سۆرىگىنىچە ئاشخانىغا كىرىپ تاماق ئېتىش، تاماقتىن كېيىن ئۆي تازىلاش، كىر - قات يۇيۇش، بالىغا قاراش ئىشلىرى بىلەن ئىسىپنا قوشۇپ ئىشلەيدىغان، ئەرلەر ئۇدۇل كېلىپ ئۆزىنى يۇمشاق سافاغا تاشلىغىنىچە ئاياللىرىنىڭ هارغىنلىقتىن ئۇهسىنىشلىرىنى ئاڭلىماسقا سېلىپ، تىزگىنەكنى چىڭ تۇتقىنىچە قانال يۆتكەش بىلەن مەشغۇل بولىدىغان يېڭى تۇرمۇش ئەندىزىسى كېلىپ چىقتى، هەتتا بەزى ئائىلىلەردە بۇ ئەندىزە شۇنداق تونۇغۇسىز ئۆزگەردىكى، ئۆي ئىشلىرىدىن باشقا، بالا تەربىيەلەش، گۆش، ئوتياش، ئۇن، ماي، گاز سېتىۋېلىش، هەتتا بۇزۇلغاننى رېمونت قىلىش، گۆش پارچىلاش، قار تازىلاش، ئىقتىسادىي هېسابات قاتارلىق بىر قاتار ۋەزىپىلەرنىڭ هەممىسىنى ئاياللارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ئائىلىدە ئاياللارنىڭ مۇلايىمغىنە كۆلكە ئاۋازىنىڭ ئورنىنى ئېغىر يۈك ئاستىدىكى ئۇهسىنىش ۋە ۋايساشلىرى ئىگىلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئاياللار ئازادلىقى ئۇيغۇر تۇرمۇشىدا ئەرلەرنىڭ ئېغىر ئائىلە يۈكىدىن ئازاد بولۇشى، ئاياللارنىڭ ئېغىر يۈك ئىچىدە هاسىرىشى بىلەن نەتىجىلەندى. لېكىن قىزىق يېرى شۇكى، بەزى ئەرلەر ئۆز دادىسى ئۆتىگەن ئەنئەنىۋى ۋەزىپىلەرنى پۇتۇنلەي ئۇنتۇپ كەتتىيۇ، ئۆز ئانىسىنىڭ دادىسىغا ئۈن - تىنسىز يول قويۇشلىرىنى، هاردىم - تالدىم دېمەسلىكلىرىنى، سىرتتىن كىرسە ئاستىغا كۆرپە سېلىپ مېهمانىدەك كۈتۈشلىرىنى، ئۇنىڭ غەزەپلىرى ئالدىدا سەۋر قىلىپ تۇرۇشلىرىنى هەرگىز ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۆزلىرىنى دادىسىنىڭ قېلىپىغا زورلاپمۇ سالالمايدىغان ئەرلەر مومىسى ۋە ئاپىسىنىڭ قېلىپىدا ئاياللىرىنى كۈندە نەچچە قېتىم ئۆلچىدى.

**2. بەزى ئادەملەر ئايرىملىقنى ئۇمۇملۇقنىڭ ئۇستىگە دەسسىتىپ، جەمئىيەتنىڭ ئاياللارغا بولغان خۇدۇكسىرىشىنى كۈچەيتىۋەتتى**

جەمئىيىتىمىزدە يۇقىرىقىدەك ئادەمنى ئۈمىدسىزلىككە، ۋەهىمە ۋە گۇمانغا باشلايدىغان سۆزلەرگە ئىشتىياق باغلىغان ئادەملەر قىسمەن ئەقىلسىز قىز - ئاياللارنىڭ قىلمىشىنى كۆپتۈرۈپ سۆزلەيدۇ ۋە بۇ هەقتە نۇرغۇن ئۇچۇرلارغا ئىگە بولىدۇ - يۇ، ئاياللار ئارىسىدىكى ياخشى يۈزلىنىشلەر ۋە هازىر كۆزگە كۆرۈنۈۋاتقان مۇنەۋۋەر ئاياللاردىن بىرىنىمۇ ساناپ بېرەلمەيدۇ.

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئۇيغۇر ئاياللىرى توغرىسىدىكى ۋەهىمىلىك گەپلەرنى مەقسەتلىك ياكى مەقسەتسىز هالدا سىرلىقلاشتۇرۇپ، كۆپتۈرۈپ سۆزلەشكە ئادەتلەنگەن ئادەملەردىن باشقا يەنە تېخىمۇ قورقۇنچلۇق يەنە بىر تۈركۈم ئادەملەر بار، بۇلار دەل بۇزۇلۇپ كېتىۋاتقان شۇ ئاياللارنى بۇزغۇچى، رەڭلىك سورۇنلارنىڭ قىزغىن ئىشتىراكچىلىرى، قىز - ئاياللارنى يولدىن ئازدۇرۇش مۇتەخەسسىسلىرى، مەخسۇس توپتىن ئايرىلىپ قالغان ئازغۇن قۇشلارنى ئوۋلاشنى مۇهىم بىر كەسىپ قىلغان شەهۋەت ئوۋچىلىرىدۇر. بۇنداق تۇرلۇك سورۇنلاردا (ئاساسلىق ئەرلەر سورۇنىدا) «هازىرقى قىز - ئاياللار بەك يولدىن چىقىپ كەتتى جۇمۇ» دەپ بىر گەپ باشلانسا، قايسى رەڭلىك سورۇندا قانداق ناپاك قىزلارنى كۆرگەنلىكى، كىمنىڭدۇر ئەخلاقلىق دەپ يۈرگەن ئايالىنى قايسى قاراڭغۇ بۇلۇڭدا كىملەر بىلەن كۆرۈپ ياقىسىنى چىشلەپ قالغانلىقىنى ئاجايىپ ئىشتىياق بىلەن سۆزلەپ بولۇپ، گېپىنىڭ ئاخىرىنى «هازىرقى ئاياللاردا ئىشەنچ قالمىدى جۇمۇ! قىز - ئاياللار بەك ئەسكىلىشىپ كەتتى» دېگەن «پاساھەتلىك» يەكۈن بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

ئاياللارنىڭ يۇقىرىقى ھوقۇقلىرى ھازىر دۇنيانىڭ ئاز
بىر قىسىم جايلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئاللىقاچان قانۇ-
نىي ئېتىراپقا ئېرىشتى. بىراق، تېخى 19 ـ ئەسىرنىڭ
باشلىرىدىلا ئاياللارنىڭ سايلاش ـ سايلىنىش، تەربىيەلى-
نىش ھوقۇقىغا ئوخشاش ئەڭ ئاساسىي ھوقۇقلارغا ئىگە
بولۇشى تېخى بىر چۈش ئىدى. مەسىلەن، 1789 كىشىلىك
ھوقۇق ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان فىرانسىيە زور ئىنقىلابى
غەلىبە قىلدى. بۇ ئىنقىلابتا فىرانسىيە ئاياللىرى ئايال
قەھرىمان دېيرووژان دې مېرگۇلىنىڭ قوزغىلاڭچى ئاممىنى
باشلاپ، باستىلىيە تۈرمىسىگە تۇنجى بولۇپ بېسىپ كى-
رىپ، ئۆز قېنى بەدىلىگە ئىنقىلاب غەلىبىسىگە يول ئاچ-
قانلىقىدەك تالاي باتۇرلۇقلارنى كۆرسەتتى. بىراق، يېڭى
ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ ئېلان قىلىنغان «كىشىلىك ھوقۇق
پۇقرالىق ھوقۇق خىتابنامىسى» دا ئاياللارنىڭ ھېچقانداق
كىشىلىك ھوقۇقى تىلغا ئېلىنمايلا قالماي يەنە ئاياللارنىڭ
سىياسىي ئىشلارغا ئارىلىششقا بولمايدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ
بىردىنبىر ۋەزىپىسىنىڭ ئائىلىگە قايتىپ بالا تۇغۇپ،
ئەرلىرىنى كۈتۈش ئىكەنلىكى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇلدى.
بۇ ئەھۋال ئىنقىلابتا كىشىلىك ھوقۇق ئۈچۈن ئەر-
لەر بىلەن مۈرىنى ـ مۈرىگە تىرەپ جەڭ قىلغان ئاياللارنى
قاتتىق ئۈمىدسىزلەندۈردى. شۇ چاغدىكى داڭلىق ئايال
داھىيلاردىن گۇجې بىلەن رۇلاند خانىملار ئاياللارنى تەش-
كىللەپ ئاياللارنىڭ سايلاش ـ سايلىنىش ھوقۇقىنى ئاسا-
سىي قانۇنغا كىرگۈزۈشنى قەتئىي تەلەپ قىلدى. بۇنىڭ
ئۈچۈن ئۇلار جەمئىيەت تەرىپىدىن ئاياللارنى پەزىلەتسىز-
لىككە باشلىغۇچىلاردەپ قاتتىق ئەيىپلىنىپ، ھەر ئىككى-
سىنىڭ كاللىسى ئېلىندى. لېكىن فىرانسىيە ئاياللىرى
كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى، نەچچە ئەۋلاد ئايال ھو-
قۇقچىلارنىڭ (ئەلۋەتتە بۇ يەردە ئاياللار ھوقۇقىنى تەشەب-
بۇس قىلغۇچى ئەرلەرمۇ كۆزدە تۇتۇلغان) توختىماي كۈ-
رەش قىلىشى نەتىجىسىدە، جۇمھۇرىيەت قۇرۇلۇپ 155
يىلدىن كېيىنلا فىرانسىيەدە ئاياللارنىڭ بىر قاتار ھوقۇق-
لىرى ئېتىراپ قىلىندى. فىرانسىيەدىن باشلانغان بۇ كۈ-
رەش دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى كىشىلىك ھوقۇقتا تەش-
نا ئاياللارنىمۇ ئويغاتتى.

ئامېرىكىدا 1776 ـ يىل مۇستەقىللىق ئۇرۇشى غەلىبە
قىلىپ دۇنياغا داڭلىق «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» ئېلان
قىلىندى، خىتابنامە گەرچە ھەممە ئادەم تۇغۇلۇشىدىنلا
باراۋەر دېگەن ئىدىيەنى ئاساس قىلغان ۋە ئادەملەرنىڭ تۇر-
لۈك كىشىلىك ھوقۇق تەشەببۇس قىلىنغان بولسىمۇ،
بىراق خىتابنامىدىكى ئادەم دېگەن سۆزگە ئىنگلىزچىدىكى
ئەر (MAN) دېگەن سۆز ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئاياللار ۋە
نېگىر قۇللار ئادەم قاتارىغا كىرگۈزۈلمىگەن. 19 ـ ئەسىر-
نىڭ ئاخىرلىرىغىچە بىرمۇ ئالىي مەكتەپ قىزلارنى قوبۇل
قىلمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا ئاياللىرى تۈرمىگە قا-
مىلىش، نامايىش قىلىش، ئاچلىق ئېلان قىلىش قاتارلىق
ئۇسۇللار بىلەن ئاخىرى پارلامېنتقا تەسىر كۆرسىتىپ،
1919 ـ يىلىغا كەلگەندىلا ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىر-
گۈزۈلۈپ، ئاياللارنىڭ سىياسىيغا ئارىلىشىش ۋە تەربىيە-
لىنىش ھوقۇقى ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىندى.

ئاياللارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ناھايىتى ئۇزاق يىللىق
تىرىشچانلىق ۋە قان تۆكۈشلەر داۋامىدا مەيدانغا كەلدى.
ئەمدى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە كەلسەك، ئەر ـ ئاياللار بارا-
ۋەرلىكى رەسمىي نەزەرىيە جەھەتتە ياۋروپادا ئوتتۇرىغا چە-
قىشتىن بۇرۇنلا ئۇنىڭ بىخلىرى بىزنىڭ ئىدولوگىيەمىز-
دە ئاللىقاچان شەكىللەنگەن. ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ روھانىلى-
رى ئاياللار ئىنسان ھېسابلىنامدۇ ئەمەسمۇ دەپ تالاش ـ
تارتىش قىلىشىپ يۈرۈشكەنلىرىدە ئۇيغۇرلار چۆچەك ـ
رىۋايەتلىرىدە ئاجايىپ پاراسەتلىك، شجائەتلىك ئاياللارنىڭ
سۈلماس ئوبرازلىرىنى يارىتىپ، ئاياللار ئىنسانلا ئەمەس
بەلكى ئاجايىپ خىسلەتكە ئىگە ئىنسانلاردۇر دېگەن ياڭراق
شوئارنى توۋلىيالىغان.

بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تۆۋەن قاتلام ئېھ-
تىياجى ئاساسەن دېگۈدەك قاندۇرۇلۇپ، يۇقىرى قاتلام
ئېھتىياجى باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. بىراق، ئېچىنىشلىق
يېرى شۇكى، ئاياللارنىڭ ئەتراپلىق تەربىيەلىنىشىنىڭ
كەمچىل بولۇشى، ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ تۆۋەن بولۇشى قاتار-
لىق سەۋەبلەر تۈپەيلى كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر ئاياللىرى يۇ-
قىرى كەسپىي ساپا، مۇكەممەل بىلىم قۇرۇلمىسى، جەم-
ئىيەتكە ياراتقان ئىجتىمائىي قىممىتى ئارقىلىق ئىززەت-
لىنىش ۋە ئېتىراپ قىلىنىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش
كېرەكلىكىدەك توغرا قىممەت قارىشى تىكلىيەلمىدى ياكى
بۇنىڭغا ئىقتىدارى يېتىشمىدى. ئەكسىچە ئۇلار ماددىي
جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈك ئارقىلىق ئىززەتلىنىش بىلەن
ئۆز ـ ئۆزىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا
باشلىدى. ئۇلار ھەم دەل مۇشۇ قىممەت قاراش بىلەن
ئەر ـ ئاياللار باراۋەرلىكىنى ئۆلچىدى. نىكاھتا پەقەت
ئۇلارنىڭ ماددىي ئېھتىياجىنى قاندۇرغانلىكى ئەرلەر ئەڭ
ياخشى ئەرلەر، ماددىي باياشاتچىلىق ئەڭ ياخشى باراۋەر-
لىككە ئېرىشىش بولدى. بۇ خىل كاللىسى ئادىي، كىيە-
نىشى كاتتا، روھىي دۇنياسى قۇرۇق، زىبۇ ـ زىننەتلىرى
تولۇق ئاياللار جەمئىيەتتە كاتتىلىق بىلەن ئابرۇي تېپىش-
تا جەمئىيەت ئۆزلىرىگە بەرگەن ئەركىنلىكتىن تولۇق پاي-
دىلىنىشقا باشلىدى. ئەڭ قورقۇنچلۇق بولغىنى، پۇل ۋە
بايلىق ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن يانمايدىغان،
پۇل ئۈچۈن ئاق ساتقان، پۇل ئۈچۈن يەنە ئىپپەت ساتقان
ئاز بىر قىسىم ئاياللار ئىدى. بۇنىڭ بىلەن جەمئىيەت ۋە
مەسئۇلىيەتچان ئەرلەر تەبىئىيلا بىر كىيىملىك ئەتلەسكە
مەمنۇن بولۇپ، ئۆزىگە تارتىنىپقىنە ئەركىلەيدىغان ئا-
ياللارنى سېغىندى ۋە ھەممىنى ئاياللارغا بېرەلىگەن ئەر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىنىلىكتىن كۆرۈپ، ئەر ـ ئاياللار باراۋەرلىكى دېگەن ئائالغۇدىن بىزار بولۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، قىسمەن ئاياللار ئەركىنلىكنى كۆينەكلەرنى قىسقارتىش، ئويۇن ـ تاماشىنى ئۇزارتىش دەپ چۈشەندى.

ئۇيغۇرلارنىڭ كۆزنى چاقناتقۇدەك ئېسىل كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى بار بولۇپ، ئەسىرلەر بويى تۈرلىنىپ ۋە رەڭدارلىشىپ ماڭغان. بىراق، يېقىنقى زامانلاردىن بېرى بىر قىسىم ئاياللار ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ئۆزگىرىش ياساپ بىراقلا يەڭسىز، ھەتتا تاسمىلىق كۆينەكلەرنى، يوتىلىرى كۆرۈنۈپ قالغىدەك قىسقا يوپكىلارنى، تارلىقىدىن ھېلىلا يىرتىلىپ كېتىدىغان ئەلپازى بار ئىشتانلارنى، ھەتتا شەكلىگە ئازراقلا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەن ئىچ كىيىملەرنى كىيىپ كوچىغا چىقىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر قىسىم قىز ـ ئاياللار «كىيىنىش ئەركىنلىكى» دىن تولۇق پايدىلىنىش بىلەن بىرگە «ۋاقىت ئەركىنلىكى» دىنمۇ ئاشۇرۇپ پايدىلاندى. ئەركىنلىكنى خالىغان ۋاقىتتا خالىغان جايغا بېرىش دەپ چۈشەنگەن بىر قىسىم قىز ـ ئاياللار تىنىماي تۈرلۈك سورۇنلارغا قاترايدىغان بولدى. ئۇلاردا نە كىتاب ئوقۇغۇدەك، نە قېتىرقىنىپ بالا تەربىيەلىگۈدەك (بالا بېقىش ئەلۋەتتە بۇنىڭ سىرتىدا)، نە كەسپكە بېرىلگۈدەك، ۋاقىت بولمىدى. ئەسلى «ۋاقىت ــ ئەقىللىقراق، ياخشىراق، تولۇقراق، مۇكەممەلرەك بولۇپ يېتىشىشىمىز ئۈچۈن بىزگە ئىنئام قىلىنغان قىممەتلىك سوۋغا. ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ كۈچلۈك ۋاقىت تۇيغۇسى، ئۆزلۈك ئېڭىغا ئىگە بولۇپ، ئۆزلىرىنى ئىلىم ـ مەرىپەت بىلەن تاكامۇللاشتۇرۇشى جىددىي زۆرۈرىيەت ۋە باش تارتىپ بولماس تارىخىي بۇرچىدۇر.» ھالبۇكى، خىزمەت قىلىش ئەركىنلىكى، ئۆگىنىش قىلىش ئەركىنلىكى، ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇش ئىختىيارلىقى بار بۈگۈنكى زامان ئاياللىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئېشىندى ۋاقىتنى كىتاب ئوقۇش، بىرەر ساھەدە ئىزدىنىش ئۈچۈن ئەمەس بەلكى كۈنلەپ بازار ئايلىنىش، تۈگىمەس بېرىش ـ كېلىش، ئايىغى چىقماس غەيۋەت ـ شىكايەتلەرگە، قىلچە مەنىسىز نىزا ـ ئاھانەتلەرگە سەرپ قىلماقتا. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئەرلىرى ئۆز قىز ـ ئاياللىرىنى تونۇغۇسىز دەرىجىدە ئۆزگەرتىۋەتكەن ئاتالمىش «ئەركىنلىكتىن» گۇمانسىراشقا، ھەتتا نەپرەتلىنىشكە باشلىدى. بۇ تەبىئىيلا ئۇلارنىڭ باراۋەرلىكنىڭ جېدىلىنى قىلماق تۈگۈل ھەتتا ئۇنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمايدىغان ئەنئەنىۋى ئاياللارغا بولغان ھۆرمىتى ۋە سېغىنىشىنى كۈچەيتىۋەتتى.

**3. ئۇيغۇر ئاياللىرى توپىدا كۆپ خىل دۇنيا قاراش، كۆپ خىل ياشاش ئۇسۇلى باش كۆتۈرۈپ، جەمئىيەتنى، جۈملىدىن ئەرلەرنى ئەندىشە ئىچىدىكى ئويغا پاتۇردى**

بىلىم ئارقىلىق ئۆزىنى قوراللاندۇرۇپ، پەزىلەت بىلەن ئائىلىنى نۇرلاندۇرۇۋاتقان ئاياللار. ئاياللار بىيولوگىيەلىك كۈچ سېلىشتۇرمىسى جەھەتتە ئەرلەردىن ئاجىز بولىدۇ. ئەگەر بۇنىڭغا قوشۇلۇپ ئۇلار بىلىم ـ سەۋىيە، ئىقتىدار جەھەتتىمۇ ئاجىز بولسا ئۇ چاغدا ئاجىزلىقنىڭ ئۈستىگە ئاجىزلىق قوشۇلىدۇ، ھەممە تەرەپتىن ئاجىز، نىمجان، پەقەت بالا تۇغۇش، ئېمىتىش، ئوزۇق تەييارلاش رولىنىلا ئىستىخىيەلىك ھالدا ئورۇنلايدىغان چىشى ھايۋانلارسىمان ئانىلارغا تولغان مىللەتتە ھەقىقىي جاسارەت، جۇشقۇنلۇق كەمچىل بولىدۇ. بۇ خىل ئاياللار ئائىلىدە پەقەت جاپاكەش ئاشپەز بولغانلىقى ئۈچۈن مىننەتدارلىققا، توختىماي قۇربان بېرىشنى بىلگەچكىلا ھېسداشلىق ئاساسىدىكى ھۆرمەتكە ئىگە بولىدۇ. نۆۋەتتە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە نەزەر دائىرىسى كەڭ، مىللەت ۋە ۋەتەنگە مەسئۇلىيەت كۆزى بىلەن قارايدىغان، بىلىم ئارقىلىق تېخىمۇ يۈكسەك پەللىدىكى ياراملىق ئايال بولۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلغان بىر تۈركۈم ئاياللار مەيدانغا كەلمەكتە ۋە داۋاملىق كۆپەيمەكتە. گەرچە بۇ ئاياللار جەمئىيەت ۋە ئائىلىدىن ئىبارەت ئىككى مەيداننىڭ ئاۋانگارتلىرى بولغاچقا ئۈستىگە يۈكلەنگەن يۈكى ئېغىر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ چىرايىدىن يەنىلا ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ، بەخت تۇيغۇسى، لاتاپەت ۋە ئەقىل نۇرى چاقناپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ روھىدىكى جۇشقۇنلۇق جىسمىدىكى ھارغىنلىقنى تۈگەتكەن. ئۇلار بالىلىرىغا قانچە مەسئۇلىيەت بىلەن مۇئامىلە قىلسا، كەسپىگىمۇ شۇنچە مەسئۇلىيەت بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. توختىماي تۈرلۈك بىلىملەر بىلەن قوراللىنىپ، ئۆز ـ ئۆزىنى كۈچلەندۈرىدۇ. كۆڭلى ئىلىم بىلەن يورۇغانىبېرى، ئاياللىق لاتاپىتىنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنى قانداق ساقلاپ قېلىش كېرەكلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ. ئۇلار كاتتا ياسىنىۋالمىسىمۇ، كىشىلەر قەلبىدە كاتتا ئورۇنغا ئېرىشكەن، ۋاقىتنىڭ كۆپ قىسمىنى چىرايىنى گۈزەللەشتۈرۈشكە بەرمىسىمۇ، قەلبىدىكى نۇر بىلەن گۈزەللەشكەن ئاياللاردۇر.

دەۋر دولقۇنلىرىغا قارىغۇلارچە ئەگىشىپ ياشاۋاتقان، ئېنىق تۇرمۇش پىرىنسىپى، كەسپىي غايىسى بولمىغان ئاياللار. بۇ خىل ئاياللارنىڭ تولىسى يۇقىرىقى ئاياللارغا ئوخشاش خىزمەت ئىشلەيدۇ. لېكىن پەقەت ۋە پەقەت خىزمەت ئىشلەيدۇ، بىراق كەسىپ ئىشلىمەيدۇ. يەنى ئۇلار پەقەت مائاش ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىدۇ. نە كەسپىي غايىسى ياكى كەسىپكە بولغان سۆيگۈسى، نە تولۇق بولغان كەسپىي بىلىمى، نە كەسپىي جەھەتتە تەرەققىي قىلىش ئىستىكى، ھەتتا ئۆز خىزمىتىنىڭ قىممىتىنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا مەسئۇل بولۇش ئېڭى بولمايدۇ. قەلبىدە گۈزەل غايە ئورنىدا ماددىي دۇنيانىڭ يۈزەكى بەختى جىلۋىلىنىپ تۇرغاچقا، روھىدىكى بوشلۇقنى دىن، تارىخ، مەدەنىيەت، ئائىلە تەربىيەسىگە ئائىت ساۋاتلار بىلەن تولدۇرۇشقا ئېتىبارسىز قارىغاچقا، بالىلارغا ئەنئەنە ۋە ئېتىقاد تەربىيەسى بې-

رەلمەيلا قالماي، ئەكسىچە يەنە ئۆيدە بالىلىرى بىلەن،كوچىدا دوستلىرى بىلەن ئانا تىلنى خەنزۇ تىلى بىلەن ئەبجەش قىلىپ سۆزلەپ، بالىلىرىنىڭ ئەنئەنىگە، ئېتىقادقا يات ھەرىكەتلىرىنى زامانىۋىلىقنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە مەدھىيىلەپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ. بۇ خىل ئاياللار ئادەمنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. بىراق، ئۇلارنىڭ تولىسىنىڭ جىنسىي ئەخلاق قارىشى توغرا، ئۆز ئىپپىتى ۋە ئائىلىسىنىڭ ئابرۇيىنى ئىستىخىيەلىك ھالدا قوغداش ئېڭىغا ئىگە. پەقەت توغرا ئىدىيە بىلەن يېتەكلەنسە مۇنەۋۋەر ئاياللار سېپىغا قوشۇلۇش مۇمكىنچىلىكى بار ئاياللاردۇر.

ھوقۇق «رېئاكسىيە» قىلغان ئاياللار. بۇ خىل ئاياللار ئاياللارنىڭ كىشىلىك قىممىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بېرىلگەن ھوقۇقنى ئەكسىچە ئۆزىنىڭ قىممىتىنى بەربات قىلىشقا ئىشلەتكەن قىز - ئاياللاردۇر. غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بەزى سەلبىي تەسىرلىرىنىڭ سىڭىپ كىرىشى بىلەن، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە جىنسىي ئەركىنلىك يوشۇرۇن باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. بۇ ئەنئەنىمىزنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى، دۇنيا ئاياللار كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ رادىكاللىشىشىنىڭ مەسئۇلى بولغان زەھەرلىك ئاق بىر قىسىم نادان، ئائىلە تەربىيەسى ياخشى بولمىغان، مەكتەپ تەربىيەسى يۇقمىغان قىز - ئاياللارنىڭ ئەخلاق ئېڭىنىڭ ئەسلىدىنلا بوش پاسىلىنى بۇزۇپ تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن قىزلىق ۋە ئاياللىق ئىپپەت يەڭگىللىك بىلەن خورلىنىشقا ئۇچرىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاسانلا ئېرىشكىلى بولىدىغان ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش قالقىنى، قىزلىق ئىپپەت تىكىش تېخنىكىسى بۇ خىل ئەخلاق بۇزۇلۇشلىرىنى خاتىرجەملىك ئاساسى بىلەن تەمىنلىدى. جىنسىي ئەخلاقنى ساپلاشتۇرۇشنىڭ ئاياللار ھوقۇقىنى قوغداشنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن بۇ خىل قىز - ئاياللار شاللاق ئەرلەرنىڭ مەززىلىك «تامىقى» غا ئايلاندى. ئەر - ئاياللاردا، دوستلۇق، ھەمكارلىق، باراۋەرلىك ئېڭىنى تىكلەپ، كۆڭۈللۈك ئائىلە، گۈللەنگەن جەمئىيەتكە ئاساس بولغان، ئاياللار ئەركىنلىكى، ئەر - ئاياللار باراۋەرلىكىدىن ئىبارەت بۇ قىممەتلىك ئۇقۇم بۇ خىل ئاياللارنىڭ قولىدا ئەكسىچە رول ئويناپ، ئۇلارنى ئەرزانلاشتۇرىدىغان، جەمئىيەتنى بۇلغايدىغان، ئۇلۇغ ئانىلارنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرىدىغان، ئاياللارنىڭ «چېچى ئۇزۇن ئەقلى قىسقا» ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان قورالغا ئايلاندى.

نۆۋەتتە بالىلىرىنى مەكتەپلەردىن چېقىرىۋېلىپ بارغان نۇرغۇن ئادەملەردە ئۆز غايىسىدىكى مائارىپ تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلغۇدەك ئىمتىياز ۋە شارائىت، مەدەنىيەت، دىن، تارىختا دائىر بىلىملەرنى بالىلىرىغا مەقسەتلىك يەتكۈزەلەيدىغان بىلىم، سەۋىيە ۋە ئاڭ يوق. ئۇنىڭدا پەقەت تاماق ئېتىش بىلەن بالا تۇغۇشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان كەلگۈسى ئانىلارنى تەربىيەلەش ئۈچۈن، قىزلىرىنى مەكتەپتىن چېقىرىۋېلىش ھوقۇقى ۋە پاسسىپ قارشىلىق قىلىش روھى بار. بۇ خىل ئۇسۇلدا تەربىيەلەنگەن قىزلار ئۆزىنى دۇنياغا بالا تۇغۇپ، ئەرلەرنى كۈتۈش ئۈچۈن كەلگەن دېگەن قاراشتا ياشايدۇ، بىلىم، سەۋىيە جەھەتتە نادان قالدۇرۇلغاچقا، ئۇلار بىر ئادەم بولۇش سۈپىتى بىلەن ئېرىشىشكە تېگىشلىك ھەرىكەت ئەركىنلىكىنى، كىشىلىك ھوقۇقلىرىدىنمۇ ئۆزلۈكىدىن ۋاز كەچكەن ياكى ئۇنىڭ زۆرۈرىيىتىنى ھېس قىلمايدۇ. گەرچە بۇنداق ئاياللار سان جەھەتتىن كۆپ بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يامان يوللاردا ئەخلاقتا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق سېلىۋاتقان ئاياللاردىن تۈپتىن پەرقلەنسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ئىلىمسىز، نادان قېلىشى مىللەتكە زىيان سالىدىغان ئامىل بولۇپ قالىدۇ. ئۇ جىسمانىي ۋە روھىي تەرەپتىن تېخى بىر بالا تۇرۇپ، نۇرغۇن بالىلارنى تۇغىدۇ، ئائىلە قۇرۇش ئالدىدا ھېچقانداق بىلىم قۇرۇلمىسى ھاسىل قىلمىغان، ئائىلە قۇرغاندىن كېيىن پۈتۈن ۋاقتى ۋە زېھنىنى بالا تۇغۇش، ئەرلىرىنى كۈتۈش، مېھماندارچىلىق بىلەن ئۆتكۈزگەچكە، قازان بىلەن چۆمۈچ ئارىلىقىدىكى تار دائىرە ئىچىدە ياشاپ، تەپەككۇرى ئۇن ياشلىق بالىنىڭ تەپەككۇر چوڭقۇرلۇقىدا توختاپ قالىدۇ. ئۇ بالىلىرىنىڭ تۈرلۈك مەسىلىلەردە سورىغان سوئالىغا بالىلاردىنمۇ ئارتۇق ساددىلىق بىلەن جاۋاب بېرىدۇ ياكى جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. ئەگەر بىر مىللەتتە ھەممە ئانىلار مۇشۇنداق بولسا، ئۇنداقتا نادانلىق، ئاجىزلىق، ئالغا ئىنتىلمەسلىك، كۆرگەن كۈنىگە شۈكرى قىلىش، باشقىلارغا تايىنىش پىسخىكىلىرى بۇ مىللەت ئاياللىرىغا ھۆكۈمران بولۇپلا قالماي، ئۇ يەنە ئانىلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن بالىلارغا يۇقىدۇ.

دېمەك، ئەر - ئاياللار باراۋەرلىكى ئەر - ئايالنى بىر - بىرىگە قارشى قويىدىغان ياكى بىرىنى بىرىگە بويسۇندۇرۇپ بېرىدىغان ئىدىيە ئەمەس، ئۇ تەشەببۇس قىلىۋاتقان ئاياللار ئەركىنلىكىمۇ ئازغۇن روھلارغا مەيدان ھازىرلايدىغان، شەيتان ۋەسۋەسىگە ھەمدەم بولىدىغان ئەركىنلىك ئەمەس، بەلكى ئاياللارغا بېرىلگەن، ئىلىم بىلەن ئۆزىنى كۈچەيتىش، ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇش ۋە بۇنىڭ بىلەن ئەرلەر قەلبىدە ھېسداشلىقنىڭ ئورنىغا قايىللىق، پەس كۆرۈشنىڭ ئورنىغا ھۆرمەت ئابىدىسىنى تىكلەش پۇرسىتى. ئۇ ئىناق جەمئىيەت، بەختلىك ئائىلىنى مەقسەت قىلىدۇ. لېكىن، بۇ خىل ئىناقلىق بويسۇنۇش ۋە بويسۇندۇرۇش ئاساسىغا ئەمەس، بەلكى ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا، بىرسى كۈتكۈچى يەنە بىرى كۈتۈنگۈچى ھالىتىدە ئەمەس، ئۆزئارا كۈتۈش ھالىتىدە ئەمەلگە ئاشىدۇ.

تەھرىرلىگۈچى: ھەزرىتى ئەلى بارات

www.uyghurkitap.com



# ئەخلاق ۋە ئوقۇتقۇچى ئەخلاقى توغرىسىدا

قۇربانجان يۈسۈپ قۇتلۇق

( شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتى 830049 )

قىسقىچە مەزمۇنى: مەزكۇر ماقالىدە ئەخلاق بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مۇناسىۋىتى ، ئەخلاقنىڭ مەنىسى ، بۇرچى، ماھىيىتى، رولى، فۇنكتسىيەسى، خاسلىقى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەخلاق تەربىيەسى ۋە تەلەپلىرى قىسقىچە بايان قىلىنغان.

摘要： 本文论述了道德与教师的关系，道德的概念、构造、作用、职能、特点、教师的道德教育和道德要求等问题。

ئەخلاق ئىنسانلار جەمئىيىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بىرخىل ئاڭ فورماتسىيە بولۇپ، بىز كۈندە ئۇچرىتىپ تۇرىدىغان بىر مەسىلىدۇر. مەيلى ئىجتىمائىي ئەخلاق بولسۇن ياكى ئادەمنىڭ سۇبيېكتىپ مىجەز - خاراكتېرى بولسۇن، ئۇ تەلىم - تەربىيە ئارقىلىق تىرىشىپ يېتىلدۇرۇشكە، يارىتىشقا تايىنىدۇ. بۇ جەريان ئەخلاق قۇرۇلۇشى دەپ ئاتىلىدۇ. ئىجتىمائىي ئەخلاق ئىنسانلار تۇرمۇشىدىكى، كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى مۇھىم مەزمۇن ھەم مەدەنىيلىكنىڭ ئىلگىرىلىشى. كىشىلىك تۇرمۇش مۇرەككەپ بولغاچقا مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر شەكىللىنىدۇ، تۈرلۈك پايدا - زىيان توقۇنۇشى بولۇپ تۇرىدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ نورمال يۈرۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن كىشىلەر ئارىسىدىكى تۈرلۈك پايدا - زىيان مۇناسىۋىتىنى تەڭشەشكە، كىشىلەرنىڭ شەخسەن ھەرىكىتىنى چەكلەشكە توغرا كېلىدۇ. ئەخلاق كىشىلەر ئارىسىدىكى پايدا - زىيان مۇناسىۋىتىدىن كېيىن ئېنىق نامايان بولىدۇ، بۈگۈنكىدەك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. مۇئەييەن ئەخلاق قائىدىسى كىشىلەرنىڭ تەلىم - تەربىيە، دىنىي ئېتىقادى ۋە ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت جەريانىدا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. شۇڭا ئۇ ياخشىلىق بىلەن رەزىللىكنىڭ ئۆلچىمىگە ئايلانغان. ئۇ ئىجتىمائىي پىكىر ۋە تەربىيە شەكلى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ مېڭىسىدىكى ياخشى - يامانلىق قارىشىغا، ھېسسىياتى بىلەن ئېڭىغا تەسىر كۆرسىتىپ، كىشىلەرنىڭ نىيەت - ئىقبالىنى شەكىللەندۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە ئىجتىمائىي جامائەت پىكرى، ئەنئەنىۋى ئادەت ۋە قائىدە - تۈزۈم شەكلى ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا مۇقىملىشىپ، كىشىلىك مۇناسىۋەتنى چەكلەپ، ئىنسانىي ھەرىكەتلەرنى قېلىپلاشتۇرىدۇ. بىز بۇنىڭدىن ئەخلاقنىڭ بىرخىل ياخشى-يامانلىقنىڭ، ئىنسانى ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئۆلچىمى ئىكەنلىكىنى، ئەخلاقى پسىخىك ھادىسە، ئاڭ ھادىسە ۋە ئەخلاقى قائىدە - پرىنسىپ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز. ئۇ جامائەت پىكرى، ئىقتىساد ۋە ئەنئەنىۋى ئادەتكە ئايلىنىش ئارقىلىق كىشىلەر بىلەن كىشىلەر، كىشىلەر بىلەن جەمئىيەت ئارىسىدىكى ئالاقە مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەيدىغان قائىدە - تۈزۈملەرنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسى.

«ئەخلاق دېگەن نېمە؟» دېگەن مەسىلىگە جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ئەخلاقنىڭ مەنىسى، بۇرچى، ئىجتىمائىي رولى، ماھىيىتى، تەلەپلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي ئەخلاقىنى ئىلمىي يوسۇندا چۈشىنىۋېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئەخلاقنىڭ مەنىسى. ئەخلاقنىڭ مەنىسى توغرىسىدا قەدىمدىن ھازىرغىچە، چەت ئەلدىن جۇڭگوغىچە تۈرلۈك قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى. خەلقىمىزدا ئەخلاق توغرىسىدا «ئادەم بولساڭ، ئالەم سېنىڭكى»، «ئەخلاق ئادەم زىننىتى» دېگەندە نۇرغۇن ماقال - تەمسىللەر بار. ئېلىمىزنىڭ قەدىمىي كىتابلىرىدا «ئەخلاق» ماددىسىنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيىتى دەپ قەيت قىلىنغان، كېيىن مەنىسى كېڭىيىپ كىشىلەر ئەمەل قىلىدىغان ئەدەپ - ئەردەم ئۆلچىمىگە ئايلاندى. غەربتە ئۆرپ - ئادەت دەپ تەبىر بېرىلدى. كېيىن

مەنىسى كېڭىيىپ قائىدە ـ قانۇن، خىسلەت ـ پەزىلەت دەپ چۈشىنىلدى. كىشىلەر ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا تۈرلۈك پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى شەكىللەندۈرىدۇ، تۈرلۈك پايدا ـ زىيان زىددىيىتى شەكىللىنىدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ نورمال ئايلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن تۈرلۈك ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى تەڭشەشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇ بىرخىل ئالاھىدە ئىجتىمائىي ھادىسە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىگە خاس قۇرۇلمىغا ئىگە. كىشىلىك ئەخلاق بىلەن ئىجتىمائىي ئەخلاقنى، ئەخلاق ئېڭى، ئەخلاق مۇناسىۋىتى ۋە ئەخلاق پائالىيىتىنى ئۆزىنىڭ قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى قىلىدۇ. ئەخلاق ئېڭى بولۇش سۈپىتى بىلەن سۇبيېكتىپ بولىدۇ، ئەخلاق پائالىيىتى ھادىسە بولۇش سۈپىتى بىلەن شۇنىڭ سۇبيېكتىپچانلىقى ئۇنىڭ ئوبيېكتىپچانلىقىدىن يۇقىرى بولىدۇ. بۇلار ئورگانىك ھالدا پۈتۈن ئەخلاق ھادىسىسى سۈپىتىدە نامايان بولىدۇ.

ئەخلاقنىڭ بۇرچى. ئەخلاق ئىجتىمائىي ئاڭ فورماتسىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئاساسنى بەلگىلەيدىغان ئالاھىدە ئىجتىمائىي ئاڭ فورماتسىيەسى بولۇپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇش جەريانىدا شەكىللىنىدۇ ۋە راۋاجلىنىدۇ، تارىخىي يوسۇندا تۈرلۈك فۇنكتسىيىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇنداق فۇنكتسىيە ئىجتىمائىي شارائىت ئاستىدا ئەمەلگە ئاشىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ رولى ئىجتىمائىي بولىدۇ. ئۇ يەنە تەڭشەش، تەربىيەلەش، ئالاقىلىشىش، رىغبەتلەندۈرۈش، بىلىش قاتارلىق فۇنكسىيەگە ئىگە بولىدۇ. ئەخلاقنىڭ بۇنداق فۇنكتسىيەلىرى ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى جەريانىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇڭا ئەخلاقنىڭ تۈرلۈك فۇنكتسىيەلىرىنىڭ مۇكەممەللىكى بىلەن بىردەكلىكى گارمونىك، ئەركىن يوسۇندا ئىپادىلىنىدۇ.

ئەخلاقنىڭ ئىجتىمائىي رولى. ئەخلاق ئۆزىنىڭ ئۆلچىمى بىلەن ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ مۇۋاپىقلىقى بىلەن ئادالەتلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كۈچلۈك، سىجىل جامائەت پىكرى ھاسىل قىلىپ، ئۇستقۇرۇلمىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان تۈرلۈك قىلمىشلارنى ئەيىپلەپ ۋە تۈگىتىپ ئۇستقۇرۇلمىنى مۇستەھكەملەيدۇ، تەرەققىي قىلدۇرىدۇ؛ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا تۈرلۈك ئەمگەكچىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەمگەك ئاكتىپلىقىغا ئىلھام بېرىدۇ ۋە ئىختىرا قىلىش قابىلىيىتىنى يارىتىدۇ؛ جەمئىيەتنىڭ ئىتتىپاقلىقى بىلەن بىردەكلىكىنى قوغدايدۇ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ، ئاۋام ـ پۇقرالارنىڭ نورمال تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ؛ ئەخلاق ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ، بۇنى ئۆزى ئەكس ئەتتۈرگەن ئۇستقۇرۇلما ئۇ ۋەكىللىك قىلغان ئىجتىمائىي تۈزۈم بەلگىلەيدۇ.

ئەخلاقنىڭ ماھىيىتى. ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ خاراكتېرى تۈرلۈك ئەخلاق سىستېمىسىنى بەلگىلەيدۇ، قانداق ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي قۇرۇلما بولسا شۇنداق ئىجتىمائىي ئەخلاق مەۋجۇت بولىدۇ. مەسىلەن، ئەنئەنىۋى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۈزۈم ئەنئەنىۋى ئەخلاق قارىشىنى ئاساس قىلىدۇ ؛ ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت نامايان قىلغان مەنپەئەت ئەخلاق سىستېمىسىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپىنى ئاساسلىق ئۆلچەم قىلىدۇ. مەسىلەن، كاپىتالىزم ئەخلاق قارىشى بىلەن سوتسىيالىزم ئەخلاق قارىشى تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىدىكى زىددىيەت بىلەن توقۇنۇش ئەخلاق ساھەسىدە ئۈزلۈكسىز كۆرەش قىلىپ تۇرىدۇ؛ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا مۇكەممەل ئەخلاق قارىشىنى چىقىش قىلىپ، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى ئەخلاق مەسىلىلىرىنى ئويلاشقا، ئەخلاقنىڭ ئىناقلىقىغا ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

ئەخلاقنىڭ تەلەپلىرى. ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئەخلاق تەلەپلىرى ئوخشاش بولمايدۇ. ماقالىنىڭ ئالدىدا قانداق ئىجتىمائىي تۈزۈم بولسا شۇنداق ئەخلاق قارىشى بولىدۇ دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئەنئەنىۋى شارائىتتىكى ئەخلاق ئەنئەنىۋى ئەخلاق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەخلاق قۇرۇلۇشى ۋەتەننى ، خەلقنى، ئەمگەكنى، پەننى سۆيۈش قاتارلىقلارنى تەلەپ قىلىدۇ. ۋەتەننى سۆيۈش ئېتىقادنى ئاساس قىلىدۇ. ۋەتەننى سۆيۈش بىر تارىخىي كاتېگورىيە ئۇقۇمى بولۇپ، ۋەتەنگە بولغان غۇرۇر، ئىشەنچ، ئىپتىخارنى كۈچەيتىش، يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن بۇرچ تۇيغۇسىدا بولۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ خەلقنى سۆيۈش، خەلق ئاممىسىنى ئۆز-ئۆزىگە خوجايىن قىلىش، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلاش، ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش، ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش، پۈتۈن نىيەت، پۈتۈن دىلى بىلەن

www.uyghurkitap.com

خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيەسىنى تۇرغۇزۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ئەمگەكنى سۆيۈش بىرخىل ئىجتىمائىي ئەخلاق بولۇپ، ئىنسانلارغا بەخت يارىتىشنى، ئىجتىمائىي مەۋجۇتلۇق بىلەن تەرەققىياتنى، كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىنى تاۋلاش، گۈزەل يۇرت ـ ماكان قۇرۇپ چىقىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ پەننى سۆيۈش ـ پەنگە، بىلىمگە، ئىختىساس ئىگىلىرىگە ھۆرمەت قىلىشنى، ئىلىم ـ پەن بىلىملىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىلغار پەن ـ مەدەنىيەت تېخنىكىلىرىنى ئىگىلەشنى، تەپەككۇر قىلىشقا ماھىر بولۇپ، دادىل ئىزدىنىشنى، يېڭىلىق يارىتىشقا ماھىر بولۇشنى، خۇراپىيلىقنى تۈگىتىپ ئۆز كەسپىگە مۇھەببەت باغلاپ تىرىشىپ ئىشلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ھەر خىل شارائىتتىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت، سىياسىي ئەھۋال، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر ئوخشاش بولمىغاچقا كىشىلەرنىڭ ئەخلاق سەۋىيەسىدىمۇ ئوخشاش بولمىغان ھادىسىلەر كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن، ئەخلاق پىرىنسىپ سىستېمىسى (كوللېكتىۋىزملىق ، ئىنسانپەرۋەرلىك، ئادىللىق، ئەخلاقنى قېلىپلاشتۇرۇش)، ئەخلاق كاتوگېرىيەسى (ياخشىلىق ـ يامانلىق، مەجبۇرىيەت، ۋىجدان، شان ـ شەرەپ، بەخت ـ سائادەت) قاتارلىق قاتلاملارغا بۆلۈنىدۇ.

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي ئەخلاقى. ئوقۇتقۇچى ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى، ئۇ ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە ۋە ئالاھىدە رول ئوينايدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتى، بىلىمىنىڭ داۋاملىشىشى، ئىجتىمائىي مەدەنىيلىكنىڭ بەرپا بولۇشى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ جاپالىق تىرىشچانلىقىدىن ئايرىلالمايدۇ. شۇڭا، ئوقۇتقۇچى بولغان ھەربىر ئادەم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمى بىلەن ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئەخلاقى تەربىيەنى كۈچەيتىپ، ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. مەن بىر ئوقۇتقۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئوقۇتقۇچى بولغان ئادەم تۆۋەندىكىدەك ئالتە جەھەتتە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى كېرەك دەپ قارايمەن.

بىرىنچىدىن، مائارىپ ئىشلىرىغا سادىق بولۇش. مائارىپ ئىشلىرىغا سادىق بولۇشتا ئالدى بىلەن ئۆز كەسپىنى قىزغىن سۆيۈش، مائارىپ تەرەققىياتىنى مۇھىم ئىش سۈپىتىدە تۇتۇش، ھەربىر ئوقۇتقۇچى مائارىپنىڭ مىللەتنى، دۆلەتنى، جەمئىيەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ، روناق تاپقۇزۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى بىلەن ئورنىنى تونۇپ، ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە، خەلققە سادىق بولۇش ئىرادىسىنى نامايان قىلىشى زۆرۈر.

ئىككىنچىدىن، ئوقۇغۇچىلارغا كۆيۈنۈش، ئوقۇغۇچىلارنى ئاسراش. مەكتەپلەرنىڭ دەرس ئۆتۈش ئوبيېكتى ئوقۇغۇچىدۇر. ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىغا كۆيۈنسە، ئۇلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئائىلە تەربىيەسىنىڭمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىتىكى رولىغا سەل قارىغىلى بولمايدۇ. ياش ـ ئۆسمۈرلەر ۋەتەننىڭ كەلگۈسى بولغاچقا ئوقۇتقۇچى بولغان ئادەم پۈتۈن قىزغىنلىقى بىلەن ئۇلارغا كۆيۈنۈشى، ئۇلارغا سەۋرچانلىق بىلەن تەربىيە بېرىشى، دەرستە ئارقىدا قالغان، مەكتەپ، سىنىپ ئىنتىزامىغا ئاڭلىق رىئايە قىلمايدىغان ئوقۇغۇچىلارغا تېخىمۇ كۆيۈنۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇشى كېرەك. ئوقۇغۇچىلارنى ھاقارەتلىمەسلىكى، دەرس بىلمىدىڭ دەپ قوپاللىق قىلماسلىقى، ئۇلارغا ئىدىيەۋى خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ، ئىجادىي يېتەكلەش كېرەك، ئوقۇغۇچىلارغا ھەربىر سائەتتە ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى تولۇق ئىگىلىۋېلىشىغا ياردەم قىلىشى، ئۇلارنى ئەل ـ ۋەتەنگە پايدىلىق ئادەم قىلىپ يېتىلدۈرۈپ چىقىشى زۆرۈر.

ئۈچىنچىدىن، ئۆگىتىشتىن زېرىكمەسلىك، ئۆگىنىشتىن بىزار بولماسلىق. ئوقۇتقۇچى دەرس ئۆتۈش جەريانىدا ئىجتىھات بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىپ، دەرس ئۆتۈشتىن بىزار بولماسلىقتەك ئېسىل خىسلەتنى يېتىلدۈرۈشى، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش پىلانىنى ئىلمىي، مۇۋاپىق تۈزۈشى، ئوقۇغۇچىلارغا كۆڭۈل قويۇپ دەرس ئۆتۈشى، دەرستىن كېيىن ئوقۇغۇچىلار چۈشەنمىگەن قىيىن مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشى كېرەك. ئوقۇتۇش جەريانىدا ئوقۇغۇچىلارنى قايىل قىلغۇدەك ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈشى، دەرسنى كۆپ قاتلاملىق، جانلىق ئۆتۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى قوبۇل قىلىش قىزغىنلىقىنى قوزغاش، يەنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشى ، ئۆتۈلگەن دەرسلەرنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ھەرگىزمۇ ئوقۇغۇچىلار سورىغان سوئالغا جاۋاب بېرەلمەي قالىدىغان ئەھۋال كۆرۈلمەسلىكى كېرەك.

تۆتىنچىدىن، ئوقۇغۇچىلارغا ئۆزى ئۈلگە بولۇشى كېرەك. ئۈلگە بولۇشنىڭ قۇدرىتى چەكسىز بولىدۇ. ئوقۇغۇ-

چىلار ئادەتتە ئوقۇتقۇچىنى ھەقىقەتنىڭ، ئادالەتنىڭ سىماسى دەپ بىلىدۇ، ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەربىر گەپ-سۆزى، ھەربىر ئىش - ھەرىكىتى ئوقۇغۇچىلارغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، ئوقۇتقۇچى ئۆزىگە ھەرتەرەپتىن قاتتىق تەلەپ قويۇپ، يۈرۈش - تۇرۇشى توغرا بولۇشى، توغرا ئىستىل تۇرغۇزۇشى، گەپ - سۆزلىرى راۋان بولۇشى، ئۆزىنىڭ دۇرۇس، چوڭ سۈپەت قىياپىتى بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا ياخشى تەسىر قالدۇرۇشى زۆرۈر.

بەشىنچىدىن، ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش. مائارىپ كەسپى كوللېكتىپنىڭ كەسپى. ھەرقانداق ئىختىساس ئىگىسىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۆزىنىڭ شەخسەن تىرىشچانلىقىغىلا تايىنىپ قالمايدۇ. يەنە مەكتەپنىڭ، مائارىپ تارماقلىرىنىڭ ، ئوقۇتقۇچى ۋە مۇناسىۋەتلىك خادىملارنىڭ ئورتاق تىرىشىشىغا تايىنىدۇ. شۇڭا ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش ئىنتايىن مۇھىم، كىچىك پېئىل بولۇپ، مائارىپ كەسپىنىڭ گۈللەپ ياشنىشىنى ئۆزىنىڭ بۇرچى دەپ بىلىشى، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشى، باشقىلارنىڭ بىلىمىگە، ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلىش كېرەك. ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ، كىشىلەرنى كۆزىگە ئىلمايدىغان، كىشىلەرگە زىيان سالىدىغان ئەھۋاللاردىن خالىي بولۇشى كېرەك. ئورتاق غايىگە ئىنتىلىشى، ئورتاق قاراشتا بولۇشى، ئۆزئارا كۆيۈنۈشى، كوللېكتىپ ياردەمدە بولۇشى، شۇ ئارقىلىق مەكتەپنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشى زۆرۈر.

ئالتىنچى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش كېرەك. بولۇپمۇ شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتى بۇ جەھەتتىكى ئەنئەنىسىنى تېخىمۇ ياخشى نامايەندە قىلىپ، جەمئىيەتكە ئىجابىي بولغان ئۈلگىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغۇچىلار (تالىپلار) غا مەدەنىيەت دەرسلىرى ئۆتۈلۈش بىلەن بىرگە باراۋەرلىك، ئىناق - ئەمىنلىك ۋە ئەخلاقنى تەكىتلەيدىغان ئىسلام دىنىغا ئائىت كەسپىي دەرسلەرمۇ ئۆتۈلىدۇ. ئەمەلىيەتنى ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ۋەتەننى، خەلقنى قىزغىن سۆيىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ھىمايە قىلىدىغان دىنىي ئىزباسارلارنى تەربىيەلەپ چىقىش تولىمۇ زۆرۈر.

دېمەك ئەخلاق ھەربىر ئادەمگە نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئۇ ئىنسان زىننىتىنى يۈكسەلدۈرىدۇ. ئەخلاق ئىناقلىقنى، تەرەققىياتنى، گۈللىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، گۈزەل يۇرت - ماكان تۇرۇپ چىقىشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

---

پايدىلانمىلار:

① «شەھەر خەلقىنىڭ ئەخلاق تەربىيەسى ئوقۇشلۇقى» ئۈرۈمچى شەھەرلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسى تۈزگەن، 1999 - يىل 12 - ئاي

② «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 18 - قۇرۇلتاي دوكلاتى ئوقۇشلۇقى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2012 - يىل 12 - ئاي

③ «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى»، ئۆگىنىش نەشرىياتى، 2009 - يىل 8 - ئاي

④ «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئوقۇشلۇقى»، خۇاڭخې نەشرىياتى، 2012 - يىل 11 - ئاي

⑤ «پەندىنامە»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 2009 - يىل 6 - ئاي

⑥ «ئىجتىمائىي پەن دۇنياسىغا يۈرۈش قىلىش»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2013 - يىل 3 - ئاي

تەھرىرلىگۈچى : مەرۋۇپجان مەتىمىن

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى ھەر قايسى جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ، جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ، توپ ۋە پارچە سېتىشنى ئۈرۈمچى «ئىزچىلار» كىتابخانىسى ئۈستىگە ئالىدۇ. كىتاب - ژۇرنال تىجارەتچىلىرىنىڭ ئۈرۈمچى «ئىزچىلار» كىتابخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىشىنى سورايمىز.
ئالاقىلىشىش تېلېفون نومۇرى: 0991 - 2850601

# يىللار ۋە ئەسلىمە

ئابدۇقاھار مەخسۇت

( شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتى 830049 )

**قىسقىچە مەزمۇنى:** مەزكۇر ماقالىدە تارىختىكى داڭلىق ئۇيغۇر تەرجىمان، ئەدىب، ئىجتىمائىي پائالىيەتچى، سەنئەتكارلارنىڭ تارىختىكى ئىش ـ پائالىيەتلىرى ئىخچام ھەم مېغىزلىق بايان قىلىنغان. 2013 ـ يىلىدا پۈتۈن خاتىرە يىل بولىدىغان مەرھۇم يازغۇچى، ئەدىبلىرىمىزنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ھەققىدە ئىلمىي مەلۇمات بېرىلگەن.

**摘要:** 本文简述了历代维吾尔著名翻译家、历史学家、社会活动家、艺术家的生涯及创作活动。

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ۋەزنى مىڭ پاتمان كېلىدىغان شېئىرلىرىنىڭ بىرىدە «مېنى خەلقىم قۇچاقىدىن ئايرىما» دەپ يېزىش ئارقىلىق ئۆز ھاياتىدا خەلقىنىڭ سۈيىدە ئېقىپ، ئوتىدا كۆيگەن ھەربىر ئىجاد ئىگىسىنىڭ خەلق قەلبىدە دائىم ئەسلىنىپ تۇرۇش ئارزۇسىدا بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرگەندى. دەرۋەقە، مىننەتسىز ئىجاد ئىگىلىرى ياراتقان ئەمگەكلەرنىڭ قەدرىگە يېتىپ، ئۇلارنىڭ نامىنى تىللاردىن دىللارغا، دىللاردىن دىللارغا يەتكۈزۈش ئىلىم ساھىبلىرىغا بولغان ھۆرمەت جۈملىسىدىندۇر. مەن مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن 2013 ـ يىلىدا پۈتۈن خاتىرە يىل بولىدىغان مەرھۇم ئەدىبلىرىمىزنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ھەققىدە قىسقىچە ئۇچۇر بېرىدىغان مەزكۇر يازمىنى تەييارلىدىم. بۇ ئەرزىمەس ئەمگىكىم ئەشۇ مەرھۇملارنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرىنى ئەسلەش ۋە ئەۋلادلارغا بىلدۈرۈشتە زەررىچە بولسىمۇ مەنپەئەت بەرسە ئەجەب ئەمەس.

**كۇمىراجىۋا ۋاپاتىنىڭ 1600 يىللىقى** كۇمىراجىۋا (334 ـ 413) بۇددىزم پەيلاسوپى ۋە مەشھۇر ئەدىب. كۇسەن (كۇچار) دا تۇغۇلغان. «ھېكمەتلىك باخشىمغا نەزىرە»، «ئون تەمسىل» قاتارلىق شېئىرلىرى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن.

**ئەنسارى ۋاپاتىنىڭ 720 يىللىقى** ئەنسارى (1225 ـ 1293) مەنبەلەردە ئەنزاك دەپ ئېلىنغان. بۇ يۈەن دەۋرىدە ئۇيغۇرلاردىن چىققان داڭلىق ئەدەبىي تەرجىمادۇر. ئۇ ئۆز ھاياتىدا «جىنگۇەن يىللىرىدىكى مۇھىم سىياسىي ئىشلار» (بۇ تاڭ دەۋرىدە يېزىلغان ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تەجرىبىلىرى يەكۈنلەنگەن ئەسەر)، «ئىبرەتنامە»، «نەسرنامە»، «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئۆرنەكلەر» قاتارلىق ئەسەرلەرنى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغان.

**سەئىدخان ۋاپاتىنىڭ 480 يىللىقى** يەركەن خانلىقىنىڭ قورغۇچىسى ۋە مەشھۇر سەركەردىسى سەئىدخان 1484 ـ يىلى ئاقسۇدا تۇغۇلغان. 1533 ـ يىلى ھەربىي يۈرۈشتە ۋاپات بولغان. ئۇ ئۆز ھاياتىدا نۇرغۇن شېئىر يازغان بولۇپ، «تارىخى رەشىدى (زەيلى)» ئارقىلىق بىر قىسىم شېئىرلىرى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن.

**موللا بىلال نازىمى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 190 يىللىقى** موللا بىلال نازىمى (1900 — 1823) Ⅸ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تەنقىدىي رېئالىزم ئاساسچىلىرىدىن بىرى. موللا بىلال بىن موللا يۈسۈپ (نازىم) تەخمىنەن 1823 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ قازانچى مەھەللىسىدە كەمبەغەل قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. موللا بىلال كىچىك چېغىدىلا ئاتىسىدىن يېتىم قالغان بولۇپ، بىر تەرەپتىن تۇرمۇشنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىنى ئۈستىگە ئالسا، يەنە بىر تەرەپتىن تىرىشىپ بىلىم ئىگىلىگەن. يەنە بىر تەرەپتىن زۇلۇمغا قارشى كۆتۈرۈلگەن خەلق قوزغىلاڭلىرىغا بىۋاسىتە قاتناشقان. شائىرنىڭ پۈتۈن ھاياتى ئىنتايىن نامراتچىلىق ۋە موھتاجلىقتا ئۆتكەن. شائىر ئۆزىنىڭ بۇ خىل ئەھۋالىنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە يازغان «غازات دەرمۈلكى چىن»، «چاڭمۇزا يۈسۈپخان»، «نۇزۇگۇم»

ئەدەبىيات تەتقىقاتى

قاتارلىق ئەسەرلىرىدە قەيت قىلىپ ئۆتكەن. شائىرنىڭ ئەنە شۇنداق تۆۋەن ئىجتىمائىي ئورنى ئۇنىڭ خەلق بىلەن ھەمنەپەس بولۇشىغا، خەلقنىڭ ئارزۇ ــ ئىستەكلىرىنى ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈشىگە ئاساس ۋە تۈرتكە بولغان. مولla بىلال 1881 ـ يىلىدىكى «چوڭ كۆچ» مەزگىلىدە كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا تۇپراقنى تاشلاپ، چاررۇسىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى ياركەنتكە كەتكەن. شائىرنىڭ كېيىنكى ھاياتى تېخىمۇ ئېغىرچىلىقتا ئۆتۈپ، 77 يېشىدا ئەما بولۇپ، 1900 ـ يىلى يەتتەسۇنىڭ ياركەنت دېگەن جايىدا ۋاپات بولغان.

**مولla سەيدۇللا ۋاپاتىنىڭ 100 يىللىقى** مولla سەيدۇللا (1913 — 1840) قەشقەر يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ تېۋىز يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇ كىچىك ۋاقتىدا مەدرىستە ئوقۇش جەريانىدا شەرق كىلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ، ئەدەبىي بىلىمنى ئاشۇرغان. ئۇ ئەينى دەۋردىكى رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان شېئىرلارنى يازغان. جامائەتچىلىكنىڭ ئالقىش ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ زور تەسىر پەيدا قىلىۋاتقان مولla سەيدۇللا «ئىسياچى» ئاتىلىپ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تۇتۇشقا بۇيرۇلغان. بۇنى ئالدىن سەزگەن مولla سەيدۇللا يۇرتىنى تاشلاپ، سەرگەردان بولۇپ، شىنجاڭ دائىرىسىدە بەش يىل يېزا ـ قىشلاقلارنى پىيادە كېزىپ، جەمئىيەت بىلەن پىششىق تونۇشقان. 1892 ـ يىلى كەشمىرگە كېلىپ، بۇ جايدا ساياھەتتە بولۇۋاتقان ئۆزبېك شائىرى شاكىرجان خالمۇھەممەت ئوغلى فۇرقەت بىلەن تونۇشقان. مولla سەيدۇللا بۇ يەردە بىر يىلغىچە تۇرغاندىن كېيىن، 1893 ـ يىلىنىڭ بېشىدا فۇرقەتنى باشلاپ لاداخ يولى ئارقىلىق خوتەنگە كېلىدۇ. كېيىن يەكەنگە كەلگەن. فۇرقەت يەكەندە ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مولla سەيدۇللا پوسكامنىڭ قىزىل مەسچىت دېگەن يېزىسىغا كۆچۈپ بېرىپ، تۇغقانلىرى بىلەن بىللە ياشاپ، 1913 ـ يىلى ئەتراپىدا پوسكامدا ۋاپات بولغان. شائىر مولla سەيدۇللانىڭ ھازىرچە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بىردىنبىر ئەسىرى «دىۋان مولla سەيدۇللا» دىن ئىبارەتتۇر.

**مولla پازىل تۇغۇلغانلىقىنىڭ 360 يىللىقى** شائىرنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، شائىرنىڭ ئىسمى پازىل، ئەدەبىي تەخەللۇسى «كىچىك» بولۇپ، ئۇ مىلادىيە 1653 ـ يىلى تۇغۇلغان. 52 ياشقا كىرگەندە «لەيلى ـ مەجنۇن» داستانىنى يېزىپ چىققان.

**مۇھەممەت رۇسۇل شەۋقى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 160 يىللىقى** مۇھەممەت رۇسۇل شەۋقى (1853 ــ ؟) يېقىندا يولداش ھەبىبۇللا مۇھەممەدىنىڭ ئىزدىنىشى بىلەن يەركەندىن تېپىلغان «دىۋان شەۋقى» ناملىق قولىيازما توپلام ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا مۇھەممەت رۇسۇل شەۋقى ئىسىملىك ئەدىبنى ئېلىپ كىردى. ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى قايتا كۆچۈرۈلگەنلىكى تەخمىن قىلىنغان بۇ قولىيازما دىۋاندىن مەلۇم بولۇشىچە، دىۋاندىكى شېئىرلار مۇئەللىپىنىڭ ئىسمى مۇھەممەت رۇسۇل بولۇپ، مىلادىيە 1853 ـ يىلى تۇغۇلغان. دىۋان مۇقاۋىسىغا كاتىپ تەرىپىدىن قىستۇرۇلغان بىر پارچە قەغەزگە: «بۇ شەۋقى كىتابىنىڭ مۇسەننىف گۇما قوشتاغلىق مولla مۇھەممەد رۇسۇل بىننى مولla نەزەر ئەفىيەللا ئەنھۇ، ئول كىشىنىڭ قەلەم رىشھەسىدىن يېزىلغان ئىكەنلەر» دېگەن سۆزلەر بىزنى ئاپتورنىڭ يۇرتى ھەققىدىكى ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدۇ. شائىرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ھازىرغىچە مەلۇم ئەمەس.

**ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر تۇغۇلغانلىقىنىڭ 90 يىللىقى** ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر (1923 ـ1995) شائىر، يازغۇچى، تەتقىقاتچى. ئەسلى ئىسمى ئابدۇرېھىم تىلەشۇپ ئۆتكۈر («ئۆتكۈر» ــ ئۇنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى). قۇمۇل شەھىرىدە سودىگەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەدەبىيات ساھەسىگە 1940 ـ يىللىرى شېئىرىيەت ئارقىلىق كىرىپ كەلگەن. بۇ ساھەدە ناھايىتى چوڭ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ھەم ئۇيغۇر ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ۋەكىللىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ كېيىنكى يىللاردىكى ئىجادىيىتىدە رومانچىلىق ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ 80 ـ يىللاردىن تارتىپ بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى يۈكسەك تالانتىنى تارىخىي رومان ئىجادىيىتىگە قاراتقان. ھازىرغىچە نەشر قىلىنغان ئەسەرلىرىدىن «يۈرەك مۇڭلىرى» (1946 ـ يىل، لەنجۇ)، «تارىم بويلىرى» (1948 ـ يىل، تىيانشان نەشرىياتى) ناملىق شېئىر توپلاملىرى، «قەشقەر كېچىسى» (1980 ـ يىل) ناملىق داستانى، «ئۆمۈر مەنزىللىرى» (1975 ـ يىل) ناملىق شېئىرلار ـ نەسرلەر توپلىمى، «ئىز» (1985 ـ يىل)، «ئويغانغان زېمىن» (ئىككى قىسىم، 1988 ـ، 1994 ـ يىل) ناملىق رومانلىرى بار.

**ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن تۇغۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقى** ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن (1995 ــ 1933) ئاتۇش ناھىيەسىنىڭ مەشھەت يېزىسىدا تۇغۇلغان، 1952 ـ يىلى سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ ئۆز مەكتىپىگە ئوقۇتقۇ-

www.uyghurkitap.com

چىلىققا ئېلىپ قېلىنغان، 1954 ــ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە غەربىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماركسىزم ــ لېنىنىزم ئاسپىرانتورىيەسىدە ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇغان، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يەنە سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدا، كېيىنچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچى، كۇتۇپخانا خىزمەتچىسى بولۇپ ئىشلىگەن، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ھازىرغىچە نەشر قىلىنغان ئەسەرلىرىدىن «ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى ــ 12 مۇقام ھەققىدە» (1980 ــ يىل)، «رۇبائىيات» (1 ــ، 2 ــ) (1981 ــ، 1989 ــ يىل)، «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا ــ ئۇسسۇل سەنئىتى» (1982 ــ يىل)، «چوغلۇق» (1986 ــ يىل)، «قارلىق تاغ شەجەرىسى» (1988 ــ يىل)، «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» (1997 ــ يىلى)، «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» (2002 ــ يىل)، «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت» (201 ــ يىل)، «مۇقام خەزىنىسى» (1997 ــ يىل)، «ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيىتى» (2002 ــ يىل)، «غەربىي يۇرت تاشكىمىر سەنئىتى» (1998 ــ يىل)، «ئائىلە» (2002 ــ يىل) قاتارلىقلار بار.

**ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋاپاتىنىڭ 80 يىللىقى** ئابدۇخالىق ئۇيغۇر (1933 ــ 1901) ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ ئاتاقلىق ۋەكىللىرىدىن بىرى، ئىنقىلابىي ۋەتەنپەرۋەر شائىر. 1916 ــ يىلى چوڭ دادىسى بىلەن بىللە رۇسىيەگە بېرىپ شەمەي شەھىرىدە تۇرغان ۋاقتىدا رۇس تىلى ئۆگەنگەن. ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تۇرپاندىكى شۆتاڭغا كىرىپ خەنزۇچە ئوقۇغان. «سېغىنىش»، «ئىستىمەس»، «باردۇر» قاتارلىق چوڭقۇر مەزمۇنلۇق شېئىرلارنى يازغان. 1923 ــ يىلى مەخسۇت مۇھىتى قاتارلىقلار بىلەن بىللە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىككىنچى قېتىم چىققان. ئۈچ يىل تۇرۇپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يېڭى مەكتەپلەرنى ئاچقان. شۇ مەزگىللەردە ئۇنىڭ شېئىر ئىجادىيىتى يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن. ئۇ «ئاچىل»، «ئۈزۈلمەس ئۈمىد» قاتارلىق نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان.

**ئەھمەد زىيائى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى** ئەھمەد زىيائىي (1989 ــ 1913) شائىر، ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى. قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ خانئېرىق يېزىسىدا تۇغۇلغان. كىچىك چاغلىرىدا دادىسىدا ئوقۇپ، ئەرەب ــ پارس تىللىرىنى ئۆگەنگەن، 1935 ــ يىلدىن 1943 ــ يىلغىچە قەشقەردە چىقىدىغان «يېڭى ھايات گېزىتى» (كېيىن نامى «قەشقەر ــ شىنجاڭ گېزىتى» گە ئۆزگەرتىلگەن) ئىدارىسىدا تەرجىمان، مۇھەررىر ۋە مەسئۇل مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. كېيىنچە ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كېلىپ «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ ئەدەبىيات بېتىدە ئىشلىگەن. لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن قىسقا ۋاقىت بىرگە ئىشلىگەن. ئاندىن ئۇزۇن ئۆتمەي قولغا ئېلىنىپ، 1946 ــ يىل 6 ــ ئايغا قەدەر تۈرمىدە ياتقان. ئۇ تۈرمىدە رۇس تىلى ئۆگەنگەن ھەم لۇغەت ئىشلىگەن. 1946 ــ يىلى قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، سودا كارۋانلىرى بىلەن پاكىستان ــ ھىندىستان تەرەپلەرگە بارغان، 1947 ــ يىلى «قەشقەر ــ شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىگە تەيىنلەنگەن ۋە 1952 ــ يىلغىچە ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغان «جەنۇبىي تىيانشان گېزىتى» دە ئىشلىگەن. كېيىن شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە يۆتكىلىپ بېرىپ، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان.

**سالاھىدىن بەگ ۋاپاتىنىڭ 100 يىللىقى** سالاھىدىن بەگ (1913 — 1820) قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن خەلق سەنئەتكارى، ئۇ چوڭ دادىسىدىن ساز چېلىپ ناخشا ئېيتىشنى ئۆگەنگەن. ئۆز ۋاقتىدا پۈتكۈل قەشقەر شەھىرىدە راۋاپنى ئۇنىڭدەك ياخشى چالىدىغان سازەندە بولمىغان، سالاھىدىن بەگ قەشقەرنىڭ داڭلىق ساماۋەرخانىلىرىدا خەلق ناخشىلىرىنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئورۇنداپ، كىشىلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

**قاسىم قىزىق ۋاپاتىنىڭ 60 يىللىقى** قاسىم قىزىق (1953 — 1890) قاسىم قىزىقنىڭ ئەسلىي ئىسمى قاسىم گاسىل بولۇپ، قۇمۇل شەھىرى راھەتباغ يېزىسىنىڭ قارىتال كەنتىدە كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1918 ــ يىلغىچە قارىتال كەنتىدە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. ئۇ كىچىكىدىن ئاتا ــ بوۋىلىرى ئېيتىپ بەرگەن ھېكايە ــ چۆچەك، لەتىپە ــ قوشاقلارنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ناھايىتى قىزىققان. ياشلىق دەۋرلىرىدە قۇمۇل مۇقامىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، مۇقام ناخشىلىرىنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ ئېيتالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولغان. بۇ جەرياندا ئۇ بارا ــ بارا ئۇيغۇر خەلق لەتىپە ــ چاقچاقلار ئاساسىدا يېڭى ــ يېڭى ۋە دەۋرگە، ئەينى رېئال شارائىتقا تولىمۇ ماس بولغان لەتىپە ــ چاقچاقلارنى ئىجاد قىلىپ باشقىلارغا روھىي ئوزۇق ئاتا قىلىش بىلەن بىرگە لەتىپە ــ چاقچاق ئارقىلىق كىشىلەرنى مەلۇم تەربىيىگە ئىگە قىلىشنى ئاساس قىلىپ، مەنىلىك كۇلدۇرگە پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۇنىڭ تورلۈك

مەزمۇندىكى قىزىقچىلىقلىرى كىشىلەرنى ئۆزىگە بەكمۇ
جەلىپ قىلغان.

**ئابلىزخان ماموت ۋاپاتىنىڭ 30 يىللىقى** ئابلىز-
خان ماموت (1983 ـ 1930) غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان.
ئۇ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە دادىسىدىن تەمبۇر چېلىپ ناخشا
ئېيتىشنى ئۆگەنگەن. ئازادلىقتىن كېيىن ئىلى تىياتىرى،
شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى، ئوپېرا ئۆمىكى ۋە قۇ-
مۇل ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمەكلىرىدە مۇزىكانت ۋە ئارتىس
بولۇپ ئىشلىگەن. قۇمۇل، تۇرپان ۋە كۇچار خەلق ناخشى-
لىرىنى بىرىلىپ ئۆگىنىپ، يەرلىك ئاھاڭلار ئۈستىدە تەت-
قىقات ئېلىپ بارغان، «غېرىپ ـ سەنەم» داستانىنىڭ خەلق
ئارىسىدىكى مۇزىكا ـ ناخشىلىرىنى ئەستايىدىل توپلاپ
رەتلىگەن، مۇشۇ ئاساستا مۇقاملارنىڭ داستان ۋە مەشرەپ
ئاھاڭلىرىنى يۇقىرى سەۋىيە بىلەن ئورۇنداپ، كىشىلەرنىڭ
ئالقىشىغا ئېرىشكەن. «ئېتىمىز ناخشىسى»، «ئايەي» قاتارلىق
ناخشىلارنى ئىجاد قىلغان.

**ئابدۇراخمان ھاۋاز ۋاپاتىنىڭ 20 يىللىقى** ئاب-
دۇراخمان ھاۋاز (1993 ـ 1935) مەشھۇر كىنو چولپىنى.
چۆچەك ناھىيىسىنىڭ سەنگۈڭ يېزىسىدا دېھقان ئائىلى-
سىدە تۇغۇلغان. 1952 ـ يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى
پۈتتۈرگەندىن كېيىن چۆچەك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ
ئىلمى باشقارمىسىدا ئىشلىگەن. كېيىن ئازاتلىق ئارمىيى-
گە قاتنىشىپ دەسلەپىدە 5 ـ كورپۇس سەنئەت ئۆمىكىدە،
كېيىن ئۇزۇن مۇددەت شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي
بۆلۈمى سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئۇسسۇل ئەترىتىدە سەھنە
سەنئىتى ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1970 ـ يىلى
كەسىپ ئالماشتۇرۇپ 1979 ـ يىلىغىچە پوچتا ـ تېلېگراف
ئىدارىسىدە، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە تەڭ-
رىتاغ كىنو ستۇدىيىسىدە ئىشلىگەن. ئۇ «ئانارخان»،
«يايلاقتىكى بۈركۈت»، «قۇملۇقتىكى يېشىل دولقۇن»، «يول
باشلىغۇچى»، «غېرىپ ـ سەنەم» قاتارلىق بىرقانچە كىنو
ۋە تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدە باش رول ئېلىپ شۆھرەت
قازانغان.

**ئەخلەت ئاخۇن تەمبۇر ۋاپاتىنىڭ 40 يىللىقى**
ئەخلەت ئاخۇن تەمبۇر(1973 — 1895) گۇما ناھىيىسىنىڭ
قوشتاغ يېزا قىشلاق ئالدى مەھەللىسىدە سازەندە ئائىلى-
سىدە تۇغۇلغان، دەسلەپكى ساۋادىنى دىنىي مەكتەپتە چى-
قارغان. ئون ئۈچ ياشقا كىرگىچە «12 مۇقام» نىڭ خېلى
كۆپلىگەن تېكىستلىرى ھەم ئاھاڭ ـ ئۇدارلىرى بىلەن تو-
نۇشۇپ چىقىش بىلەن بىرگە ئاتىسىنىڭ ئۆگىتىشى ئارقى-
لىق «12 مۇقام» نىڭ بىر قىسىم ناخشا ـ مەرغۇللىرىنى
پەدىگە كەلتۈرۈپ چېلىشنى ئۆگىنىۋالغان. ئۇ تازا يېتى-
لىۋاتقان كۈنلەردە ئاتىسى ئالەمدىن ئۆتكەن. ئاتىسىنىڭ
ئارزۇسىنى قەلبىگە پۈككەن ئەخلەت ئاخۇن مۇقام سەنئى-
تىگە بولغان ئوتتەك ئىشتىياقى بىلەن جاپالىق تىرىشىش
ئارقىلىق تەمبۇر چېلىش ھەم خەلق داستان، قوشاقلىرىنى
ئېيتىش جەھەتتە ۋايىغا يەتكەن.

**توختى غوجىكام ساتارچى ۋاپاتىنىڭ 60 يىللىقى**
توختى غوجىكام ساتارچى 1953 ـ 1847 قاراقاش ناھىيى-
سىدە تۇغۇلغان. كىچىكىدىن خەلق ئەلنەغمىچىلىكىگە
ئىشتىياق باغلاپ، خەلق ناخشا ـ مۇقاملىرىنى ئۆگەنگەن.
كېيىنچە ساتار چېلىشنى ئۆگىنىشكە كىرىشىپ تونۇلغان
ساتارچى بولۇپ يېتىشىپ چىققان. ياش بولۇشىغا قارى-
ماي، مۇقامنىڭ ئەڭ نازۇك قىسىملىرىغىچە بىمالال نەغمە
قىلالايدىغان ھالەتكە يەتكەن توختى غوجى قاسىم ئاخۇن
ناغرىچى (1958 ـ 1852)، قۇربان ئاخۇن داپچى (1964 ـ
1886)، مەتقۇربان ئاخۇن سۇنايچى (1960 ـ 1885) قاتار-
لىق كىشىلەر بىلەن يۇرت ئىچىدە مۇقام ـ ئەلنەغمىچىلىك
بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇزۇن ئۆتمەي توختى غوجى ئاخۇننىڭ
نامى تارقىلىپ، شۇ زاماننىڭ ئاتاقلىق مۇقامچىلىرى قاتا-
رىدىن ئورۇن ئالغان. توختى غوجى ئاخۇن مۇقامنى تولۇق
ئىگىلەپ، بىر تەرەپتىن ئەل ـ يۇرتنىڭ مۇقام خۇمارىنى
قاندۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئوغۇللىرى ئىبراھىم ئاخۇن
(1992 ـ 1903)، ئىسمايىل ئاخۇن 1906 ـ يىلى تۇغۇل-
غان) لارنى كىچىكىدىن يېنىدا بىللە ئېلىپ يۈرۈپ، ئۆز
ماھارىتىنى پىششىق ئۆگەتكەن. توختى غوجى ئاخۇننىڭ
ساتارى بىلەن باشلىنىدىغان سېھىرلىك مۇقام كۈيلىرى
پۈتۈن قاراقاش ۋادىسىغا تارقىلىپ، كىشىلەر ئۇنى ھۆر-
مەتلەپ «توختى غوجىكام ساتارچى» دەپ ئاتاشقان.

**توختاشخان ئانا ۋاپاتىنىڭ 20 يىللىقى** توختاشخان
ئانا (1910 ـ 1993) توختاشخان 1910 ـ يىلى قۇمۇل دى-
يارىنىڭ ھازىرقى پالۋانتۇر يېزىسىغا قاراشلىق لەنگەر
كەنتىدە موللا ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. توختاشقان
ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىن باشلاپلا ناخشىغا ھېرىسمەن بو-
لۇپ، قۇمۇلنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى داڭلىق مۇقامچىلىرىدىن
قۇمۇل ئون مۇقامىنىڭ بارلىق چۇشۇرگە تەركىبلىرى، ئەل-
نەغمە ئاھاڭلىرىنى ۋە داپ چېلىشنى ئۆگەنگەن. قىرىق
ياشقا كىرگەن چاغلاردا قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامىنى يۇ-
رۇشى بىلەن تولۇق ۋە مۇكەممەل ئۆزلەشتۈرۈپ، قۇمۇلدا
تونۇلغان مەشھۇر ئايال ئەلنەغمىچىلەردىن بولۇپ قالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئازادلىقتىن كېيىن ئۇ ئاتاقلىق ئەلنەغمىچى مۇقامچىلاردىن ئاخۇنبەگ، كىچىك ئاپئاق، يۇنۇس سۇلەت، ئاقپاشا، نەمەت يۇسۇپ قاتارلىقلار بىلەن بىلە خەلقنىڭ ھەرخىل توي ـ مەشرەپلىرىدە خەلقنىڭ دىلىغا مەنىۋى لەززەت ئاتا قىلىپلا قالماي، بەلكى يەنە ئون ئىككى مۇقامنى توپلاش، رەتلەش، ئۈنئالغۇغا ئېلىش پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتناشقان. 1993 ـ يىلى 82 يېشىدا ۋاپات بولغان.

**مىرئەھمەت سەئىد ھاجىم تۇغۇلغانلىقىنىڭ 90 يىللىقى** مىرئەھمەت سەھىد ھاجىم (1991 ـ 1923) ئاتۇش شەھىرىنىڭ مەھىشەھەر يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇ ئازاتلىقتىن بۇرۇن ئارتىس ۋە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. ئازاتلىقتىن كېيىن ئاساسەن مەدەنىيەت ئىدارىسىدە ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەش ۋە تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان. مىرئەھمەد سەھىد ھاجىم جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقماي، ئاتۇشنىڭ ھەممە يېزا ـ كەنتلىرىگە بېرىپ، نۇرغۇن خەلق ناخشىلىرىنى توپلىغان ۋە ئۇلاردىن 300 كۇپلېتتىن ئارتۇق ناخشىنى رەتلەپ چىققان. ئۇ رەتلىگەن بۇ ناخشىلار 1986 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن كىتاب بولۇپ نەشر قىلىنغان. ئۇ يەنە «بۇغدام» ناملىق بىر مۇقام ئىجاد قىلغان بولۇپ، بۇ مۇقامنىڭ مەشرەپ قىسمىدىكى ئاھاڭلارغا سەپلەنگەن قوشاقلارنى پۈتۈنلەي ئۆزى ئىجاد قىلغان.

**مەمتىلى سايىت ۋاپاتىنىڭ 10 يىللىقى** مەمتىلى سايىت (2003 ـ 1941) خوتەن شەھىرىدە تۇغۇلغان. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بويىچە ئىزدىنىپ، توپلاش ـ رەتلەشتە بەلگىلىك ئىلمىي ئەمگەكلەرنى روياپقا چىقارغان بولۇپ، 1963 ـ يىلىدىن باشلاپ خوتەن ناھىيە خانئېرىق ئوتتۇرا، خوتەن شەھىرى بازار باشلانغۇچ ھەم ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ئۇ «ئابدۇراخمان خان خوجا»، «يالپۇزخان» قاتارلىق خەلق داستانلىرىنىڭ مۇكەممەل ۋارىيانتلىرىنى توپلاپ، خوتەن ۋىلايەتلىك قەدىمىي ئەسەرلەر ئىشخانىسى ئارقىلىق كىتابچە قىلىپ نەشر قىلدۇرغان. «بۇلاق»، «يېڭى قاشتېشى»، «مىراس» قاتارلىق ژۇرناللاردا بىرقانچە يۈز كۇپلېت خەلق قوشىقى ۋە بىرقانچە پارچە چۆچەك ئېلان قىلغان. ئوقۇتۇش تەتقىقاتى بويىچە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ماقالىلارنى يازغان.

**مەتتۇرسۇن باھاۋۇدۇن ۋاپاتىنىڭ 20 يىللىقى** مەتتۇرسۇن باھاۋۇدۇن (1993 – 1931) نىيە ناھىيىسى نىيە يېزىسىنىڭ لەمپە كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. توققۇز يېشىدىن باشلاپ ئەيسا ئاخۇن راۋاب دېگەن خەلق سازەندىسىگە شاگىرتلىققا كىرىپ قويچى راۋابى چېلىشنى ئۆگەنگەن ھەمدە ئۆمۈر بويى ئەلنەغمە كەسپى بىلەن قوشۇمچە شۇغۇللىنىپ، 23 خىل خەلق ئاھاڭى، 800 كۇپلېتتىن ئارتۇق خەلق قوشاقلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن. ۋىلايەتتە ئۆتكۈزۈلگەن خەلق سەنئەتكارلىرى كۆرىكىدە بىر قېتىم 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ناھىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلق سەنئەتكارلىرى كۆرىكىدە ئالتە قېتىم مۇنەۋۋەر ئورۇنداش مۇكاپاتى قاتارلىق ھەرخىل مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن.

**سۇلايمان قالۇن ۋاپاتىنىڭ 50 يىللىقى** سۇلايمان قالۇن (1963 ـ 1891) چىرا ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. كىچىكىدىن ئاتىسىغا ئەگىشىپ داپ، دۇتار، ساز چېلىشنى ئۆگىنىپ، خەلق ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى نەغمە پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىش ئارقىلىق، خەلققە مەشھۇر مۇقامچى ھەم خەلق ناخشا ـ قوشاقلىرىنىڭ يەتكۈزگۈچىسى بولۇپ يېتىشىپ چىققان. 1930 ـ يىللاردىن باشلاپ مۇقام ماھارىتىنى پىششىقلاش مەقسىتىدە خوتەن، قاراقاش، يەكەنلەرگە بېرىپ، مۇقام ئېيتىپ ساياھەت قىلغان. يەكەنگە بارغاندا تۇردى ئاخۇن ئاكا بىلەن دوستلۇق ئورناتقان. 1953 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرىكىدە قالۇن بىلەن مۇقام ئورۇنداپ «مۇنەۋۋەر قالۇنچى» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. شۇنىڭدىن كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭ سەنئەت ئۆمىكى تەشكىل تەرىپىدىن يۆتكىلىپ تۇردى ئاخۇن ئاكا بىلەن بىرلىكتە مۇقام ئۇستازلىقىغا تەيىنلەنگەن. «ئون ئىككى مۇقام» نى لىنتىغا ئېلىش جەريانىدا ئۇ تۇردى ئاخۇن ئاكا بىلەن بىرلىكتە نۇرغۇن جاپالارنى يېڭىپ خەلق مۇقاملىرىنىڭ تولۇق لىنتىغا ئېلىنىشىغا مۇھىم ھەسسە قوشقان. ئاتاقلىق مۇزىكىشۇناس ۋەن تۇڭشۇ ئۆز ئەسلىمىسىدە سۇلايمان قالۇننىڭ بۇ خىل تۆھپىلىرىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان.

**سىراجىدىن زوپەر تۇغۇلغانلىقىنىڭ 90 يىللىقى** سىراجىدىن زەپەر (1993 ~ 1923) دراماتورگ، پېداگوك، تۇرپاندا تۇغۇلغان. شاڭخەي دراما ئىنستىتۇتى رېژىسسورلار تەربىيىلەش سىنىپىنى پۈتتۈرگەن. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى. دۆلەتلىك 1 ـ دەرىجىلىك رېژىسسور. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە ماۋدۇن سىنىپ مەسئۇلى بولغان «شىنجاڭ مەدەنىيەت كادىرلىرى تەربىيىلەش سىنىپى» دا ئوقۇغان. جاۋدەن قاتارلىق يولداشلار بىلەن بىللە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەشۋىقاتىغا قاتنىشىپ، «ئالدىنقى

سەپكە ياردەم بېرىش»، «بىزنىڭ ۋەتىنىمىز» قاتارلىق درامىلارنى قويغان. 1946 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، ئۈچ ۋىلايەت سەنئەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە رېژىسسورى بولغان. 1949 ـ يىلدىن كېيىن تۇرپان ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى، ناھىيە پارتكومىنىڭ دائىمى ھەيئىتى، شىنجاڭ ناخشا ئۇسسۇل ئانسامبىلىنىڭ باشلىقى، باش رېژىسسورى، شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شىنجاڭ درامىچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، جۇڭگو درامىچىلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئىتى بولغان. «تۇرپان ناخشىسى»، «غېرىب ـ سەنەم»، «كۆرەش مۇساپىسى»، «يالقۇنتاغنىڭ غەزىپى» قاتارلىق درامىلارغا رېژىسسورلۇق قىلغان.

**زىۋىدىخان نەغمە ۋاپاتىنىڭ 80 يىللىقى** زىۋىدىخان نەغمە (1933 ـ 1868) خوتەن ئىلچى يېزا ناۋاغ مەھەللىسىدە دۇنياغا كەلگەن. زىۋىدىخان نەغمىنىڭ ئاتىسى مۇھەممەتشاھ قالۇن، ساتار، تەمبۇر، نەي، داپ، سۇناي... قاتارلىق سازلارنى ماھىرلىق بىلەن چالالايدىغان ھەم ۋايىغا يەتكۈزۈپ مۇقام ئېيتالايدىغان مەشھۇر ئايال ئىدى. زىۋىدىخان نەغمىنىڭ ئانىسى توختىخان ئاچىمۇ ئۇستا دۇتارچى بولۇپ، ئۇنىڭ تۇغقىنى توختى موللا نەي بىلەن سۇناي چالاتتى. زىۋىدىخاننىڭ ئاچىسى ئىمانىخان دۇتارچى، ئىمانىخاننىڭ قىزى نىساخان دۇتارچى ھەم ئۇسسۇلچى ئىدى. زىۋىدىخاننىڭ قىزى زورىخان دۇتارچى ھەم ئۇسسۇلچى، ئوغلى ئەخمەت ئاخۇن داپچى ھەم دۇتارچى ئىدى. بۇ ئائىلىدىكى ئەۋلادلارنىڭ ھەممىسى ئەلنەغمىچىلەر ھەم مۇقامچىلار ئىدى. شۇڭا يۇرت ـ مەھەللە جامائەتچىلىكى ئۇلارنى «ئەلنەغمىچىلەر ئائىلىسى» دەپ ئاتىغان.

**ئېلى ئاخۇن ساتار ۋاپاتىنىڭ 80 يىللىقى** ئېلى ئاخۇن ساتار (1933 ـ 1850) خوتەن ناھىيە باغچى بازىرىنىڭ پايناپ كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا توي ـ تۆكۈن، سەيلە ـ مەشرەپ قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا مۇقام ـ ئەلنەغمىگە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلاپ، تىرىشىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق ساتار، تەمبۇر، داپ، دۇتار، قالۇن، غىجەك، بالىمان، ناغرا ـ سۇناي قاتارلىق چالغۇ ـ سازلارنى چېلىشنى پۇختا ئىگىلىگەن ھەمدە ئۇيغۇر خەلق ناخشا ـ قوشاقلىرىنى، مۇقاملىرىنى تولۇق ئۆگىنىپ، يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئورۇنداپ، ئاتاقلىق مۇقامچى بولۇپ يېتىشىپ چىققان. ئېلى ئاخۇن ساتارچى ئۆز دەۋرىدە بىرمۇنچە شاگىرت تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن. بۇلاردىن سايىت سۇنايچى، ئەسىمتۇللا قالۇنچى (1953 ـ 1873)، مۇھەممەت داپچى (1960 ـ 1893)، نىياز دۇتارچى (1953 ـ 1903)، ساۋۇت داپچى، تۆمۈر نىياز ساتارچى قاتارلىق شاگىرتلارنىڭ كۆپ قىسمى ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، بىر قىسمى ھازىرمۇ ھايات. ئېلى ئاخۇن ساتارچى ئۆزىنىڭ 80 نەچچە يىللىق ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى مۇقامغا بېغىشلاپ، ئۇيغۇر سەنئىتى، ئەلنەغمىچىلىكى ۋە مۇقامچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشقان.

**ھاشىمخان موللا ئىبراھىم ۋاپاتىنىڭ 20 يىللىقى** ھاشىمخان موللا ئىبراھىم(1993 ـ 1886) ئاۋات بازار ئىچىدە ئولتۇرۇشلۇق دىنىي ئۆلىما موللا ئىبراھىم موللام (1938 ــ 1868) ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ بىلىم ئالغان. قوشۇمچە مانجۇ قوشۇنىنىڭ بالىلىرىدىن خەنزۇچە ئۆگىنىپ، سۆزلىيەلىگۈدەك بولغان. ئۇ تارىخ، ئەدەبىيات ئۆگىنىشكە ئىشتىياق باغلاپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا قىزغىن كۆڭۈل بېرىپ، شېئىر ـ قوشاقلار توقۇغان. قورقماس جۈرئەت بىلەن فېئودالىزم ۋە خوراپاتلىققا قارشى شېئىرلار ئوقۇغان. شېئىر ـ قوشاق، ماقال ـ تەمسىل، چۆچەك، رىۋايەتلەر بىلەن خەلق ئاممىسىنى ئەزگۈچى سىنىپقا قارشى ئويغاتقان. ئۇنىڭ جەمئىيەتكە تارقاتقان شېئىر ـ قوشاقلىرى تەخمىنەن 4000 پارچىغا يەتكەن. ئۇ يەنە تارىختىن ئەسلىمىلەرنىمۇ يازغان. تەتقىقاتچىلارنىڭ يازماقچى بولغان كىتاب ـ ماقالىلىرى ئۈچۈن نۇرغۇن ماتېرىياللارنى تەقدىم قىلغان.

**ھەسەن تەمبۇر تۇغۇلغانلىقىنىڭ 140 يىللىقى** ھەسەن تەمبۇر (1946 ــ 1873) غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەشھۇر خەلق سەنئەتكارى. ئۇ كارۇشالڭ ئاخۇنۇمنىڭ ئىقتىدارلىق شاگىرتلىرىدىن بىرى بولۇپ، تەمبۇر ۋە دۇتار چېلىپ، مۇقام ئېيتىش بىلەن داڭ چىقارغان. ھەسەن تەمبۇر 30 ـ يىللىرى غۇلجىدا قۇرۇلغان «سەنائىي نەفىسە» نىڭ دەسلەپكى ئويۇشتۇرغۇچىلىرىنىڭ بىرى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئاھاڭ ـ كۈيلىرىنى پىششىق ئۆزلەشتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن خەلق ناخشىلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەنگەن. شۇنداقلا ناخشا ـ تېكىستلىرىنى (قوشاقلارنى) رەتلىگەن ۋە يېڭى تېكىستلەرنى ئىجاد قىلىپ، ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتىپ خەلق ئارىسىغا تارقاتقان. ئۇنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مەزمۇندا ئىجاد قىلغان بىر قىسىم قوشاقلىرى ئۇزۇن مەزگىلگىچە غۇلجا خەلقى ئارىسىدا ئېيتىلىپ كەلگەن.

**تەھرىرلىگۈچى: ئوسمانجان مۇھەممەت**

# ئۇيغۇر بالىلار فانتازىيەلىك ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ ئىستېتىك ئالاھىدىلىكى

ئەركىن داۋۇت ئوغۇز

( خوتەن ئالىي پېداگوگىكا تېخنىكومى جۇڭگو تىلى فاكۇلتېتى 848000 )

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدا ئۇيغۇر بالىلار ئىلمىي فانتازىيەلىك ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىكى ئۇسلۇب خاسلىقى ۋە ئۇسلۇبنىڭ ئىپادىلىنىشى ئەتراپلىق مۇلاھىزە قىلىنىدۇ، ئۇسلۇب خاسلىقى ۋە ئۇنىڭ ئېمىلەكى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىلىدۇ.

**摘要**: 本文论述了维吾尔儿童科幻文学作品具有其独特的写作风格，作者指出并举例说明了这种儿童科幻文学作品的特点和表达方式。

ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتى ئۇيغۇر ئومۇمىي ئەدەبىياتىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئالاھىدە ئەدەبىيات بولغانلىقى بىلەن بالىلىرىمىزنىڭ ئەڭگۈشتىرى سۈپىتىدە ئۇلارنىڭ ئەقلىنى نۇرلاندۇرۇپ، ئەخلاقىي پەزىلىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇلارغا گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇكنىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتىدە تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى تونۇتۇپ كەلدى، جۈملىدىن ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ تەركىبىدىكى ئۇيغۇر بالىلار ئىلمىي فانتازىيەلىك ئەدەبىي ئەسەرلىرىمۇ بالىلارنىڭ ئۈمىدۋارلىق تۇيغۇسىنى ئۇرغۇتۇپ، ئىلىم - پەن ئۆگىنىشكە بولغان قىزىقىشىنى ئۈزۈكسىز قوزغاپ، ئۇلارغا ئالەمنىڭ چەكسىز بولىدىغانلىقىنى، شۇ چەكسىزلىك ئىچىدە سانسىزلىغان شەيئىلەرنىڭ بارلىقىنى، ئاشۇ سانسىزلىغان شەيئىلەرنىڭ ئۆزىگە يارىشا رەڭ، ئاۋاز، تەق - تۇرق، ھالەت گۈزەللىكىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ قىزىقىش دائىرىسىنىڭ چېكىنى كېڭەيتتى، شۇنداقلا باشقا ژانىرلارغا ئوخشىمايدىغان ئىستېتىك ئالاھىدىلىكلەرنى شەكىللەندۈرۈپ، ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتى ساھەسىدىكى يېگانە خۇشپۇراق گۈلگە ئايلاندى. تۆۋەندە مۇشۇ ھەقتىكى بەزى كۆز قارىشىمنى بىر قانچە نۇقتا بويىچە ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

1. بالىلار فانتازىيەلىك ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىكى بەدىئىي ئوبرازنىڭ قەلب گۈزەللىكى. ئۇيغۇر بالىلارفانتازىيەلىك ئەدەبىي ئەسەرلىرىدە مەلۇم بىر بەدىئىي ئوبرازنىڭ شەكلى يازغۇچى - شائىرلارنىڭ قايتا - قايتا ئويلىنىشى، پىكىر يۈرگۈزۈشى نەتىجىسىدە مېڭىسىدە دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىدۇ، دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەنگەن بۇ بەدىئىي ئوبراز يازغۇچىنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچى بىلەن پەيدىنپەي مۇكەممەللىشىدۇ، يارقىنلىشىدۇ. تەبىئىي گۈزەللىك ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان مۇھىم ئىستېتىك ئوبيېكتلىرىنىڭ بىرى بولغىنىغا ئوخشاش، قەلب گۈزەللىكىمۇ ئىنسانلارنىڭ ھەر بىرىدە بولۇشقا تېگىشلىك گۈزەللىكلەرنىڭ بىرى. تەبىئىي گۈزەللىك تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئوخشىمىغان شەيئىلەرنىڭ ھالىتى، تۈزۈلۈشى، رەڭگى قاتارلىقلاردا ئىپادىلەنسە، قەلب گۈزەللىكى ئىنسانلارنىڭ روھىي ھالىتىدە، چىراي تەبەسسۇمىدا، بىر - بىرىگە بولغان مۇئامىلىسىدە ئىپادىلىنىدۇ. بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ قەلب گۈزەللىكى رېئال دۇنيادىكى بالىلارنىڭ قەلب گۈزەللىكى ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، يازغۇچىلار قەلب گۈزەللىكىگە دائىر نۇرغۇنلىغان خام ماتېرىياللار ئاساسىدا ئەسەرلىرىدە مەلۇم بىر بەدىئىي ئوبرازنىڭ قەلب گۈزەللىكىنى تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن تەسۋىرلەپ، بالا ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىدىيەسىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەسەردىكى بەدىئىي ئوبرازلار ئاجايىپ ئۈمىدۋارلىق روھىغا ئىگە قىلىپ سۈرەتلەنگەچكە، ھەربىر بەدىئىي ئوبرازنىڭ روھىي ھالىتىدىن جەڭگىۋارلىق، جۇشقۇنلۇق، جاپا - مۇشەققەتكە بوي ئەگمەسلىكتەك ئالىيجاناب روھ پارلاپ تۇرىدۇ. ئۇيغۇر بالىلار ئىلمىي فانتازىيەلىك ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئىلىم - پەن خاھىشىنى ئاساس، ئۈمىدۋارلىق تۇيغۇسىنى قانات قىلغاچقا، ئۇنىڭدا يارىتىلغان بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ قەلب

گۈزەللىكى بالا ئوقۇرمەنلەرنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىپ، ئۇلارنى خۇش پېئىل، ئىشچان، ئىنساپلىق، ۋاپادار، ئاقكۆڭۈل، ياخشىلىققا ئىنتىلىدىغان، ئۈمىدۋار ئادەملەردىن بولۇشقا ئۈندەيدۇ. ئۇيغۇر بالىلار ئىلمىي فانتازىيەلىك ئەدەبىي ئەسەرلىرىدە تەسۋىرلەنگەن قەلب گۈزەللىكى بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ ئەخلاق ئېڭى، ئەخلاق ھەرىكىتى ۋە مونولوگ، دىيالوگلىرىدا ئىپادىلىنىدۇ. بالىلار چوڭلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشاش جەريانىدا چىنلىق بىلەن ساختىلىق، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇككە ھۆكۈم قىلىش ئارقىلىق چىنلىق، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىك تونۇشىدا بەلگىلىك كۆزقاراش شەكىللەندۈرىدۇ، چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىككە بولغان كۈچلۈك ئىستەك يۇمران قەلبىدە ئاستا - ئاستا يېتىلىدۇ. شۇنداق ئىكەن، بالىلار قەلب گۈزەللىكىنى ئۆزىنىڭ ئادىمىيلىك ئەندىزىلىرىنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى ئىكەنلىكىنى ئوبدان تونۇپ يەتكەندىلا ئاندىن مۇكەممەل ئادەمگە ئايلىنىشنىڭ داغدام يولىنى تاپالايدۇ.

2. بالىلار فانتازىيەلىك ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىكى بەدىئىي ئوبرازنىڭ تەق - تۇرق گۈزەللىكى. ئۇيغۇر بالىلار ئىلمىي فانتازىيەلىك ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىكى بەدىئىي ئوبرازنىڭ تەق - تۇرق گۈزەللىكى يازغۇچى تەرىپىدىن ئالاھىدە باش قاتۇرۇپ سۈرەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن ھەر قانداق بىر زوقلانغۇچى ئۇنىڭدىن قانغۇچە زوق ئالالايدۇ. بەدىئىي ئوبرازنىڭ تەق - تۇرق گۈزەللىكى ئۇنىڭ فىگۇرا، زىبۇ - زىننەت، كىيىم - كېچەك، يۈرۈش - تۇرۇش گۈزەللىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، بۇلارنىڭ ھەممىسى بەدىئىي ئوبرازنىڭ تەق - تۇرق گۈزەللىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە ھەم بەدىئىي ئوبرازلارنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈشتە بەلگىلىك ئەۋزەللىككە ئىگە. بالىلار ئىلمىي فانتازىيەلىك ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا ھۆپپىدە ئېچىلغان رەڭمۇرەڭ گۈللەرنى، ياپيېشىل دەرەخلەرنى، دولقۇنلاپ ئاققان ھەيۋەتلىك دەريالارنى، بۇلۇتتەك ئاپئاق پاختىزارلىقلارنى، چىرايلىق كىيىنگەن قىز- ئوغۇللارنى ئۇچرىتىمىز، شۇنداقلا ئاشۇ گۈزەللىكلەردىن قانغۇچە ھوزۇرلىنىمىز، يەنە شۇ ھوزۇرلىنىش بىلەنلا توختاپ قالماي شادلىققا چۆمىمىز. مانا بۇ بەدىئىي ئوبرازنىڭ تەق - تۇرق، ھالەت گۈزەللىكىنىڭ بىزگە كۆرسەتكەن تەسىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يازغۇچىلار بالىلارنىڭ تەسىرچانلىق ئالاھىدىلىكىنى ئوبدان چۈشەنگەچكە، مۇشۇنىڭدىن پايدىلىنىپ بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ تەق - تۇرقىنى ئوخشىمىغان نۇقتىدىن تەسۋىرلەپ، ئەسەرنىڭ ئېستېتىك ئۈنۈمدارلىقى، تەسىرچانلىقى ۋە ئېستېتىك قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تىرىشىدۇ. ئۇيغۇر بالىلار ئىلمىي فانتازىيەلىك ئەدەبىي ئەسەرلىرىدە تەسۋىرلەنگەن بالا ئوبرازلارنىڭ تەق - تۇرق گۈزەللىكىدىن ئۇلارنىڭ قاۋۇل، زەبەردەست، جەڭگىۋار، ئىرادىلىك، قورقماس روھىي ھالىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. قارىماققا ئۇيغۇر بالىلار ئىلمىي فانتازىيەلىك ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىكى ئوبرازلارنىڭ تەق - تۇرق گۈزەللىكى بولسىمۇ بولىدىغان، بولمىسىمۇ بولىدىغان نەرسىدەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئوبرازلار پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى يارىتىشتا كەم بولسا بولمايدۇ. بالا ئوبرازلارنىڭ تەق - تۇرقى ئۇنىڭ مەلۇم بىر پائالىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ ئىپادىلەنسە ناھايىتى ياخشى بولىدۇ. چۈنكى تەق - تۇرق تەسۋىرى ئوبرازلارنىڭ خاراكتېرىنىڭ ئېچىلىشى، ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋىلىكى ھەم بەدىئىيلىكىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇيغۇر فانتازىيە يازغۇچىسى سۇلتان ھاشىم بۇ تەرەپكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆزىنىڭ بالىلار ئۈچۈن ئىجاد قىلغان فانتازىيەلىك ئەسەرلىرىدە بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ تەق- تۇرقىنى ئىپادىلەشكە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەقىللىقلىقى، چەبدەسلىكى، جىددىي ئىشقا يولۇققاندىكى روھىي ھالەت ۋە تەق - تۇرق ھالىتىنى ئىنچىكىلىككە ھەم ئەينەنلىككە ئىگە قىلغان. شۇڭا بالا ئوقۇرمەنلەر سۇلتان ھاشىم ئاكىنىڭ فانتازىيەلىك ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى ئوقۇغىنىدا ھاياجانلىنىپ كۈچ - قۇدرىتى ۋۇجۇدىدا قايناپ - تاشىدۇ.

3. بالىلار فانتازىيەلىك ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىكى بەدىئىي ئوبرازلار تىلىنىڭ نەپىسلىكى. بەدىئىي ئوبرازلار تىلىنىڭ نەپىسلىكى ئومۇمەن ئۇلارنىڭ ئوخشىمىغان شارائىتتا ئىشلەتكەن تىلىنىڭ نازۇك، خۇش پېئىللىقتا دائىم بولغان ئالاھىدە تەرەپلىرىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى تىل دىلنىڭ ئىپادىلىنىشى، قەلبىنىڭ دەرىزىسى. بالىلار ئىلمىي فانتازىيەلىك ئەدەبىي ئەسەرلىرى بالىلارنى ئۆزىنىڭ ئوبيېكتى قىلغان ئىكەن، ئۇنىڭ تىلى ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ سۆزلەش ئادىتىگە ئۇيغۇن بولۇش بىلەن نەپىسلىك ھەم كۆركەملىكنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇپ، قوپاللىق ھەم مۇجمەللىكتىن خالىي بولۇپ، مەلۇم بىر ئىلمىي ھەقىقەتنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

توغرا، ئېنىق چۈشىنىۋېلىشقا كەڭ ئىمكانىيەتلەر يارىتىلىپ بېرىلىدۇ. ئۇيغۇر بالىلار ئىلمىي فانتازىيەلىك ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇن دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىلىم – پەنگە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەندىن باشقا، گۈزەللىككە دائىر تەرەپلەرمۇ، خۇنۇكلۇككە دائىر تەرەپلەرمۇ يېزىلىدۇ. بالىلار ئوخشىمىغان مەزمۇندىكى ئىلمىي فانتازىيەلىك ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ ئوخشىمىغان تونۇش، ئوخشىمىغان چۈشەنچىلەرنى ئېڭىدا شەكىللەندۈرىدۇ. نەتىجىدە گۈزەل، نەپىس تىل ۋە گۈزەللىكتىن سۆيۈنىدۇ، خۇنۇكلۇكتىن يىرگىنىدۇ. ئەسەرنىڭ تىلى قانچە نەپىس، قانچە گۈزەل بولسا ئۇنىڭ بالىلارنى تەسىرلەندۈرۈش كۈچى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. ئۇيغۇر بالىلار ئىلمىي فانتازىيەلىك ئەدەبىي ئەسەرلىرى بالىلارنى تەبىئەت دۇنياسىدىكى نۇرغۇن شەيئىلەر بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ، بۇنداق ئۇچراشتۇرۇش باشتىن– ئاخىر نەپىس، ئوبرازلىق تىلنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلالمايدۇ. تىلنىڭ نەپىسلىكى ۋە ئوبرازچانلىقى بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ جانلىق، كونكرېت هالدا بالا ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بالىلارنىڭ تەپەككۇرىنى غىدىقلاپ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ. ئۇيغۇر بالىلار ئىلمىي فانتازىيەلىك ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىكى ئىزگۈلۈككە ۋەكىللىك قىلىدىغان بەدىئىي ئوبرازلار دائىم ئىزگۈلۈكنى سېغىنىدۇ، يامانلىقتىن يىراق تۇرۇپ باشقىلارنىڭ غېمىنى يەيدۇ؛ ساختىپەزلىك، يالغانچىلىق، كۆز بويامچىلىقلارغا قارشى تۇرىدۇ؛ خۇنۇكلۇكتىن يىرگىنىدۇ، گۈزەللىككە ئىنتىلىدۇ؛ جاپا – مۇشەققەتتىن قورقماي بەخت يارىتىش يولىدا ئىلىم – پەنگە تايىنىپ يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۈزۈكسىز ئىزدىنىدۇ، مۇۋاپىق چارە – تەدبىرلەرنى ئىزدەپ تېپىپ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. مانا مۇشۇ تەرەپلەر بالىلارغا ياخشى تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ ئېڭىدا گۈزەل تۇيغۇلارنى پەيدا قىلىپ، يارامىلىق ئادەملەردىن بولۇشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ۋۇجۇدىدا شادلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلىپ، باياشات كۈنلەرنىڭ قەدرىگە يېتىپ، گۈزەللىكتىن هوزۇرلىنىپ، گۈزەللىكنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشىنىشكە كەڭ ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بېرىدۇ. قىزغىن كەيپىياتقا چۆمدۈرۈپ، فانتازىيەلىك ئەسەرلەرگە بولغان قىزىقىشىنى قوزغايدۇ. ئۇيغۇر بالىلار ئىلمىي فانتازىيەلىك ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىكى بەدىئىي ئوبرازلار ئۆزلىرىنىڭ باشقا بىر ماكان ۋە زاماندا ياشاۋاتقانلىقى ياكى پائالىيەت سورۇنى سۈرلۈك تۈس ئالغان مەلۇم بىر بوشلۇقتا بولغانلىقىدەك ئەۋزەللىكى بىلەن ياش – ئۆسمۈرلەرنىڭ قەلبىدە غايىۋى تەلپۈنۈش پەيدا قىلىپ، ئۇلارنى قىزغىن كەيپىياتقا چۆمدۈرىدۇ. ئىلىم – پەن ئۆگىنىشكە بولغان قىزغىنلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ يارامىلىق ئادەم بولۇشقا ئۈندەيدۇ. ئۇيغۇر بالىلار فانتازىيەلىك ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ئىلىم – پەن بىلەن قوراللىنىپ، ئىلغار ئۇسكۈنە، ئىلغار ئالاقىلىشىش قوراللىرىدىن پايدىلىنىپ تاشقى پىلانىت ئادەملىرى ياكى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ ياخشىلىقنىڭ يولىنى ئىزدەيدۇ، قىيىن ئىشلارنى ئاسانلاشتۇرىدۇ، بىرەر پالاكەتكە ئۇچرىغاندا بولسا ئۇنىڭدىن تېزرەك قۇتۇلۇپ چىقىشنىڭ چارىسىنى تېپىپ، ئىنساننىڭ ئىركىن ماهىيىتىنى ئىنسانەدەك جارى قىلدۇرۇشنىڭ كويىغا چۈشىدۇ. قولچىلىق قىلىشنى خالىمايدۇ، ئەقىل ئىشلىتىپ ماھارەتكە تايىنىش ئارقىلىق مۇشكۇللەرنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. ياش – ئۆسمۈرلەر مۇشۇنداق فانتازىيەلىك ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى ئوقۇغىنىدا ئۇنىڭدىن ئىلھام ئالىدۇ. پەن – تېخنىكىنىڭ كۈچى ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن ئۆزگىرىشلەر ياكى يېڭىلىقلاردىن هاياجانلىنىپ، چوڭ بولغاندا ئالىم، ئىنژېنېر، تېخنىك بولۇپ غايەت زور كەشپىياتلارنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئىجتىمائىيەت ۋە تەبىئەت دۇنياسىنى زىلزىلىگە سالىدىغان ئىشلارنى قىلىشنى ئويلايدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر بالىلار ئىلمىي فانتازىيەلىك ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ ئېستېتىك رولى كۆپ تەرەپلىمىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇ بالىلارنى ئوخشىمىغان تەرەپلەردىن تەربىيەلەش، گۈزەللىكنىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يېتىشكە ئىلھام بېرىش، ئىلىم – پەننىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى رولىنىڭ مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە چوڭ ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشكە شارائىت يارىتىپ بېرىشتەك تەرەپلەردە ئاجايىپ ئېستېتىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

**تەھرىرلىگۈچى: ھەزرىتى ئەلى بارات**

# ئۇيغۇر ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئاپتورلارنىڭ تەخەللۇسى ھەققىدە

زۇلپىيە ئابدۇقادىر

( شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى 2011 - يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى 830046 )

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئۇيغۇر ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات تارىخىدا نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر يازغۇچى - شائىرلار ھەر خىل تەخەللۇسلار بىلەن كۆپلىگەن ئۆلمەس ئەسەرلەرنى يېزىپ ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان، لېكىن ھازىرغىچە ئۇلارنىڭ تەخەللۇسى توغرۇلۇق مەخسۇس تەتقىقات نەتىجىسى يوق دېيەرلىك. بۇ ماقالىدە جەمئىيەت تىلشۇناسلىقى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى نۇقتىسىدىن، ئۇيغۇر ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات تارىخىدىكى يازغۇچى - شائىرلار تەخەللۇسىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئامىلى دەسلەپكى قەدەمدە تۈرلەرگە ئايرىلىپ مۇھاكىمە قىلىنغان.

**摘要**: 在当代维吾尔文学史上、很多拥有笔名的杰出的作家、诗人写下了不朽之作。但是，目前并没有关于那些笔名的研究成果。本文从历史、社会语言学与维吾尔文学角度、对维吾尔现代和当代文学史上笔名的由来与社会文化因素进行了初步的分类与论证。

تەخەللۇس بىر خىل ئەدەبىيات ھادىسىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىلا ئەمەس بەلكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. تەخەللۇسقا شۇ دەۋر شارائىتىدىكى تۈرلۈك ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت ئامىللىرى سىڭگەچكە، ئۇنى ھەرقايسى نۇقتىلاردا تۇرۇپ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىش مەدەنىيەت ۋە تارىخنى ئۆزىگە خاس يوسۇندا ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىنى يورۇتۇپ بېرىشكە چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. تۆۋەندە ئۇيغۇر ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات تارىخىدىكى يازغۇچى - شائىرلىرىنىڭ تەخەللۇسلىرى توغرىسىدا قىسقىچە مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

## 1. ئاپتور تەخەللۇسلىرىنىڭ تۈرلىرى ۋە ئالاھىدىلىكى

يۇرت ناملىرى، يەر - جاي ناملىرىدىن ياسالغان تەخەللۇسلار: بۇ خىلدىكى تەخەللۇسلار ئومۇمەن ئاپتورنىڭ ئۆز يۇرتىغا، ۋەتىنىگە بولغان مۇھەببىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قويۇلغان. مەسىلەن، قەشقەرى (ئابدۇقادىر داموللا)، باغراش (مۇھەممەت)، غۇلجەۋى (ئابدۇللا سادىق) قاتارلىقلار.

ئاپتورنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدىنى، تۇرغان ھالىتىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەردىن تۈزۈلگەن تەخەللۇسلار: بۇ خىل تەخەللۇسلاردىن شۇ ئەسەرنىڭ ئاساسلىق ئىدىيىسى ۋە ئاپتورنىڭ ھېسسىياتى قاتارلىقلارنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، غەرىبى (يۈسۈپ جۇبەير)، پىراقى (ئابدۇللا سادىق)، تاڭ (ئابلىز شېرىپى)، ئىشقى (مۇھەممەتئىمىن قۇربانى) دېگەندەك.

بەزى ياخشى سۈپەتلەردىن ياسالغان تەخەللۇسلار: مەسىلەن، زېرەك (ئابلىز نازىرى)، زىيائى (ئەھمەد)، سوزۇك (مۇھەممەتئىمىن توختىنىياز) قاتارلىقلار.

تاق تەركىبلىك تەخەللۇس ۋە قوش تەركىبلىك تەخەللۇس: ئادەتتە كۆپ قىسىم تەخەللۇسلار تاق تەركىبلىك بولىدۇ. مەسىلەن، شەۋقى (قۇتلۇق ھاجى)، شەھىدى (مۇھەممەت روزى)، دېگەندەك تەخەللۇسلار پەقەت بىرلا سۆزدىن تەركىب تاپقان. يەنە بىر قىسىم تەخەللۇسلار ئىككى سۆزدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، قوش تەركىبلىك تەخەللۇس دېيىلىدۇ. مەسىلەن، شوخ ئەركىن (قۇربان ئىمىن)، ۋەتەن پەرۋانىسى (ھامىد مەھمۇدى) قاتارلىق تەخەللۇسلار.

تەخەللۇس شۇ تەخەللۇسنى قوللانغان يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بولىدۇ. يازغۇچى ئۆز ئەسىرىدە ئىپادىلىگەن باش تېما، ئاساسىي خاھىش ياكى ماتېرىيال تاللاش ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش دېگەنلەر دائىم ئۇ قوللانغان ئەدەبىي تەخەللۇس بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ ھەم ئۆزئارا تولۇقلاش مۇناسىۋىتىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ساقلايدۇ. لېكىن تەخەللۇسنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، تەخەللۇس قىلىپ قوللىنىپ كەلگەن سۆزلەرنىڭ كۆپىنچىسى شۇ كىشىنىڭ ئىچكى ھېس تۇيغۇسى، ئېتىقادى، دۇنيا قارىشى قاتارلىقلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغاندىن باشقا يەنە شۇ دەۋرنىڭ سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. مەسىلەن، ئىناق (قاسىمجان قەمبىرى)، تەۋفىق (مەمتىلى توختاجى).

تەخەللۇس قىلىنغان سۆزلەرنىڭ كۆپى ئادەتتە ئاددىي ھالدا كىشى ئىسمى قىلىپ قويۇلمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئۇ ئومۇملاشقان كىشى ئىسىملىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، قەلەم (ئابدۇللا ھاپىز)، ھەزىنى (مۇھەممەت تۇردى قاسىمى) قاتارلىق تەخەللۇسلار ئىسىم قىلىپ قويۇلمىغان.

## 2. ئاپتور تەخەللۇسلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى

ھەرقانداق بىر تەخەللۇسنىڭ شەكىللىنىشى جەمئىيەت، مەدەنىيەت، تارىخىي مۇھىت، دىنىي ئېتىقاد ۋە تىل قاتارلىقلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. مېنىڭچە، ئۇيغۇر ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئاپتورلار تەخەللۇسىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى مۇنداق ئىككى خىل مەنبەگە يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

بىرىنچى، شائىر ئابدۇقادىر ئىبنى ئابدۇۋارىس قەشقەرى ئۆزىنىڭ ئانا يۇرتى قەشقەرگە بولغان چوڭقۇر ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن «قەشقەرى» دېگەن تەخەللۇسنى قوللانغان. ئۇ قەشقەر، بۇخارا، سەمەرقەنت، ئۇفا قاتارلىق شەھەرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەشھۇر مەدرىسلىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە ئىلمىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان ۋە «نەسىھەتى ئامما»، «سەرپ نەھۋى» (مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس) قاتارلىق كىتابلارنى يازغان. ① يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بىلىم يۇرتلىرى ئەينى دەۋردە داڭلىق مەدەنىيەت شەھەرلىرى ھېسابلىنىدۇ. شائىرنىڭ ئەنە شۇنداق يەرلەردە ئوقۇپ يەنە ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەنلىكى ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن «قەشقەرى» تەخەللۇسىنى قوللانغانلىقىنىڭ سەۋەبى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچى، ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەنگەن مەزمۇن ئۇلارنىڭ ئارزۇ – ئىستەكلىرىنى مەنبە قىلغان.

يازغۇچى ۋە شائىر ئابدۇرېھىم تىلەشۇپ ئۆتكۈر ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىدا «ئۆتكۈر»، «مىسكىن» قاتارلىق تەخەللۇسلارنى ئىشلەتكەن. ئۇ شۇ تەخەللۇسلار ئارقىلىق «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن» قاتارلىق تارىخىي رومانلارنى، «قەشقەر كېچىسى» ناملىق داستاننى يېزىپ قالدۇرغان. «ئۆتكۈر» تەخەللۇسى خەلقىمىزگە تونۇشلۇق. 1940 – يىللىرى ئاپتور «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئىشلىگەن ۋاقىتلىرىدا شائىر لوتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن خىزمەتداش بولۇپ ئىشلىگەن ۋە ئۇنىڭ كۆپ ياردىمىگە ئېرىشكەن، «ئۆتكۈر» دېگەن تەخەللۇسنىمۇ ئۇنىڭغا لوتپۇللا مۇتەللىپ تەۋسىيە قىلغان. شۇنداق قىلىپ ئۆتكۈر ئەپەندى 1941 – يىلىدىن باشلاپ «ئۆتكۈر» تەخەللۇسىنى قوللانغان. بۇ تەخەللۇس شېئىرلاردا مۇنداق كەلگەن:

ئاھ ئۇرۇپ ئۆتكۈر ئادا بولدى قەلەندەردەك كېزىپ،
يوقمىدۇر شۇنچە جاھاندا دەردىگە بىر دەرمان نېمە!
— «ئارمان نېمە» دىن (1948 – يىل)

ئۆتكۈر ئەپەندى 1968 – يىلى «سەجدىگاھىمغا» ناملىق مەشھۇر شېئىرنى يازغان بولۇپ، بۇ شېئىردا «مىسكىن» تەخەللۇسىنى تۇنجى قېتىم قوللانغان. بۇ تەخەللۇس شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

كۆڭۈل مۈلكىدە جاي يوقتۇر سېنىڭدىن ئۆزگىگە مۇتلەق،
قەسەمىيادىم ئۈچۈن مىسكىن مېنىڭ ئۆلمەس گۇۋاھىمدۇر.

ئۆتكۈر ئەپەندى بۇ تەخەللۇسنى 1978 – يىلى يازغان «غەنىيمەت» دېگەن شېئىرىدا:

مىسكىن ئېيتۇر: يالتىراق ساختا شۆھرەت نە كېرەك،
غۇربەت ئىچرە يۇرسەڭمۇ ئەلگە خىزمەت غەنىيمەت.

دەپ ئاخىرقى قېتىم ئىشلەتكەن. شۇنداق قىلىپ ئۇ بۇ تەخەللۇسنى توپ – توغرا ئون يىل ئىشلەتكەن. شائىرنىڭ بۇ تەخەللۇسنى ئىشلىتىشى شائىرنىڭ ئاشۇ يىللاردىكى ياشاش مۇھىتى، ئىدىيىۋى ئەھۋالى، ھېسسىيات – كەيپىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان. 1960 – يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 1970 – يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان ۋاقىت شائىرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ئۈچۈن ناھايىتى كۆڭۈلسىز بىر مەزگىل بولغان. شۇڭا مىسكىن تەخەللۇسىنى قوللانغان ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ شۇ يىللاردىكى مىسكىنلىكىنى ئىپادىلىگەن.②

بۈگۈنكى دەۋردىكى شائىر ئابدۇللا ھاپىز «قەلەم» تەخەللۇسى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بولغان مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن. ئۇ قىمارۋاز، لۆكچەك، ھايانكەشلەر ھەققىدە ھەجۋى شېئىرلارنى يېزىپ، خەلق ئارىسىدىكى يامان ئىللەت، ناچار مىجەز، ئەسكى ئادەتلەرنى ئوبرازلىق ھەجۋى قىلغان، تەنقىد قىلغان ۋە قامچىلىغان.

ئابدۇللا ھاپىز مانا شۇ يول بىلەن خەلق ئەدەبىياتىدىن ئېپسىل دۇردانىلەرنى قېزىپ چىققان. ئۇ يازما ئەدەبىيات تارىخىدا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان «يۈسۈپ ـ زۇلەيخا» داستانىنى يېزىپ، ئۆز دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەر، مەنىۋىي كەيپىيات ۋە بەدىئىي خاھىشنى ئىپادىلىگەن. ئۇ ئۆزى كۆرگەن، ئۇچراتقان ۋەقەلەرنى شېئىرلىرىدا ئەكس ئەتتۈرۈپ، خەلق چۈشىنىدىغان، زوقلىنىدىغان، روھى كۆتۈرۈلىدىغان ۋە ئىبرەت ئالىدىغان تېمىلارنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئۇنىڭ «قەلەم»، «ئاق ئۆستەڭ ھەققىدە» دېگەن ۋەكىللىك شېئىرلىرىدا بۇ ئەھۋال ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.③

**3. تەخەللۇسلاردا ئەكس ئېتىدىغان ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئامىللىرى**

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ۋە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدىكى يازغۇچى ـ شائىرلار تەخەللۇسلىرىنىڭ قويۇلۇشىغىمۇ ھەر خىل ئامىللار مۇجەسسەملەنگەن دېيىش مۇمكىن. ئۇلاردىكى بىر قىسىم تىپىك ئامىللار تۆۋەندىكىدەك.

بىرىنچى، تارىخىي ئامىل. «نىمشېھىت» ـــ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ داڭلىق شائىرى ئارمىيە ئېلى سايرامىنىڭ تەخەللۇسى بولۇپ، شائىر 1933 ـ يىلى قەشقەردە گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسىتىگە قارشى پارتلىغان دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ ئېغىر ياردار بولغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، «يېرىم جان، يېرىم شېھىت» دېگەن مەنىدىكى بۇ تەخەللۇس ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخنىڭ شاھىدى بولۇپ، شائىرغا بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولغان. «ئۆمۈر خاتىرەمدىن» دېگەن شېئىرى بۇ قانلىق تارىخنىڭ بەدىئىي خاتىرىسى.

ئىككىنچى، سىياسىي ئامىل. «ئىناق» ـــ جامائەت ئەربابى، دراماتورگ، شائىر قاسىمجان قەمبىرىنىڭ تەخەللۇسى بولۇپ، 1930 ـ يىللىرى ئۇ شىنجاڭ زېمىنىدا بولۇۋاتقان جاھالەتكە قارشى ئويغىنىشنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ئىلھام ۋە مەدەت ئالغان. شۇنىڭ بىلەن «ئىناق» تەخەللۇسى بىلەن كۆپلىگەن شېئىر ۋە ناخشا تېكىستلىرىنى ئىجاد قىلىپ، ئۇنى ئۆزى ئاھاڭغا سېلىپ، خەلقنى ئىلىم ـ مەرىپەت ئەگىلەشكە، سەنئەتنىڭ كۈچى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، فېئوداللىق تۈزۈمگە قارشى كۈرەش قىلىشقا ئۈندىگەن. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە راۋاجلىنىشى، روناق تېپىشى، خەلقنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن ئويغىنىۋاتقانلىقى، ياشلارنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشقا چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىشى يەرلىك ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنى ئەندىشىگە سالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ كونا ۋاستىسى بولغان سىياسىي قورالدىن پايدىلىنىپ، ھەرخىل بوھتانلارنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، ئىلغار زىيالىيلار، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرگە زىيانكەشلىك، سۇيىقەست قىلىشقا باشلىغان. بۇ زىيانكەشلىكنىڭ قۇربانلىرى ئىچىدە قاسىمجان قەمبىرىمۇ بار ئىدى. ئۇ تۈرمىگە تاشلىنىپ، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قىيىن ـ قىستاقلارغا ئۇچرىغان. لېكىن، ئۇنىڭ جۇشقۇن روھى، جەڭگىۋار كەيپىياتى بۇلارغا قىلچە بويسۇنمىغان، ئۇ كۈرەش يولىدا دۇچ كەلگەن مۈشكۈللەرنى يۈكسەك ئۈمىدۋارلىق روھى بىلەن يەڭگەن. ئۇ شۇ مەزگىلدە «زەينەپكە تۆھمەت»، «شانلىق غەلبە» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنى يازغان.④

«دەۋرانى» ـــ شائىر ئىمىن تۇرسۇننىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسىدۇر. ئۇنىڭ بالىلىق ۋاقتى شىنجاڭنىڭ داۋالغۇپ تۇرغان ئىجتىمائىي مۇھىتىدا ئۆتكەن بولغاچقا، ئۇنىڭ گۆدەك قەلبىدە تۈرلۈك ھادىسىلەرگە نىسبەتەن قىزىقىش تۇيغۇسى پەيدا قىلدى. ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ئوقۇغۇچىلىق مەزگىلىدىن باشلاندى. ئۇ ئوقۇشىنى غەلىبىلىك تاماملاپ 1941 ـ يىلىدىن باشلاپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى ۋە كېيىنكى كۈنلەردە ۋەتەنپەرۋەر شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتتى. شائىر ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ يۈكسىلىش دەۋرىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تۈرمىسىگە تاشلىنىپ دەھشەتلىك ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە ئۇچرىدى. بۇ ھال ئۇنىڭ ياش قەلبىگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنىڭدا دۇنيادىن بىزار بولۇش، ھەممىگە نەپرەت بىلەن قاراش تۇيغۇسىنى پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن «دەۋرانى» تەخەللۇسى بىلەن شېئىر يېزىپ چىرىك سىياسەتكە بولغان بىزار بولۇش، نەپرەتلىنىش، يېڭى دەۋرگە ئىنتىلىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىدى.⑤

ئۈچىنچى، مەنىۋى ئامىل. «تەۋفىق» ـــ مەرىپەتپەرۋەر شائىر مەمتېلى توختاجىنىڭ تەخەللۇسى بولۇپ، «توغرا يولغا ماڭغۇچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شائىر بىر مەزگىل يېڭى زامان مەكتىپىدە ئوقۇغاچقا، ئۇنىڭدا يېڭىچە دۇنيا قاراش تىكلەنگەن. شۇڭا يېڭى مەكتەپ ئېچىش ۋە ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇش، خەلقنى زامانىۋى ئىلىم ـ پەن بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ئۇلارنى تەرەققىي تاپقان مىللەتلەرنىڭ قاتارىغا ئۆتكۈزۈش، مەدەنىيەتنى يۈكسەلدۈرۈش ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇنىڭ بىردىنبىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەقسىتى بولغان. 1930 ـ يىللاردا شىنجاڭدا يېڭى دېموكراتىيە ۋە يېڭى مەدەنىيەت يېڭى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەرىكىتىنىڭ دولقۇنى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. شائىر بۇ خىل ۋەزىيەتنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا زامانىۋى مەكتەپلەرنى قۇرۇپ، خەلقنى ئاقارتىش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇشنىڭ ياخشى سىياسىي شارائىتى دەپ چۈشىنىپ ئۆز يۇرتىدا مائارىپنىڭ ئەۋزەللىكىنى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىپ، كۈچلۈك جامائەت پىكرى تەييارلىدى. يېڭى مائارىپنى قوللايدىغان تەرەققىپەرۋەر كىشىلەرگە تايىنىپ يېڭى مەكتەپ قۇرۇشنىڭ ھەرخىل ئاساسلىرىنى تىكلىدى. شۇ مەزگىلدە يازغان «بىز مۇئەللىم» ناملىق شېئىرىدىن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خەلقنى بىلىم ئېلىشقا چاقىرغان ياڭراق ساداسى ئاڭلاندى ۋە غەپلەت ئۇيقۇسىدا جىمجىت ياتقان يېزىلارنى ئۇيقۇدىن ئويغاتتى. ⑥ دېمەك، شۇ دەۋردىكى مەنىۋى شارائىت شائىرنىڭ بۇ تەخەللۇسنى قوللىنىشىغا سەۋەب بولغان.

«جورئىتى» — تىيىپجان ئېلىيوۋنىڭ تەخەللۇسى. ئۇ دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان ۋاقىتلىرىدا، ئۇيغۇر كلاسسىكلىرىدىن ئىلھام ئېلىپ شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن. ئەمما ئۇ چاغلاردا، مۇتەئەسسىپ موللىلار تالىپلارنىڭ شېئىر يېزىشىغا يول قويمايتتى. مۇتەئەسسىپ موللىنىڭ ھەيۋىسى ياش ھەۋەسكارنىڭ جورئىتىنى توسۇپ قالالمىدى. شۇڭا، ياش شائىر موللىلارنىڭ بۇخىل دىنىي كۈچتىن پايدىلىنىپ قىلغان مەنىۋى زورلۇقىغا قارشى چىقىپ «جورئىتى» تەخەللۇسى بىلەن شېئىر يازغان.⑦

«قاينام ئۆركىشى» — لوتپۇللا مۇتەللىپنىڭ تەخەللۇسى. ئۇ مۇشۇ تەخەللۇسنى قوللىنىپ، «يىللارغا جاۋاپ»، «بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى»، «خىيالچان تىلەك» قاتارلىق شېئىرلارنى، «سامساق ئاكاڭ قاينايدۇ»، «چىن مودەن» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنى، «ئەجەل ھودۇقۇشىدا»، «پادىشاھ سامورايلىرى ئېغىر ھالسىرايدۇ» دېگەن فىلىيەتونلارنى يېزىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن مۇھىم ئورۇن ئالغان.

دېمەك، يۇقىرىقىلار ئۇيغۇر ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدىكى بىر قىسىم شائىر، يازغۇچىلارنىڭ تەخەللۇسى بولۇپ تەخەللۇسلىرى ھەر خىل، كۆپ مەنبەلىك، ھەمدە تارىخى، سىياسىي قاتارلىق ئامىللار ئەكس ئېتىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئاپتورلار تەخەللۇسى تەتقىقاتىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ساھەسىدىلا ئەھمىيىتى بولۇپ قالماي، ئۇيغۇر ئىسىم ـ فامىلە تەتقىقاتى ساھەسىدىمۇ ئەھمىيىتى زور. يۇقىرىقىلار مېنىڭ بۇ ھەقتىكى دەسلەپكى ئىزدىنىشلىرىم. بۇ ھەقتە ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش تولىمۇ زۆرۈر.

---

## ئىزاھلار:

①③④⑤⑥⑦ نۇرمۇھەممەت زامان: «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى 4»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى نەشرى 64 ـ، 88 ـ، 161 ـ، 544 ـ، 244 ـ، 447 ـ بەتلەر

② كېرىمجان ئابدۇرېھىم: «ئۆتكۈر ئەپەندى قوللانغان تەخەللۇسلار»، شىنجاڭ ياشلىرى ژۇرنىلى، 1997 ـ يىللىق 4ـ سان، 34 ـ بەت

---

## پايدىلانمىلار


1. نۇرمۇھەممەت زامان: «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى 4»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1988 ـ يىل نەشرى
2. كېرىمجان ئابدۇرېھىم: «ئۆتكۈر ئەپەندى قوللانغان تەخەللۇسلار»، شىنجاڭ ياشلىرى ژۇرنىلى، 1997 ـ يىل 4 ـ سان
3. ئارقۇق كالدىر: «ئۇيغۇر فامىلە ئۆزگەرتىمىسىدە تەخەللۇس بىلەن فامىلىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم»، شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر تەتقىقاتى ژۇرنىلى، 2001 ـ يىللىق 1 ـ سان
4. ئايشەمگۈل ئابدۇرېشىت: «ئۇيغۇر ئىسىمشۇناسلىقىدىكى بەزى ئاتالغۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە»، تىل ۋە تەرجىمە ژۇرنىلى، 2005 ـ يىل 2 ـ سان
5. تۇرنىسا روزى: «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا»، شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر تەتقىقاتى ژۇرنىلى، 2005 ـ يىل 1 ـ سان


تەھرىرلىگۈچى: ئوسمانجان مۇھەممەت

# شىنجاڭ ھازىرقى زامان ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىق ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىگە نەزەر

ئۆمەر نىياز

( ئاپتونوم رايونلۇق تىل - يېزىق كومىتېتى 830002 )

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە 1952 - يىلدىن 1982 - يىلغا قەدەر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەۋەسىدە ئېلىپ بېرىلغان بىرقانچە قېتىملىق ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىق ئىسلاھات ھەرىكىتىنى چۆرىدىگەن ھالدا، ھازىرقى زامان شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىق ئۆزگەرتىشنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى، ئىككى قېتىملىق زور يېزىق ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى، باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقلىرىنىڭ تاللاپ قوللىنىلىشى ۋە ئۆزگەرتىلىشى، ھازىرقى زامان شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىق ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىنىڭ مەقسىتى، ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر قاتارلىق جەھەتلەر بويىچە ھازىرقى زامان شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىق ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىنىڭ ئاساسلىق جەريانى ۋە پايدا-زىيانلىرى بايان قىلىنغان.

**摘要:** 本文围绕自 1952 年至 1982 年间在新疆维吾尔自治区范围内进行的几次少数民族语言文字改革运动、从“当代新疆少数民族文字改革的历史背景、两次重大的文字改革运动、其他少数民族文字的选用与改革、当代新疆少数民族文字革目的、需要思考的问题”等方面阐述了当代新疆少数民族文字改革运动的主要过程和利弊。

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يېزىق ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى توختىماي داۋام قىلدى. ئەللىك يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت مابەينىدە، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون شىنجاڭنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىق ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ، زور مىقداردا ئادەم كۈچى ۋە مالىيە كۈچى سەرپ قىلىش ئارقىلىق شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلىرىنىڭ يېزىق ئۆزگەرتىشىگە چىن كۆڭۈل - سەمىمىي نىيەتتە ياردەم بەرگەن بولسىمۇ، بىراق شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىق ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىنىڭ ئالغا قاراپ قەدەم تاشلىشى ئىنچىل ھالدا قىيىن بولدى، تەرەققىياتى ئاستا بولدى، نەتىجىلىرى ئاز بولدى.

## 1. ھازىرقى زامان شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىق ئۆزگەرتىشنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

1949 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولغاندىن كېيىن، سوتسىيالىستىك يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ تىل - يېزىققا بولغان تەلىپى تېخىمۇ يۇقىرى بولدى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز تىل - يېزىقىنىڭ يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا تېخىمۇ ياخشى ئۇيغۇنلىشىشىنى ئۈمىد قىلدى. 1951 - يىلى، ماۋزېدۇڭ: «يېزىقنى ئىسلاھ قىلىپ، دۇنيادىكى يېزىقلارغا ئورتاق بولغان پىنيىن (فونېتىكىلىق ئېلىپبە) يۆنىلىشىگە مېڭىش كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى «مىللەتلەر ئىشلىرى توغرىسىدا بىرنەچچە تۈرلۈك قارار» دا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشىنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ كومىتېتى قارمىقىدا مىللەتلەر تىل - يېزىق تەتقىقاتىغا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى تەسىس قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقى توغرىسىدىكى تەتقىقات خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش ۋە تەشكىللەش، تېخى يېزىقى بولمىغان مىللەتلەرنىڭ يېزىق ئىجاد قىلىشىغا ياردەم بېرىش، يېزىقى مۇكەممەل بولمىغان مىللەتلەرنىڭ يېزىقىنى پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتۈرۈشىگە ياردەم بېرىش كېرەك.» 1954 - يىلى 5 - ئايدا دۆلەت مەدەنىيەت - مائارىپ كومىتېتى، مىللەتلەر تىل - يېزىق تەتقىقاتى يېتەكچىلىك كومىتېتى ۋە مەركىزىي مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىرلىكتە مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشىگە «تېخى يېزىقى بولمىغان مىللەتلەرنىڭ يېزىق ئىجاد قىلىشىغا ياردەم بېرىش مەسىلىسى توغرىسىدا دوكلات» سۇندى. 1956 - يىلى 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، گوۋۇيۈەن

دوكلاتتىكى پىكىرگە ئاساسەن، «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يېزىق ئىجاد قىلىش ۋە ئىسلاھ قىلىش لايىھەسىنى تەستىقلاش تەرتىپى ۋە سىناق تەرىقىسىدە ئومۇملاشتۇرۇش ئىش تەقسىماتى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى. 1957 ـ يىلى، گوۋۇيۈەن «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يېزىق لايىھەسىدە ھەرپ لايىھەلەش توغرىسىدا بىرنەچچە تۈرلۈك پىرىنسىپ»نى تەستىقلىدى. مەزكۇر پىرىنسىپتا مۇنداق دەپ بەلگىلەندى: «ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىق ئىجاد قىلىشتا لاتىن ئېلىپبەسىنى ئاساس قىلىشى كېرەك. ئەسلىدە بار بولغان يېزىقنى ئىسلاھ قىلىپ، يېڭى ئېلىپبە سىستېمىسىنى قوللانغاندىمۇ، ئىمكانقەدەر لاتىن ئېلىپبەسىنى ئاساس قىلىشى كېرەك.». 1958 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، سىياسىي كېڭەش مەملىكەتلىك كومىتېتى يىغىنىدا، جۇئېنلەي زۇڭلى «نۆۋەتتىكى يېزىق ئىسلاھاتىنىڭ ۋەزىپىسى» دېگەن دوكلاتىدا: «نۆۋەتتىكى يېزىق ئىسلاھاتىنىڭ ۋەزىپىسى خەنزۇچە خېتىنى ئاددىيلاشتۇرۇش، پۇتۇڭخۇانى ئومۇملاشتۇرۇش، خەنزۇ تىلى فونېتىكىلىق ئېلىپبە لايىھەسىنى تۈزۈش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش» دەپ كۆرسەتتى. ھەمدە: «خەنزۇ تىلى فونېتىكىلىق ئېلىپبە لايىھەسىنى ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىق ئىجاد قىلىش ۋە ئىسلاھ قىلىشنىڭ ئورتاق ئاساسى قىلىشقا بولىدۇ» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇ يىلى 2 ـ ئايدا، 1 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 5 ـ قېتىملىق يىغىنىدا دۆلەت يېزىق ئۆزگەرتىش كومىتېتى تۈزگەن «خەنزۇ تىلى فونېتىكىلىق ئېلىپبە لايىھەسى» رەسمىي تەستىقلاندى. دەل شۇ چاغدا ماۋزېدۇڭ: «بارلىق كادىرلار پۇتۇڭخۇانى ئۆگىنەيلى» دەپ چاقىرىق قىلدى.

## 2. ئىككى قېتىملىق زور يېزىق ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى

**بىرىنچى قېتىملىق يېزىق ئۆزگەرتىش ئەھۋالى.** 1956 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ، 22 ـ كۈنلىرى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل ـ يېزىقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى. يىغىندا: «ئاپتونوم رايوندىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، شىبە قاتارلىق تۆت مىللەتنىڭ يېزىقىنى سوۋېت ئىتتىپاقى سلاۋيان يېزىقى ئېلىپبەسىگە ئاساسەن قايتا تۈزۈپ چىقىش؛ ئۆزبېك، تاتار ئىككى مىللەت سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۆزبېك، تاتار مىللەتلىرى نۆۋەتتە قوللىنىۋاتقان سلاۋيان يېزىقى ئاساسىدىكى يېزىقنى قوللىنىش» كېرەك دەپ بېكىتىلدى. يىغىندا سلاۋيان يېزىقى ئېلىپبەسى ئاساسىدا تۈزۈلگەن «ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، شىبە يېڭى يېزىقلىرى لايىھەسى» (دەسلەپكى لايىھە) ماقۇللاندى، ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تەستىقلىشىغا يوللاندى. شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا «ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، شىبە يېڭى يېزىقلىرى لايىھەسى» (دەسلەپكى لايىھە) مۇھاكىمە قىلىنىپ تەستىقلاندى.

1957 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى قىرغىزلارنىڭ يېزىقىغا ئاساسەن ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن قىرغىز يېڭى يېزىقىنى قوللىنىپ «قىزىلسۇ گېزىتى» نى تەھرىرلەپ تارقاتتى. ئوبلاستلىق تىل ـ يېزىق تەتقىقات كومىتېتى «قىرغىز يېزىقى ئىملا قائىدىسى» (دەسلەپكى لايىھە) نى تۈزۈپ باستۇردى. ھەمدە 2 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، 20 كۈنلۈك يېڭى يېزىق ئۆگىنىش كۇرسىنى ئاچتى، كۇرسقا 85 ئادەم قاتناشتى. قىرغىز تىلى ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە بىر قىسىم باشلانغۇچ مەكتەپلەر يېڭى يېزىقتا تۈزۈلگەن دەرسلىكلەرنى قوللاندى. 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى قارار ماقۇللاپ، شۇ يىلدىن باشلاپ سلاۋيان يېزىقى ئاساسىدىكى قىرغىز يېزىقىنى قوللىنىشنى قارار قىلدى.

1957 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ، 22 ـ كۈنلىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى غۇلجا شەھىرىدە قازاق، ئۆزبېك، تاتار قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقى بويىچە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى. يىغىندا «ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى قازاق كونا يېزىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ۋاقتىنچە سوۋېت قازاقىستاننىڭ يېڭى ئېلىپبەسىنى قوللىنىش توغرىسىدا قارار» ماقۇللاندى. يىغىن جەريانىدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى سلاۋيان يېزىقى ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى «ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، شىبە يېڭى يېزىقلىرى لايىھەسى» (دەسلەپكى لايىھە) نى ئېلان قىلدى. 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» دە سلاۋيان يېزىقى ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى «ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، شىبە يېڭى يېزىقلىرى لايىھەسى» (دەسلەپكى لايىھە) ئېلان قىلىندى، 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، يەنە مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن «شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى چوڭ ئىش» دې-

گەن تېمىدىكى باش ماقالە بېسىلىپ، «يېزىق لايىھەسى» نىڭ ئېلان قىلىنغانلىقى كۆپ تەرىپلەندى. 3-ئاينىڭ 5-كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيەسىدە موڭغۇل تىل - يېزىقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ۋە شىبە تىل - يېزىقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىپ، موڭغۇل يېڭى يېزىقى ۋە شىبە يېڭى يېزىقىنى ئومۇملاشتۇرۇش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلدى، ھەمدە يېزىق ئىسلاھاتىنى باشلاش ۋە يېڭى يېزىقنى ئومۇملاشتۇرۇش قارارىنى چىقاردى.

1957 -، 1958 - يىللىرى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق تەتقىقاتى كومىتېتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۈرۈمچى، غۇلجا، قىزىلسۇ، بايانغول، چاپچال قاتارلىق جايلاردا قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، شىبە مىللەتلىرىنىڭ تىل - يېزىقى بويىچە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى. ئۈرۈمچى، غۇلجا، قەشقەر، بايانغول، قىزىلسۇ، چاپچال قاتارلىق جايلاردا جەمئىي ئون نەچچە قارار يېڭى يېزىق ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيەلەش كۇرسى ئېچىپ، جەمئىي 4425 ئادەمنى تەربىيەلىدى؛ ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، شىبە، ئۆزبېك، تاتار قاتارلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان نۇقتىلىق رايونلاردىكى 19 باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 4 - يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىغا يېڭى يېزىقنى سىناق قىلىپ ئوقۇتتى، جەمئىي 52 سىنىپ/ قېتىمدا، 2331 نەپەر ئوقۇغۇچى يېڭى يېزىق ئوقۇتۇشىنى قوبۇل قىلدى.

**ئىككىنچى قېتىملىق يېزىق ئۆزگەرتىش ئەھۋالى.** 1958 - يىلى 6 - ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق يېزىق ئۆزگەرتىش كومىتېتى (ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق تەتقىقاتى كومىتېتى) «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يېزىق لايىھەسىدە ھەرپ لايىھەلەش توغرىسىدا بىرنەچچە تۈرلۈك پرىنسىپ» نىڭ روھىغا ئاساسەن، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىق تەتقىقات ئورنىنىڭ ھەمكارلىقى ئارقىسىدا لاتىن ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى «ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى لايىھەسى» (دەسلەپكى لايىھە) ۋە «قازاق يېڭى يېزىقى لايىھەسى» (دەسلەپكى لايىھە) نى پىلانلاپ تۈزۈپ چىقتى، 1959 - يىلى 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنىگە قەدەر ئاپتونوم رايونلۇق 2 - قېتىملىق مىللەتلەر تىل - يېزىقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا يوللىدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى لاتىن ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى «ئۇيغۇر، قازاق يېڭى يېزىقلىرى لايىھەسى» (دەسلەپكى لايىھە) نى ماقۇللىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سلاۋيان يېزىقى ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى «ئۇيغۇر، قازاق يېڭى يېزىقلىرى لايىھەسى» (دەسلەپكى لايىھە) نى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، سلاۋيان يېزىقى ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېڭى يېزىقنى ئومۇملاشتۇرۇشنى توختىتىشنى، 1960 - يىلى 1 - ئايدىن باشلاپ لاتىن ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى «ئۇيغۇر، قازاق يېڭى يېزىقلىرى لايىھەسى» (دەسلەپكى لايىھە) نى سىناق قىلىپ ئومۇملاشتۇرۇشنى قارار قىلدى.

1960 - يىلى 2 - ئاينىڭ 3 -، 8 -كۈنلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يېزىق ئۆزگەرتىش كومىتېتى ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇرچە، قازاقچە بولۇپ ئىككى قارار يېڭى يېزىق ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيەلەش كۇرسى ئاچتى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى نازارەت، ئىدارە، خەلق تەشكىلاتلىرى، ئاخبارات - نەشرىيات ئورۇنلىرى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق كومىتېتى ۋە ئۈرۈمچى شەھەر رايونىدىكى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم، كەسپىي مەكتەپلەر، ھەمدە ئىلى ۋىلايىتى، قەشقەر ۋىلايىتى قاتارلىق جايلارنىڭ ئورگان كادىرلىرى، ئوقۇتقۇچىلىرى، مۇھەررىرلىرى، تەرجىمانلىرى، نابورچىكلىرى، تىل - يېزىق خىزمەتچىلىرى قاتارلىقلاردىن بولۇپ، جەمئىي 85 ئادەم كۇرسقا قاتناشتى. 3 - ئاينىڭ 1 ~5 - كۈنلىرى، ئۈرۈمچىدە ئىككى قارار ئۇيغۇرچە، بىر قارار قازاقچە، قەشقەردە ئىككى قارار ئۇيغۇرچە، غۇلجىدا ئىككى قارار قازاقچە، بىر قارار ئۇيغۇرچە يېڭى يېزىق ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، جەمئىي 300 نەچچە ئادەمنى تەربىيەلىدى. 4 - ئاينىڭ 15 -، 29 - كۈنلىرى، ھەرقايسى ۋىلايەتلەردە ئايرىم - ئايرىم كۇرس ئاچتى. 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە، ھەرقايسى ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيەلەردە ئايرىم-ئايرىم كۇرس ئاچتى. 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە، بىرقىسىم خەلق كوممۇنا (گوڭشې) لىرىدا كۇرس ئاچتى. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، جەمئىي 2000 نەپەردىن ئارتۇق يېڭى يېزىق تايانچىسىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن.

1963 - يىلىدىن باشلاپ، ھەر دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىلارنى يېڭى يېزىق ئۆگىنىش بويىچە نۆۋەت بىلەن تەربىيەلەپ يېتىشتۈردى. 1963 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، جەمئىي 10 مىڭ نەپەردىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچىنى تەربىيەلەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يېتىشتۈرگەن.

1963 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، ئاپتونوم رايون ئۇيغۇر، قازاق يېڭى يېزىقلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىپ، سىناق قىلىپ ئومۇملاشتۇرۇش جەريانىدا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرگە ئاساسەن مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. مۇھاكىمە قىلىش ئاساسىدا، ئىككى لايىھە (دەسلەپكى لايىھە) گە تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى، ھەمدە ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق 3 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا سۇنۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق 3 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مۇنداق دەپ قارىدى: «ئاپتونوم رايونلۇق يېزىق ئۆزگەرتىش كومىتېتى تۈزىتىش كىرگۈزگەن ئۇيغۇر، قازاق يېڭى يېزىقلىرى لايىھەسى مۇكەممەل لايىھە بولۇپ، ئۇ كونا يېزىققا نىسبەتەن نۇرغۇن ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە، ھەم ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ ھەم ھەرقايسى مىللەتلەر تىلىدا ئورتاق تەركىبلەر كۆنسېرى ئېشىۋاتقان تەرەققىيات يۆنىلىشىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. يېڭى يېزىقنىڭ سىزىقلىرى ئاددىي، شەكلى ئېنىق، كۆرۈنىشى روشەن، يېزىشقا ئەپلىك بولۇپ، تىل تاۋۇشلىرىنى تېخىمۇ قولايلىق، تېخىمۇ توغرا ئىپادىلەيدۇ، چەتتىن كىرگەن سۆزلەرنى يېزىشقا تېخىمۇ قولايلىق، ئەمەلىي يېزىلىشى ئىلمىي تەلەپكە تېخىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. قۇرۇلتاي بۇ ئىككى لايىھەنى ماقۇللاشنى قارار قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى تەرىپىدىن گوۋۇيۈەنگە يوللاپ تەستىقلىتىلغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە ئومۇميۈزلۈك ئومۇملاشتۇرۇلىدۇ.» ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى 1964-يىلى 4-ئاينىڭ 16-كۈنى، بۇ ئىككى لايىھەنى دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىغا يوللىدى. دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى ۋە ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە تەكرار كېڭىشىش، ھەمدە جۇڭگو يېزىق ئىسلاھاتى كومىتېتى، مائارىپ مىنىستىرلىقى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى، تىل تەتقىقات ئورنى، مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى، ئۆلچەش ـ سىزىش تەتقىقات ئورنى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى، مۇتەخەسسىسلىرىنى تەكلىپ قىلىپ سۆھبەتلىشىش ۋە مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق: «بۇ ئىككى لايىھە ئۇزاق مۇددەت تەتقىق قىلىندى، تۆت يىل سىناق قىلىپ يولغا قويۇلدى، ئاساسىي جەھەتتىن يولغا قويۇشقا بولىدۇ» دەپ قارىدى، ھەمدە شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشىغا سۇندى. 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، گوۋۇيۈەن مۇنداق تەستىق سالدى: «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى ئېلان قىلىپ ئومۇملاشتۇرسا بولىدۇ. ئومۇملاشتۇرۇش جەريانىدا تەجرىبىلەرنى ھەر ۋاقىت يەكۈنلەپ، يېزىق لايىھەسىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. كېيىن ناۋادا بۇ ئىككى يېزىق لايىھەسىنى تۈزىتىش زۆرۈر بولۇپ قالسا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىۋاسىتە مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىغا يوللاپ تەستىقلاتسا بولىدۇ.»

1965-يىلى 1-ئاينىڭ 1-كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى گوۋۇيۈەننىڭ تەستىق جاۋابىنىڭ روھىغا ئاساسەن «ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى لايىھەسى» بىلەن «قازاق يېڭى يېزىقى لايىھەسى» نى ئېلان قىلدى ھەمدە ئۇيغۇر، قازاق يېڭى يېزىقلىرىنى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا ئومۇميۈزلۈك ئومۇملاشتۇرۇشقا باشلىدى. ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى 1982 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئۇيغۇر، قازاق كونا يېزىقلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنگە قەدەر داۋاملاشتى.

### 3. باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقلىرىنىڭ تاللاپ قوللىنىلىشى ۋە ئۆزگەرتىلىشى

شىنجاڭدىكى موڭغۇللار ئارىسىدا خۇدۇم موڭغۇل يېزىقىنى ئومۇملاشتۇرۇش مەسىلىسى. 17-ئەسىردىن باشلاپ، شىنجاڭدىكى ئويرات موڭغۇللىرى ئۆز قەبىلىسىنىڭ دىيالېكت ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان تود موڭغۇل يېزىقىنى قوللىنىپ كەلگەن ئىدى. 1981 ـ يىلى 10 ـ ئايدا چاقىرىلغان ئاپتونوم رايونلۇق 3 ـ قېتىملىق موڭغۇل تىل ـ يېزىق خىزمىتى يىغىنىدا ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى (سابىق ئاپتونوم رايونلۇق يېزىق ئۆزگەرتىش كومىتېتى)، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تاپشۇرغان «ئاپتونوم رايوننىڭ موڭغۇل تىل ـ يېزىق خىزمىتى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى» كەڭ دائىرىدە مۇھاكىمە قىلىندى، ھەمدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە سىناق نۇقتىسى قۇرۇش خىزمەتلىرىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئەمەلىي نەتىجىلەرگە ئاساسەن، «شىنجاڭدىكى موڭغۇل خەلقى ئارىسىدا خۇدۇم موڭغۇل يېزىقىنى ئومۇملاشتۇرۇش توغرىسىدا قارار» ماقۇللاندى. يىغىندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە «موڭغۇل يېزىقى مەسىلىسى

توغرىسىدا يوليورۇق سوراش دوكلاتى» سۇندى. 1982 - يىلى 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «موڭغۇل يېزىقى مەسىلىسى توغرىسىدا يوليورۇق سوراش دوكلاتى»نى تەستىقلاپ تارقاتقانلىق ئۇقتۇرۇشى» چۈشۈرۈپ، ئالاقىدار ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە ۋە ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلاردىن پارتىيە مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىپ، ئەتراپلىق پىلانلاپ، ئىنچىكە ئىدىيەۋى ۋە تەشكىلىي خىزمەت ئىشلەپ، خۇدۇم موڭغۇل يېزىقىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ۋە جىددىي، ئېھتىياتچان ۋە پۇختا رەۋىشتە ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى. 1982 - يىلى 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، شۇ يىلدىن باشلاپ، خۇدۇم موڭغۇل يېزىقى رەسمىي ئومۇملاشتۇرۇلدى، شۇنداق قىلىپ خۇدۇم موڭغۇل يېزىقى شىنجاڭدىكى موڭغۇللارنىڭ ئورتاق قوللىنىدىغان يېزىقىغا ئايلاندى. 1983 - يىلى 1 - ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق موڭغۇل تىل - يېزىق خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى بىرلىكتە «ئاپتونوم رايوننىڭ خۇدۇم موڭغۇل يېزىقىنى ئومۇملاشتۇرۇش پىلانى ۋە 1983 - يىللىق خىزمەتلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئاپتونوم رايون ھەر يىلى مۇئەييەن ئادەم كۈچى ۋە ئىقتىسادىي كۈچ ئاجرىتىپ، شىنجاڭدىكى موڭغۇل ئاممىسى ئارىسىدا خۇدۇم موڭغۇل يېزىقىنى تەدرىجىي ئومۇملاشتۇردى. 1995 - يىلىغا كەلگەندە، خۇدۇم موڭغۇل يېزىقىنى پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ مائارىپ سىستېمىسىدا ئومۇملاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئەمما ھازىرقى كۈندىمۇ، ئاز ساندىكى موڭغۇل ئاممىسى يەنىلا تود موڭغۇل يېزىقىنى قوللىنىپ كەلمەكتە.

تاجىكلارغا يېزىق ئىجاد قىلىپ بېرىش مەسىلىسى. شىنجاڭدىكى تاجىكلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىدۇ. 1956 - يىلى 8 - ئايدا چاقىرىلغان ئاپتونوم رايونلۇق 1 - قېتىملىق مىللەتلەر تىل - يېزىقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا تاجىك، داغۇر، يۇغۇر، سالار قاتارلىق مىللەتلەرگە يېزىق ئىجاد قىلىپ بېرىش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، بىراق ھەرقايسى تەرەپلەر پىكىردە بىرلىككە كېلەلمىگەنلىكتىن بۇ مەسىلە ھەل بولمىغان ئىدى. 1981 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيى مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق، پارس يېزىقىنى ئاساس قىلىپ (تاجىكلار تارىختا پارس يېزىقىنى قوللانغان)، تاجىك مىللىتىنىڭ يېزىقىنى ئىجاد قىلىشنى قارار قىلدى، ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە دوكلات يازدى. شۇ مەزگىلدە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىنى ئۆتەۋاتقان ئىمىنوۋ ھامىت يوليورۇق بېرىپ: «يېزىق قوللىنىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلسۇن، ھەمدە پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلسۇن» دېدى. 1982 - يىلى 9 - ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى تاشقورغانغا كادىرلارنى ئەۋەتىپ، سۆھبەت يىغىنى ئېچىش ۋە سۆھبەتلىشىش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق، تاجىك مىللىتى رەھبىرىي كادىرلىرى ۋە زىيالىيلىرىنىڭ پىكرىنى ئالدى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا پىكىر بىردەكلىكى بولماسلىق سەۋەبىدىن بۇ ئىش توختاپ قالدى.

### 4. ھازىرقى زامان شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىق ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىنىڭ مەقسىتى

ھازىرقى زامان شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىق ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى بولسا جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى ۋە تىل - يېزىق سىياسىتىنى كونكرېت گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ، شۇنداقلا ئۇ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىل - يېزىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارقىلىق، يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان مەدەنىيەتتە يېڭىلىق يارىتىش ھەرىكىتىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ. جۇڭگودىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئائىلىدە ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ تىل - يېزىقىنى قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىگە ئىگە. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، تىل بىلەن يېزىق كىشىلەرنىڭ پىكىر ئالماشتۇرۇش قورالى بولۇپ، ئۇ شۇ مىللەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، بەلكى ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى بىلەنمۇ زور مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى كونا يېزىقلار ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا كۆرۈنەرلىك ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىغان. ئۆتمۈشتە بۇ كونا يې-

www.uyghurkitap.com

ىزىقلار ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان ئەدەبىي، تارىخىي ۋە دىنىي ئەسەرلەر خاتىرىلەنگەن. بولۇپمۇ ئازادلىقتىن كېيىن، بۇ يېزىقلار ئارقىلىق خەنزۇ ۋە باشقا مىللەتلەر تىلىدىكى ئىجتىمائىي پەن ۋە تەبىئىي پەنگە ئائىت نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەر ۋە پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىغا تەرجىمە قىلىندى. مەكتەپ يېشىدىكى بالىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بۇ كونا يېزىقلارنىڭ ئېلىپبەسىنى بىلىدۇ، يەنە نۇرغۇنلىغان كىشىلەر مۇشۇ كونا يېزىقلار ئارقىلىق ساۋاد چىقارغان. كونا يېزىقلارنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى ئازادلىقتىن ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا زور دەرىجىدە كېڭەيدى. بىراق، ئەينى ۋاقىتتا دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ھازىر قوللىنىلىۋاتقان ئۇيغۇر، قازاق تىللىرى بارغانسېرى بېيىغان بولسىمۇ، ئۇيغۇر، قازاق كونا يېزىقلىرى دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلالمىغان، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىغان ئىدى. ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن لاتىن ئېلىپبەسى ئاساسىدا تۈزۈلگەن ئۇيغۇر، قازاق يېڭى يېزىقلىرى ئومۇملاشتۇرۇلدى؟ بۇ يېزىقلارنىڭ تاللاپ قوللىنىلىشىنى ئەينى ۋاقىتتىكى خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىنىڭ تىل-يېزىق مۇھىتى بەلگىلىگەن. يەنى بىرىنچىدىن، لاتىن ئېلىپبەسى تىلنى يېزىپ خاتىرىلەيدىغان بەلگە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئومۇمەن خەلقئارادا ئورتاق قوللىنىلىدىغان بەلگىگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى؛ ئىككىنچىدىن، خەنزۇ تىلىدا لاتىن ئېلىپبەسى فونېتىكىلىق ئېلىپبە لايىھەسى سۈپىتىدە قوللىنىلغان ئىدى.

## 5. ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر

ئاپپاراتلار تەسىس قىلىندى. 1951 ـ يىلى مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشىنىڭ مەدەنىيەت-مائارىپ كومىتېتى قارمىقىدا مىللەتلەر تىل ـ يېزىق تەتقىقاتىغا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى تەسىس قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل-يېزىقى توغرىسىدىكى تەتقىقات خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى ۋە تەشكىللىدى؛ تېخى يېزىقى بولمىغان مىللەتلەرنىڭ يېزىق ئىجاد قىلىشىغا ياردەم بەردى؛ يېزىقى مۇكەممەل بولمىغان مىللەتلەرنىڭ يېزىقىنى پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتۈرۈشىگە ياردەم بەردى. شىنجاڭ بولسا ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ـ مائارىپ كومىتېتى قارمىقىدا ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل-يېزىق تەتقىقاتى يېتەكچىلىك كومىتېتى تەسىس قىلدى. كېيىن يەنە يۇقىرىقى ئاپپاراتلار ئاساسىدا دۆلەت يېزىق ئۆزگەرتىش كومىتېتى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يېزىق ئۆزگەرتىش كومىتېتى قۇرۇلدى. شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست (شەھەر) لىرىدىمۇ يېزىق ئۆزگەرتىش كومىتېتى ياكى يېڭى يېزىق ئومۇملاشتۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلدى. سلاۋيان يېزىقى ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېڭى يېزىقلار سىناق قىلىپ ئومۇملاشتۇرۇلغان نۇقتىلىق رايونلاردا، مەسىلەن، ئۈرۈمچى، غۇلجا، سۈيدۈڭ، قەشقەر، قوبۇقسار، بايىنغولىن، چۆچەك، بورتالا، چاپچال قاتارلىق جايلاردا يېڭى يېزىق ئومۇملاشتۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، يېڭى يېزىقنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلدى.

يېزىق ئۆزگەرتىشنىڭ پرىنسىپلىرىنى ئەستايىدىل ۋە پۇختا تۈزۈپ چىقتى. 1957 ـ يىلى، گوۋۇيۈەن «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يېزىق لايىھەسىدە ھەرپ لايىھەلەش توغرىسىدا بىرنەچچە تۈرلۈك پرىنسىپ» نى تەستىقلىدى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يېزىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا ئۆزى ئىختىيار قىلىش، ئۆزى تاللاش پرىنسىپىدا چىڭ تۇردى. يېزىق ئىجاد قىلىش، ئۆزگەرتىش ياكى تاللاشتا شۇ مىللەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشىگە پايدىلىق بولۇش، دۆلەتتىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك چوڭ ئائىلىنىڭ ئىتتىپاقلىقى، بىرلىكى ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشىگە پايدىلىق بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇردى.

تىللارنىڭ قوللىنىلىش ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈردى. 1956 ـ يىلى باشلانغان يېزىق ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىدىن ئىلگىرى، شىنجاڭنىڭ يېزىق ئۆزگەرتىش تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن دۆلەتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل تەتقىقات ئورنى، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بىرلىكتە تەكشۈرۈش ئەترىتى تەشكىللىدى، ھەمدە 1955 ـ يىلى 7 ـ، 9 ـ ئايلاردا، شىنجاڭدىكى 27 تەكشۈرۈش نۇقتىسىدا مىللەتلەرنىڭ تىلىنى تەكشۈرۈپ، بىرىنچى قول ماتېرىيالنى قولغا كەلتۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل تەتقىقات ئورنى، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل ـ يېزىق يېتەكچىلىك كومىتېتى بىرلىكتە سلاۋيان يېزىقى ئېلىپبەسىگە ئاساسەن «ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، شىبە يېڭى يېزىقلىر-

نىڭ لايىھەسى» (دەسلەپكى لايىھە) نى تۈزۈپ چىقتى. ھەمدە 1955 - يىلى 12 - ئايدا مەملىكەتلىك 1 - نۆۋەتلىك مىللەتلەر تىل - يېزىقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئالاقىدار كىشىلەرگە يەتكۈزۈپ پىكىر ئالدى. ھەمدە ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ پىكرىنى ئېلىش ئاساسىدا «لايىھە» گە كۆپ قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزدى. 1956 - يىلى 8 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 1 - نۆۋەتلىك مىللەتلەر تىل - يېزىقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، شىبە بەش مىللەتنىڭ يېڭى يېزىق لايىھەسى ماقۇللاندى.

1960 - يىلى باشلانغان يېزىق ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىدىن ئىلگىرى، يەنى 1958 -، 1959 - يىللىرى، بېيجىڭ، ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئىلى، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا يېزىق ئۆزگەرتىشكە مۇناسىۋەتلىك چوڭ - كىچىك سۆھبەت يىغىنلىرى بىرقانچە ئون قېتىم ئېچىلدى. سۆھبەت يىغىنلىرىدا يېڭى يېزىق لايىھەسى (دەسلەپكى لايىھە) توغرىسىدا دەسلەپكى قەدەمدە پىكىر ئېلىنىپ، يېڭى يېزىق لايىھەسىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئاساس سېلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يېزىق ئۆزگەرتىشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە رولى توغرىسىدىكى تەشۋىقاتنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇردى. ئۆز ۋاقتىدا، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى چوڭ ئاخبارات ۋاسىتىلىرى ۋە بىر قىسىم نەشر بۇيۇملىرىدا شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىق ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە مۇمكىنلىكى، يېڭى يېزىق قوللىنىشنىڭ ئەھمىيىتى، يېڭى يېزىقنىڭ ئەۋزەللىكى قاتارلىقلار تەشۋىق قىلىندى ھەمدە يېڭى يېزىق لايىھەسى چۈشەندۈرۈلدى ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە قىلىندى.

1960 - يىلىنىڭ باشلىرى يېڭى يېزىق سىناق قىلىپ ئومۇملاشتۇرۇلغان چاغدا، قىزىلسۇ، تاشقورغان، چاپچال، ئۈرۈمچى، ئىلى قاتارلىق جايلاردا قىرغىز، موڭغۇل، شىبە، تاجىك، داغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ يېزىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش توغرىسىدا دەسلەپكى قەدەمدە پىكىر - تەلەپلەر ئېلىندى.

1961 - يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى يەنە خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ تاشقورغان، چاپچال، ئۈرۈمچى، ئىلى قاتارلىق جايلارغا ئەۋەتىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ يېزىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش توغرىسىدا ئاخىرقى قېتىم پىكىر ئالدى. ھەمدە ئېلىنغان پىكىرلەرگە ئاساسەن، كۆڭۈل قويۇپ ماتېرىيال توپلاپ ۋە ئىگىلەپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ يېزىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشىنىڭ كونكرېت چارىسىنى مۇھاكىمە قىلدى ۋە ئىزدىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئاپتونوم رايوندىكى موڭغۇل مىللىتى ئاممىسىنىڭ پىكرىنى ئېلىش ۋە كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈش ئاساسىدا ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى بىلەن ئالاقىلىشىپ ۋە كېڭىشىپ، موڭغۇل يېزىقى مەسىلىسىنى بىر تۇتاش ھەل قىلىشنى قارار قىلدى.

ھازىرقى زامان شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىق ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى شىنجاڭنىڭ سىياسەت، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، تۇرمۇش تەرەققىياتىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى. بولۇپمۇ 1960 -، 1982 - يىللىرى ئېلىپ بېرىلغان ئۇيغۇر، قازاق يېڭى يېزىقلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ ۋاقتى ئۇزۇن، تەسىرى زور، قېپقالغان مەسىلىلەر كۆپ، سەرپ قىلىنغان ئادەم كۈچى ۋە مالىيە كۈچى كۆپ بولۇپ، ئۇنى شىنجاڭ تارىخىدا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان، بۇرۇنقىلار قىلىپ باقمىغان ئىش دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. تىل - يېزىق خىزمەتچىلىرىنىڭ تىل-يېزىق خىزمىتىدىكى مۇشۇنداق چوڭ تارىخىي ۋەقەلەرنى مۇئەييەن تەتقىق قىلىش ۋە مۇھاكىمە قىلىش مەسئۇلىيىتى بار. بىز دۇنياغا يۈزلەنگەن، كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن، ئىلمىي، مىللىي، ئاممىۋى ئىلغار مەدەنىيەت بەرپا قىلىمىز دەيدىكەنمىز، جەزمەن شۇنىڭغا ماسلىشىدىغان، خەلق ئاممىسى قوبۇل قىلىدىغان، ئىلمىي، مىللىي، ئاممىۋى ئىلغار تىل - يېزىققا ئىگە بولۇشىمىز كېرەك. ھالبۇكى، تىل - يېزىقلار جەمئىيەتتە شەكىللىنىدۇ، ئۆزگىرىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ، ئەلۋەتتە يوقىلىشىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز رېئاللىققا، كەلگۈسىگە يۈزلىنىپ، ھازىرقى زامان شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىق ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىگە توغرا مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك. ھەمدە ئۇنىڭدىن ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ چىقىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىق ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىگە توغرا يېتەكچىلىك قىلىشتا تەدبىقلىشىمىز كېرەك.

پايدىلانمىلار:

① «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. تىل - يېزىق تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىل 9 - ئاي نەشرى

② «دۆلەت تارىخى تەتقىقاتى پايدىلىنىش ماتېرىيالى» نىڭ 2004 - يىللىق 13 - سانى، (ئومۇمىي 287 - سان) «ھازىرقى زامان جۇڭگو تارىخى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى نەشرى

تەھرىرلىگۈچى: ئوسمانجان مۇھەممەت

# ماقال - تەمسىللەرنىڭ بەدىئىي رولى

ئالىم نىياز

( مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2012 - يىللىق دوكتور ئاسپىرانتى 100081 )

**قىسقىچە مەزمۇنى:** مەزكۇر ماقالىدا ماقال - تەمسىللەرنىڭ بەدىئىي رولى يازغۇچى ئەخەت تۇردىنىڭ «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» ناملىق رومانى تۇتقا قىلىنىپ بايان قىلىنغان. ماقال - تەمسىللەر بىر مىللەت تىلىنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرىدىن خۇلاسىلەنگەن تىل جەۋھىرى ، مىللەتنىڭ ئۇزۇن يىللىق تارىخىي كەچۈرمىشىنىڭ جۇغلانمىسى. ماقالىدا فولكلور ئىلمىنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا تەۋە بولغان ماقال - تەمسىللەرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى بەدىئىي رولى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگەن.

**摘要**: 本文作者以作家艾海提·吐尔地的长篇小说《被遗忘的人们》反映了维吾尔谚语的艺术特色，说明了谚语是一个民族生活经验的语言精华。一个民族长期历史经验的总和。

بىر مىللەتنىڭ ماقال - تەمسىللىرى شۇ مىللەت خەلقىنىڭ ئۇزاق دەۋرلىك كەچۈرمىشلىرى ئەمەلىيىتىدە شەكىللەنگەن ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھەرلىرىدۇر. ماقال - تەمسىل دېگىنىمىز ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بىلىمى ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەجرىبىلىرى خۇلاسىلەنگەن ئوبرازلىق ۋە ئىخچام تىل جەۋھىرىدۇر. ئۇ بىر خىل تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە،بىلىش رولىغا ۋە پەلسەپەۋى چۈشەنچىگە ئىگە تارقىلىشچان سۆز.

ماقال بىلەن تەمسىلنىڭ ئەرەبچىدىكى ئەسلى مەنىسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كۆپ سانلىق كىشىلەرگە نىسبەتەن «ماقال - تەمسىل» دېسە خەلقنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرى يەكۈنلەنگەن، ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىلغان جۈملە شەكلىدىكى سۆز ئىبارىلەر كۆز ئالدىغا كېلىدۇ.ماقال بىلەن تەمسىلنى بەزى تىلچىلار ئىككى تۈرگە ئايرىيدۇ. بەزىلەر ماقال بىلەن تەمسىل ئىككىسى بىر دەپ قاراپ، ئىككىسىنى ئايرىۋېتىشكە قوشۇلمايدۇ. مەزكۇر ماقالىدا ماقال بىلەن تەمسىلگە قانداق تەبىر بېرىش ياكى تۈرگە ئايرىش بولمىغاچقا بۇ ھەقتە توختالمايمىز.

ماقال - تەمسىل خەلق تىلىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. ئۇنى كىشىلەر ئۆز نۇتقىدا دائىم ئىشلىتىدۇ، ئەمما ئۇ كىشىلەرنىڭ ئادەتتىكى تىلى ئەمەس، بەلكى خەلق تىلىنىڭ تاۋلىنىپ ۋە تاللىنىپ چىققان مېغىزى، چوڭقۇر مەزمۇنلۇق، ئىخچام تىلدۇر. ئۇ تىلنىڭ گۈزەللىكىنى، ئاممىباپلىقىنى، ئاھاڭدارلىقىنى، ھېسسىيلىقىنى نامايان قىلىدۇ. جۈملىدىن ئابستىراكت چۈشەنچىلەرنى كونكېرىتلاشتۇرىدۇ، تىلغا ئېنىقلىق بېرىدۇ، پىكىرنى جانلىق، ئىخچام، دەلمۇ - دەل، ئوبرازلىق ئىپادىلىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇم، 80 - ، 90 - يىللاردا ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان بىر قىسىم رومانلاردا مۇنداق بىر ئورتاق ئالاھىدىلىك بار، ئۇ بولسىمۇ مەلۇم بىر روماننىڭ بابلىرىنىڭ نامىدىن كېيىن بىرەر كوپلېت خەلق قوشىقى، مەشھۇر شەخسلەرنىڭ سۆزلىرى، ماقال ياكى تەمسىل قاتارلىقلار بېرىلىپ ئاندىن رەسمىي تېكىستكە ئۆتىدۇ. تېكىستنىڭ ئىچىدىمۇ ماقال - تەمسىللەر ئۇچراپ تۇرىدۇ. قارىماققا بۇ ئارتۇقچە نەرسىدەك، ئانچە ئەھمىيىتى يوقتەك كۆرۈنسىمۇ ئەمەلىيەتتە ئاپتور ئۇلارنى بىر خىل بەدىئىي ۋاستە، ئىستىلىستىكىلىق رولدا ئىشلىتىپ ئەسەرنىڭ جەلىپكارلىقىنى ئاشۇرغان، ھەمدە شۇ بابنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنىڭ سۆز بېشى ياكى ئىخچام بايانى ئورنىدا ئىشلەتكەن. شۇنداق ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدىن مەن يازغۇچى ئەخەت تۇردىنىڭ «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» ناملىق رومانىنى ۋەكىل قىلىپ ئاپتورنىڭ ماقال - تەمسىللەردىن قانداق پايدىلانغانلىقى توغرىسىدا كۆز قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

1. «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» تارىخىي رومان بولۇپ، باتۇقتىن ئىبارەت ئاساسىي پېرسوناژنى چۆرىدىگەن ھالدا 40 - يىللاردىكى شىنجاڭ ۋەزىيىتى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىگە قارشى كۈرەش قىلغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. رومان جەمئىي يىگىرمە بەش بابقا بۆلۈنگەن بولۇپ،ھەر بىر بابقا كىچىك ماۋزۇ قويۇلغان، ھەر بىر باپ ماۋزۇسىدىن كېيىن بىر ياكى ئىككى جۈملە ئۇيغۇرخەلق ماقالى ياكى تەمسىلى بېرىلگەن. قارىماققا بۇ ماقال - تەمسىللەر ئارتۇقچە قويۇل-

غاندەك، مەزمۇن بىلەن مۇناسىۋەتسىزدەك كۆرۈنىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ئاپتورنىڭ قوللانغان بىر خىل بەدىئىي ۋاستىسى ھەم بۇ ماقال ـ تەمسىللەر شۇ بابنىڭ يىغىنچاقلانغان خۇلاسىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئاپتور بىرىنچى بابقا «سەيلىگاھتىكى جۇدالىق» دېگەن كىچىك ماۋزۇ قويغان بولۇپ ئاندىن «بوغۇزلايمەن دېسە قويمۇ تېپىرلايدۇ» دېگەن ماقالنى قىستۇرغان.

بۇ بابتا ئەسەردىكى باش پېرسوناژ باتۇق ۋە ئۇنىڭ سۆيگەن قىزى ئاققىز «ھەزرەت سەيلىسى» گە كېلىپ خوشال ـ خورام ئويناپ يۈرگەندە ئۇلارنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى، ئەسەردىكى سەلبىي پېرسوناژ ھاپىز جوجاڭ ۋە ئۇنىڭ قول چوماقلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. ھاپىز جوجاڭ ھەمدەم بەگنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ،ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ھەمدەم بەگ باتۇقلار بىلەن بىر يەردىن يەنى بىر سەھرادىن بولۇپ، سەھرانىڭ بېيى. ئۇ ئاققىزنى مەجبۇرىي تۆتىنچى خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولغاندا توي كېچىسى باتۇق ئاغىنىلىرى بىلەن كېلىپ ئۆز مەھبۇبى ئاققىزنى ئېلىپ قېچىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەمدەم بەگ ئائىلىسى بىلەن باتۇق ئارىسىغا ئۆچمەس ئۆچ ـ ئاداۋەت چۈشىدۇ. «ھەزرەت سەيلىسى» دە بۇ رەقىپلەر ئۇچرىشىپ قالىدۇ، ھاپىز جوجاڭ قول چوماقلىرىغا بۇيرۇپ باتۇق بىلەن ئاققىزنى تۇتماقچى بولىدۇ. باتۇق بىلەن ئاققىز قاچىدۇ، ھاپىز جوجاڭ ئاخىرى ئاققىزنى تاپانچا بىلەن ئېتىۋېتىدۇ، ئاققىز ئۆلىدۇ، باتۇق تۇتۇلۇپ تۈرمىگە تاشلىنىدۇ. باتۇق بىلەن ئاققىزنىڭ دۈشمىنىنىڭ كۈچلۈكلىكىگە قارىماي ئۇلار بىلەن ئېلىشىشتىن ئىبارەت مەزمۇننى ئاپتور «بوغۇزلايمەن دېسە قويمۇ تېپىرلايدۇ» دەپ جانلىق ئىشارە بەرگەن. ئاپتور بۇ يەردە قوينىڭ تەبىئىتى بىلەن ئېيتىلغان ماقالنى ئۈنۈملۈك ئىشلىتىپ شۇ بابقا بىر خىل بەدىئىيلىك قوشقان.

ئىككىنچى بابتا، باتۇق تۈرمىگە تاشلىنىپ، شۇ تۈرمىدە قۇتلۇق ئەپەندى، ھاجى ئۇرۇس دېگەن كىشىلەر بىلەن تونۇشىدۇ ۋە قاراڭغۇ زىنداننىڭ ئۇزۇن تۈن ـ كۈنلىرىدە ئۇلار بىلەن ئىچ ـ سىر ئېيتىشىپ سىرداش دوستلاردىن بولۇپ قالىدۇ. باب بېشىدا ئاپتور «دۈشمىنىڭگە ھال ئېيتما كۈلگىسى كېلۇر، دوستۇڭدىن سىر ئايىما بىلگىسى كېلۇر» دېگەن ماقال بىلەن بۇ باب مەزمۇنىدىن بېشارەت بېرىدۇ.

ئۈچىنچى بابتا، «كۈن يىراق بولسىمۇ ئاپتىپى يېقىن» دېگەن ماقالنى بېرىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىۋاتقانلىقىنى، پات ئارىدا بۇ ئىنقىلابنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنى قاپلايدىغانلىقىنى، قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ تۈرمىدىن چىقىپ، دوستلىرى بىلەن تېپىشىپ، يۈكسەك غايىلەر بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تەشكىلات قۇرغانلىقىنى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ كۈنلىرىنىڭ ئۇزۇن قالمىغانلىقىنى،ئۇزۇن قالماي ئازاد زامانلار كېلىپ، ئەركىن تۇرمۇش كەچۈرگىلى بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرگەن.

تۆتىنچى بابتا، ئاپتور «خەلق ،يۇق، دېسە بوران چىقىدۇ» دېگەن ماقالنى باب بېشى قىلىپ بەرگەن. بۇ بابتا قەشقەرنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى كاڭ لۈيجاڭ دېگەن كىشى رىزۋان ئىسىملىك بىر گۈزەل ئارتىست قىزنىڭ نومۇسىغا تەگمەكچى بولغاندا، رىزۋان ئۇنىڭغا بويسۇنماي ئىپپىتىنى قوغدايدۇ، ئاخىرى كاڭ لۈيجاڭنىڭ چوماقچىلىرى رىزۋاننى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، رىزۋاننىڭ سۆيگەن يىگىتى قۇربان بۇ ھاقارەت ۋە دەرت ـ ئەلەمدىن كاللىسىدىن ئادىشىپ ساراڭ بولۇپ قالىدۇ. قۇتلۇق ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ تەشكىلاتىدىكى سەپداشلىرى خەلقنى قوزغاپ، ئادالەتسىزلىك ئۈستىدىن نامايىش قىلىپ، ئۆز تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى خەلقنىڭ قوزغالغانلىقىدىن، خەلقنىڭ كۈچ قۇدرىتىدىن قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشىدۇ. خەلقنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى ئاپتور «خەلق ،يۇق، دېسە بوران چىقىدۇ» دېگەن ماقال بىلەن ناھايىتى جانلىق ئىپادىلىگەن.

بەشىنچى بابتا، «بويىنىغا گۇناھ مىنگەن خۇدانى شىپى كەلتۈرەر» دېگەن ماقالنى بېرىپ دىنىي تونىغا ئورۇنىۋالغان رىياكار دىنچىلارنى ئېچىپ تاشلايدۇ. بۇ باپتا خەلقنىڭ تەۋرەپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى مۇسۇلمان خەلقنى خۇدانى شىپى كەلتۈرۈپ، تېنچلاندۇرماقچى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دانىش ئىمام دەيدىغان يۇرت چوڭىنى، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىدىن باشقىنى كۆزلىمەيدىغان، گومىنداڭنىڭ سادىق غالچىسىنى ئارىغا سېلىپ، مەسچىتتە ۋەز ئېيتقۇزۇپ، خەلقنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھەرقانداق تۈزۈملىرىگە جان دەپ بويسۇنۇشىنى مۇسۇلمانچىلىقنىڭ بىر ئالامىتى دەپ بىلىشنى تەشۋىق قىلغۇزىدۇ. ئاپتور باب بېشىدىكى ماقال ئارقىلىق بۇ بابتا سۆزلەنمەكچى بولغان مەزمۇندىن ئىشارە بەرگەن.

ئالتىنچى بابتا، ئاپتور «يېڭى تۇغۇلغان موزاي يولۋاستىن قورقماس» دېگەن تەمسىلنى كەلتۈرۈش ئارقىلىق، قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ تەشكىلاتىدىكىلەرنىڭ ھەرقانچە قىيىن ئەھۋالغا يولۇقسىمۇ،كۆرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغانلىقىنى خۇلاسە قىلغان. ئەمەلىيەتتە بۇ تەمسىل ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس تەمسىلى بولماستىن، خەنزۇ خەلق ماقال ـ تەمسىلىنىڭ ئۇيغۇرچىغا تەدبىقلىنىشى ئىدى. ئاپتور بۇ يەردە ئىنقىلابچىلارنىڭ يېڭى تەشكىللىنىپ، تەجـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رىبىسىز ھالدا ئىنقىلاپ قىزغىنلىقىنىڭ ناھايىتى يۇقۇرى ئىكەنلىكىنى، كۈچلۈك دۈشمەن ئالدىدا قورقۇشنى بىلمەيدىغان ھالەتتە ئىكەنلىكىنى بۇ تەمسىل ئارقىلىق كۆرسىتىپ بەرگەن.

يەتتىنچى بابتا، شىمالىي شىنجاڭدا قوزغالغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغىمۇ تۇتاشقانلىقىدىن قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشكەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تۈرمىدىكى مەھبۇسلارنى كېچىدە قەبىھ ئۇسۇللار بىلەن ئۆلتۈرۋېتىدۇ. بۇ خىل قەبىھ ئۇسۇل ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭدا تېخىمۇ چوڭ ئىنقىلاب پارتلاپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولىدۇ. ئاپتور باپ بېشىغا «يىلاندىن قورققان ئارغامچىدىنمۇ قورقىدۇ» دېگەن تەمسىلنى كەلتۈرىدۇ. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشۈپ قورقۇپ كەتكەن. ئاپتور بۇ يەردە يۇقىرىقىدەك تەمسىل ئارقىلىق گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قاتتىق ۋەھىمىسىنى ئىپادىلىگەن.

سەككىزىنچى بابتا، «ئەل ئۈمىدىنى ئەل ئاقلار،ئەر داڭقىنى ئەر ساقلار» دېگەندەك، كېچىدە مەخپىي ئۆلتۈرۈشلەر داۋاملىشىۋاتقان كۈنلەردە، ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ مېڭىلغان بىرنەچچە ھارۋا مەھبۇسلار قاتارىدا قۇتلۇق ئەپەندىمۇ بولۇپ، ئۇ باشقا مەھبۇسلارنىڭ ياردىمىدە قېچىپ كېتىدۇ. باشقا مەھبۇسلار شۇ ئاخشىمى يوشۇرۇن قەتلى قىلىنىدۇ. قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ ئۈمىدلىك ئادەم، چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتەلەيدىغانلىقىنى بىلگەن باشقا مەھبۇسلارنىڭ قۇتلۇق ئەپەندىنى قاچۇرۇۋېتىشىنى ئاپتور بۇ يەردە يۇقىرىقى ماقال ئارقىلىق ئىخچام ۋە جانلىق ئىپادىلەپ بەرگەن.

ئونىنچى بابتا، ئاپتور «قارا توخۇمۇ ئاق تۇخۇم تۇغار» دېگەن ماقالنى باب بېشى قىلىپ بېرىدۇ. بۇ بابتا ئاساسىي قەھرىمان باتۇقنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ھەمدەم بەگنىڭ كىچىك ئوغلى، ھاپىز جۇجاڭنىڭ ئىنىسى ھەيدەر خوجىنىڭ ئۆز ئۇرۇقىغا ھېچ ئوخشىماي، ئىنقىلابچىلار قاتارىدا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئاپتور بۇ بابتا گومىنداڭغا سادىق، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان شۇنداق بىر ئائىلىدىن، ئۇلارغا تۈپتىن ئوخشىمايدىغان بىر ئادەمنىڭ چىققانلىقىنى يۇقۇرىقى ماقال ئارقىلىق ئوبرازلىق ئىپادىلىگەن.

ئون ئىككىنچى بابتا، شايى ئەخمەت،بەختى سېرىق قاتارلىقلارنىڭ دانىش ئىمامغا ھاراقنى دورا دەپ ئىچكۈزۈپ، مەسچىتتە رەسۋا قىلغانلىقىنى «ئىتتىنىڭ چىش ئاغرىقىغا، ئېشەك گۆشى داۋا» دېگەن تەمسىلنى كەلتۈرۈپ، يامان ئادەملەرنىڭمۇ ئەدىپىنى بېرىدىغان ئادەم بارلىقىنى ئوبرازلىق ئىپادىلىگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ كۆزقارىشى بويىچە ئىت يامان، ئەسكى ئادەملەرگە سىمۋۇل قىلىنىدۇ، ئېشەك بولسا بەغەرەز، ناچار ئادەملەرگە ئوخشىتىلىدۇ. بۇ تەمسىلنى جايىدا ئىشلىتىش ئارقىلىق ئاپتور دانىش ئىمامدىن ئىبارەت سەلبىي ئوبرازنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن باپلانغانلىقىنى ناھايىتى ئوبرازلىق ئىپادىلىگەن.

ئون تۆتىنچى بابتا، ئاپتور باب بېشىدا «ياخشىنى يات ئىكەن دېمە،ياماننى ئۆز ئىكەن دېمە» دېگەن ماقالنى بېرىپ، يات بولسىمۇ ياخشى بولسا، باشقا ئىرقتىن، باشقا مىللەتتىن بولسىمۇ ئورتاق دۈشمەنگە بىللە قارشى تۇرسا ئۇنى دوست دەپ قاراپ ھەمكارلاشسا بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ئىلگىرى سۈرگەن.

ئون يەتتىنچى بابتا، ئاپتور ئىنقىلابچىلار ئوتتۇرىسىدا ئانچە ـ مۇنچە ئىختىلاپلار يۈز بېرىپ، ئاخىرى يەنە ئىتتىپاقلاشقانلىقىنى «ئىتتىپاق باغلىرىدا مېۋىلەر پىشار، ئىختىلاپ تاغلىرىدىن ۋەھشىلەر قاچار» دېگەن ماقال ئارقىلىق كۆرسىتىپ يىغىنچاقلايدۇ. بۇ ئارقىلىق ئىتتىپاقلىق كۈچىنىڭ ناھايىتى زور ئىكەنلىكىنى، ئىتتىپاقلاشقاندا ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىدىن بىشارەت بەرگەن.

ئون توققۇزىنچى بابتا، گۈزەل، خورلانغان، چىن مۇھەببەتكە ئىنتىلگەن، ئەمما ئامالسىزلىقتىن پۇلدار ئەمەلدارلارغا تايىنىپ كۈن كەچۈرۈۋاتقان نازاكەت خانىم بىلەن باتۇقنىڭ بىر بىرسىنى ياخشى كۆرۈشۈپ قالغانلىقىنى، گەرچە نازاكەت خانىم ھاپىز جۇجاڭنىڭ ئاشنىسى ھەم ئۇنىڭ ئىشپىيونى بولسىمۇ، ئۇ چوكان باتۇقنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندىن كېيىن باتۇقلار بىلەن ھەمكارلاشماقچى بولىدۇ. باتۇقمۇ ئۇنى ھەم ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇ خىل ۋەقەلىكنى ئاپتور باب بېشىدا «ئىتتىنىڭ ئاغزى تەگكەنگە دەريا سۈيى بولغانماس» دېگەن ماقال بىلەن ئوبرازلىق ئىپادىلىگەن.

يىگىرمىنچى بابتا، باتۇق ھەيدەر خوجا (ھاپىز جۇجاڭنىڭ ئىنىسى) نىڭ ئۆزىنى قوغدايمەن دەپ تۈرمىگە كىرىپ قالغانلىقىنى ھەم تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلۈش ئېھتىمالى بارلىقىنى ئاڭلاپ، ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، تۈرمىگە كىرىپ ھەيدەر خوجىنى قۇتقۇزۇپ چىقماقچى بولىدۇ. تۈرمىدە ئۇلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشىدۇ، قاچىدىغان ۋاقىتتا دۈشمەنگە ئۇچراپ قېلىپ ھەيدەر خوجا قۇربان بولىدۇ. بۇ بابنى ئاپتور «ساپال ئۈچۈن ساق قالغۇچە،گۆھەر ئۈچۈن كۆكۈم ـ تالقان بول» دېگەن ماقالغا يىغىنچاقلايدۇ.

يىگىرمە بىرىنچى بابتا، باتۇقلار ئادەملىرىنى تەشكىل-

لەپ،ئازغىنە ئادەم ۋە ئاددەتتىكى قورال ـ ياراغلىرى ئارقى-
لىق باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ ناھىيىلىك ساقچى ئىدا-
رىسىنى ئىشغال قىلىدۇ ھەم گومىنداڭنىڭ 33 ـ مۇستە-
قىل پولكىنى مەغلۇپ قىلىدۇ . ئاپتور بۇ بابنى «يېتىپ
ئۆلگىچە ئېتىپ ئۆل» دېگەن ماقال بىلەن يىغىنچاقلايدۇ.

يىگىرمە ئىككىنچى بابتا، دەسلەپكى جەڭدە مەغلۇپ
بولغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تېخىمۇ كۆپ ھەم
خىللانغان قوشۇن بىلەن قوزغىلاڭچىلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ.
قوزغىلاڭچىلار قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلغان بولسىمۇ،
ئۆزىدىن كۆپ دۈشمەنگە تەڭ كېلەلمەي، نۇرغۇن قۇربان
بېرىشلەر ئارقىلىق قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىدۇ. ئاپتور بۇ
بابنى «توشقاندەك يۈز يىل ياشىغۇچە،يولۋاستەك بىر يىل
ياشا» دەپ قەھرىمانلارنىڭ جاسارىتىنى تەسۋىرلەيدۇ .

يىگىرمە بەشىنچى بابتا، دۈشمەن بىلەن بولغان ئۇرۇش-
تا ساق قالغان باتۇق نازاكەت خانىمنىڭ، سەبداشلىرىنىڭ
قان قەرزىگە بوغۇلغان ھاپىز جوجاڭنى ئۇنىڭ ئۆيىدە يو-
شۇرۇنۇپ تۇرۇپ ئۆلتۈرىدۇ ھەم ساناقلىقلا قالغان يىگىت-
لەرنى باشلاپ، ئىنقىلابنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن
توغراقلىق ئىچىگە ئات سالىدۇ.

2. رومانىدىكى باب بېشىدا، ماقال ـ تەمسىل بېرىلىپ
شۇ بابتىن قىسقىچە ئۇچۇر بەرگەن بولسا، تېكىست ئىچى-
دىمۇ دائىم ماقال ـ تەمسىللەر ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ ئەسەر
تىلىنى تېخىمۇ جانلىق، ئوبرازلىق ھەم ئىخچاملىقتا ئىگە
قىلغان. مەسىلەن، قۇتلۇق ئەپەندىلەر دەسلەپتە يەتتە كى-
شىلىك تەشكىلات قۇرۇپ، كۆڭۈللىرىگە بۈيۈك ئارزۇ ـ
ئارمانلارنى پۈكۈشۈپ، روھلىنىپ، ئۈمىدلىنىپ كېتىدۇ.
رومانىنىڭ 71 ـ بېتىدە «ئادەمنى ئارزۇ ئۇچۇرىدۇ، قۇشنى
قانات» دېگەندەك يېڭى ئارزۇ ئىستەكلەر يەتتە سەبداشنى
قاناتلاندۇرغانىدى....دەپ يازغان.

روماندا يۇقىرىقىدەك مىساللارنى ناھايىتى كۆپ كۆر-
سەتكىلى بولىدۇ.

3. تىلنىڭ سىنىپىيلىقى بولمىغاندەك، تىلنىڭ بىر
تەركىبىي قىسمى بولغان ماقال ـ تەمسىللەرمۇ سىنىپىي-
لىققا ئىگە بولمايدۇ. ئۆز مۇددىئاسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن
ماقال ـ تەمسىلەرنى ئۆز نۇقتىدا ئىشلەتسە بولىدۇ. «ئەز-
گۈچى سىنىپلار ماۋۇ ماقال ـ تەمسىللەرنى، ئېزىلگۈچى-
لەر ماۋۇ ماقال ـ تەمسىللەرنى ئىشلەتسۇن، بىرسى بىر-
سىنىڭكىنى ئىشلەتسە بولمايدۇ» دەيدىغان گەپ يوق. مە-
سىلەن، ھاپىز جوجاڭنىڭ ئىشپىيونى ھەم ھاپىز جوجاڭغا
قىز، چوكانلارنى تونۇشتۇرۇپ دەللاللىق قىلىپ جان باقى-
دىغان خەنسا دۇقى، ھاپىز جوجاڭنىڭ كۆزى چۈشكەن گۈ-
زەل چوكان نازاكەت خېنىمنى ئىندەككە كەلتۈرۈشكە كاپا-
لەت بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «قاسساپنىڭ ئۈستىنى توخۇنىڭ
ئۆپكىسىنى ئالار» دېگەن گەپنى ئاڭلىغان بولغىيتىڭ.

باتۇق ئۆز تەشكىلى تاپشۇرغان بىر ۋەزىپە بىلەن شە-
ھەرگە كىرىپ، تاسادىپىي بىر پۇرسەتتە نازاكەت خېنىم
بىلەن تونۇشۇپ قالىدۇ، ھەم تەقدىرنىڭ بۇ ئۇچراشتۇرۇ-
شىدىن مۇنداق دەيدۇ «باغقا كىرگەن ئالما كۆرەر، چۆلدە
قالغان سالما» دېگەندەك شەھەرگە كىرىپلا جانانىنى كۆر-
دۈم.

ھاپىز جوجاڭ نازاكەت خېنىمنىڭ ئېرىنى تۈرمىدە
قىيناپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ، نازاكەت خېنىمغا ئەرلىرى يوشۇ-
رۇن يۇرەك كېسىلى بىلەن ئۆلدى ـ دەيدۇ ھەم قايغۇرۇپ
يىغلاۋاتقان نازاكەت خېنىمغا تەسەللىي بەرگەن بولۇپ
«ئىشىكتىن مۇردا چىقسا، تۈڭلۈكتىن سەۋرى كىرىدۇ»
دېگەن گەپ بار دەيدۇ.

دېمەك، ماقال ـ تەمسىللەر بىر مىللەت تىلىنىڭ جەۋ-
ھىرى،مىللەتنىڭ ئۇزۇن يىللىق تارىخىي كەچۈرمىشىنىڭ
جۇغلانمىسى. ماقال ـ تەمسىللەر ئەسەر تىلىنىڭ، نۇتۇق-
نىڭ ئىپادىلەش ئۇنۇمىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. ئابستراكت
چۈشەنچىلەرنى كونكېرىتلاشتۇرۇپ كىشىگە بىلىم بەخش
ئېتىدۇ. سۆز، جۈملىلەرگە كۈچ ـ قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ
يۇقىرىدا مىسال ئالغاندەك، ماقال ـ تەمسىللەر ئەسەردە،
نۇتۇقتا جايىدا، ئورۇنلۇق، مەقسەتلىك ئىشلىتىلسە ئۇنۇمى
زور بولىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مىللىي پۇرۇقى تېخىمۇ
كۈچلۈك بولىدۇ. ماقال ـ تەمسىللەر ئوي ـ پىكىرنى
ئىخچام ، ئوبرازلىق قايىل قىلارلىق ھالدا ئىپادىلەپ بې-
رىدۇ. شۇڭلاشقا كونىلار «ئەرنىڭ كۆركى ساقال، سۆزنىڭ
كۆركى ماقال» دەپ ئېيتقان.

---


## پايدىلانمىلار:

1. ئەخەت تۇردى: «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» رومان، شىنجاڭ ياش ـ
ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2009 ـ يىل 10 ـ ئاي

2. غوجا ئابدۇللا ئىبراھىمى، ئەمەت نىياز: «ئۇيغۇر تىلى ئىس-
تىلىستىكىسى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1987 ـ يىل 11 ـ ئاي
نەشرى

3. ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانى: «ئۇيغۇر تىلىدىكى ماقال ـ
تەمسىللەر ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەر توغرىسىدا»، «تىل ۋە تەرجىمە»
ژۇرنىلى، 1994 ـ يىل، 4 ـ سان

4. ئابدۇرۇسۇل قادىرى: «ئۇيغۇر ماقال ـ تەمسىللىرىدىكى پەل-
سەپەۋى پىكىرلەر»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1995 ـ يىل، 2 ـ
سان


تەھرىرلىگۈچى : مەرۇپجان مەتىمىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



# پەننى ئومۇملاشتۇرۇش مۇھەررىرلىرى كۆپ قىرلىق ساپا ھازىرلىشى لازىم

گۈلناز مۇھەممەت

( شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى 830000 )

**قىسقىچە مەزمۇنى:** پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ژۇرناللىرى ئەڭ يېڭى ئىلىم ـ پەن ئۇچۇرلىرى ۋە پەن ـ تېخنىكا يېڭىلىقلىرىنى تونۇشتۇرىدىغان ۋە تارقىتىدىغان مۇھىم ۋاستىلەرنىڭ بىرىدۇر. پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ژۇرناللىرىنى سۈپەتلىك ۋە ياخشى چىقىرىش ئۈچۈن مۇھەررىرلەر ھەر تەرەپلىمە ئىزدىنىپ، بىلىم قۇرۇلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى لازىم. مەزكۇر ماقالىدە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش مۇھەررىرلىرىنىڭ «كۆپ قىرلىق» ساپا ھازىرلىشى ئۈستىدە قىسقىچە تەھلىل ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**摘要：** 本文讲述了科普期刊是普及科学、科技创新的重要手段，因此提高编辑人员的文化知识水平、增强他们的综合能力很有必要。

پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ژۇرناللىرى پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىدىغان مۇھىم ۋاستىلەرنىڭ بىرى. «ئىلمىي روھنى ئەۋج ئالدۇرۇش، ئىلمىي ئىدىيە تارقىتىش، ئىلمىي ئۇسۇلنى تەشەببۇس قىلىش، پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش» پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ژۇرناللىرىنىڭ بۇرچىدۇر.

1. پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ژۇرنال مۇھەررىرلىرىدە «ئۆمۈرۋايەت ئۆگىنىش» روھى، «دانىشمەن» مۇھەررىرلەردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىش ئېڭى بولۇشى لازىم. ئىنسانلار بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن بۇيان، بىلىمنىڭ كونىراش دەۋرى بارغانسېرى قىسقىراشقا باشلىدى. پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ يېڭى ئىلىم، يېڭى ئۇقۇم، يېڭى نەزەرىيە قاتلاملىرى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۈزۈكسىز رەۋىشتە مەيدانغا چىقىپ، بىلىمنىڭ يېڭىلىنىش سۈرئىتىنى بارغانسېرى تېزلەتمەكتە. ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىمۇ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ژۇرنال مۇھەررىرلىرىدىن ئىلىمنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇشنى، ئوقۇرمەنلەرنىڭ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ژۇرناللىرىدىكى ماقالە ـ ئەسەرلەر ئارقىلىق ئەڭ يېڭى ئىلىم ـ پەن ئۇچۇرلىرىنى، ئەڭ يېڭى پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى بىلىشنى، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ باشتىن ـ ئاخىر ئىلىمنىڭ ئالدىنقى سېپىدىكى ئورنىنى چىڭ ساقلىشىنى تەلەپ قىلماقتا. ئۇنىڭدىن سىرت، يەنە خەلقئارالاشقان بازار رىقابىتى مۇھەررىرلەردىن پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا، خەلقئارالىشىشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىشنى، ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈپ، ھەر ۋاقىت ئۆزىنىڭ بىلىم جۇغلانمىسىنى يېڭىلاپ تۇرۇشنى، داۋاملىق تۈردە يېڭى بىلىم، يېڭى تېخنىكىلارنى ئىگىلەپ، يېڭى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشنى تەلەپ قىلماقتا. مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۈگۈنكى بىلىم ـ ئىقتىساد دەۋرى، توختىماي ئۆگىنىش دەۋرىدۇر. ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىش كىشىلەرنىڭ ئاساسىي ئېھتىياجىغا ئايلانغان بولۇپ، مۇھەررىرلىكمۇ ئۆمۈرلۈك ئۆگىنىشكە مۇھتاج بولغان كەسىپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا مۇھەررىرلەر ئۆزىنىڭ كەسپىي بىلىمى ۋە مۇھەررىرلىك ئەمەلىي ئىقتىدارى بىلىملىرىنى توختىماي ئاشۇرۇپلا قالماستىن، ھەممىدىن مۇھىمى «قېرىغىچە ياشاش، قېرىغىچە ئۆگىنىش» ئېڭى ۋە ئىرادىسىنى تىكلەپ، خىزمەت جەريانىدا ۋە ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا ئۆزلۈكسىز ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتۇشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن كونا بىلىملىرى جەمئىيەت تەرىپىدىن شاللىنىپ قالغاندا دەرھال ئۆگەنگەن يېڭى بىلىملىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كەم جايلىرىنى تولۇقلىغىلى، ئەلالاشقان بىلىم قۇرۇلمىسىنى ساقلاپ قالغىلى ۋە شۇ ئارقىلىق كەسكىن رىقابەتتە ئەۋزەل ئورنىنى باشتىن ـ ئاخىر ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. دېمەك، «كۆپ قىرلىق»، «دانىشمەن» مۇھەررىر بولۇپ يېتىشىپ چىقىش ئېڭى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ نادىر ئەسەر ۋە نادىر ژۇرناللارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىنىڭ ئاساسىدۇر.

2. پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ژۇرنال مەھەررىرلىرىدە

ئاخبارات ـ نەشرىيات

«سۈپەت بىرىنچى» دەيدىغان ئاڭ بولۇشى لازىم. ژۇرناللارنىڭ ئوقۇرمەنلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا، ھەرقانداق ژۇرنال ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن تەسىس قىلىنىدۇ، ئوقۇرمەنلەر ئۇلارنىڭ مۇلازىمەت ئوبيېكتى، شۇنداقلا يەنە ئۇلارنىڭ ئىستېمالچىسى. ئوقۇرمەنلىرى بولغاندىلا ئاندىن ئۇلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. ئەگەر نۇرغۇن ئوقۇرمەنلىرى بولسا تېخىمۇ چوڭ ھاياتىي كۈچى، شۇنداقلا يېتەرلىك مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلىش ئاساسى بولىدۇ. ژۇرناللارنىڭ ئوقۇرمەنلىرىنىڭ قانچىلىك كۆپ بولۇشىنى ئۇلارنىڭ قۇرغۇچىلىرىنىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇسى ياكى باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ پىلانلىشى ۋە كۆرسەتمىسى بەلگىلىمەيدۇ، بەلكى شۇ ژۇرنالنىڭ ئۆز ئوقۇرمەنلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرغان - قاندۇرمىغانلىقى، قانچىلىك دەرىجىدە قاندۇرغانلىقى، يەنى تۈپ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ سۈپىتى بەلگىلەيدۇ. كىشىلەرنىڭ مەنىۋى مەھسۇلاتلارغا بولغان ئېھتىياجى تۆۋەن دەرىجىدىن يۇقىرى دەرىجىگە قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ بىلىم سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى، ئۇچۇر زاپىسىنىڭ كۆپىيىشى ۋە مەنىۋى مەھسۇلاتلارغا بولغان ئېھتىياج قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەللىككە قاراپ يۈزلىنىشىگە ئەگىشىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ژۇرناللارنىڭ سۈپىتىگە بولغان تەلىپىمۇ يۇقىرىلىماقتا. مەلۇم بىر ژۇرنالنىڭ مەلۇم بىر مەزگىلدىكى ئەلا سۈپىتى شۇ ۋاقىتتىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىدۇ. ئەمما بۇ خىل ئەھۋال مەڭگۈلۈك ئەمەس. ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئوقۇش سەۋىيەسى ئۆسكەنسېرى، ئۇلارنىڭ ھوزۇرلىنىش قاتلىمىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. بۇنىڭغا ماس ھالدا ژۇرناللارنىڭ سۈپىتىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلمىسە، ئوقۇرمەنلەر ئۆز ئېھتىياجىنىڭ يېڭى ھەم يېتەرلىك قاندۇرۇلۇشقا ئېرىشەلمىگەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ - دە، شۇ ژۇرنالغا بولغان قىزىقىشى سۇسلاپ، نەزەرىنى باشقا بىر ژۇرنالغا ياكى باشقا بىر ۋاسىتىگە يۆتكەيدۇ. شۇڭا پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ۋە يېڭىلىقلىرىنى تارقىتىپ، كىشىلەرنىڭ بىلىم ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ژۇرناللىرىنى ھەر تەرەپتىن ئەلا سۈپەتلىك قىلىپ چىقىرىش ئۈچۈن مۇھەررىرلەردە «سۈپەت بىرىنچى» دەيدىغان ئاڭ بولۇشى لازىم.

3. پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ژۇرنال مۇھەررىرلىرىدە ئۇچۇر ئېڭى بولۇشى لازىم. بىلىم ئىگىلىكى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى ئۇچۇر دەۋرىدە خىزمەت، تۇرمۇش قاتارلىق ھەممە ساھەلەر ئۇچۇردىن ئايرىلالماس بولۇپ قالدى. تۈرلۈك پەن - تېخنىكا ئۇچۇرلىرىنى تارقىتىشنى ئاساس قىلغان پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ژۇرناللىرىمۇ شۇنداق. ئەلۋەتتە، مۇھەررىرلەرنىڭ ئۇچۇر ئېڭى مۇھەررىرلەرنىڭ ئۇچۇرلارنى قوبۇل قىلىش، رەتلەش، پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە تارقىتىش پائالىيىتىگە بولغان تونۇشى ۋە ئىنكاسىنى كۆرسىتىدۇ. مۇھەررىرلەرنىڭ ئۇچۇر ئېڭى تېما تاللاش، ماقالە - ئەسەرلەرنى كۆرۈش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق خىزمەت ھالقىلىرىغا سىڭگەن بولۇپ، بۈگۈنكى ژۇرنال تەھرىرلىكى خىزمىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۈگۈنكى ئۇچۇر دەۋرىدە مۇھەررىرلەر ئۇچۇرنىڭ مۇھىملىقىنى چوڭقۇر تونۇشى، «ئۇچۇر بولمىسا، تېما تاللاش ئىمكانىيىتى بولمايدۇ» دەيدىغان كۆزقاراش تىكلىشى، ھەر ۋاقىت ئۇچۇر توپلاشقا دىققەت قىلىدىغان كەسپىي ئادەتنى شەكىللەندۇرۇشى، سۈپەتلىك، رەڭدار ئۇچۇرلارنى ئىزدەپ توپلاپ، سىستېمىلىق، ئومۇمىيۈزلۈك ۋە ئىلمىيلىك بىلەن ئۇلارنى تۈرگە ئايرىپ ۋە تەھلىل قىلىپ، مول ئۇچۇرلار ئارىسىدىن ئىجتىمائىي قىممىتى يۇقىرى بولغان ئۇچۇرلارنى قېزىپ چىقىپ، ئۇنى ئۆز ۋاقتىدا تېما تاللاشنىڭ ياخشى ماتېرىيالى قىلىشى كېرەك. شۇنىمۇ تەكىتلەپ قويۇش كېرەككى، مۇھەررىرلەر ئۇچۇرلارنىڭ ھەقىقىيلىقى ۋە ئىشەنچلىكلىكىگە دىققەت قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئۇچۇرنىڭ ۋاقىتچانلىقىغىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىشى، ئۇچۇرنىڭ كونىلىقى سەۋەبىدىن تېما تاللاشنىڭ تەكرار بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىشى كېرەك.

4. پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ژۇرنال مۇھەررىرلىرىدە يېڭىلىق يارىتىش ئېڭى بولۇشى لازىم. مۇھەررىرلەرنىڭ ماقالە - ئەسەرلەرنى باھالاش، ھۆكۈم قىلىش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش جەريانى ئەمەلىيەتتە بولسا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى ئىجادچانلىق بىلەن قوللىنىش ۋە ئىشلىتىش جەريانىدۇر. دېمەك، مۇھەررىرنىڭ تەھرىرلىك كەسپىي ئىقتىدارىغا ئەمەلىيەتتە مول ئىجادچانلىق يوشۇرۇنغان بولۇپ، بۇ دەل يېڭىلىق يارىتىش ئېڭىنىڭ ماقالە - ئەسەرلەرنى باھالاپ بېكىتىش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش جەريانىدا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشى ۋە ئىپادىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ماقالە - ئەسەرلەرنى باھالاپ بېكىتىش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش جەريانىدا مۇھەررىرلەرنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئېڭى تۆۋەندىكى تۆت تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچى، ماقالە - ئەسەرلەر مەزمۇنىدىكى ئىجادىيلىقنىڭ مىقدارىغا ھۆكۈم قىلىش، يەنى ئاپتورنىڭ مەلۇم مەسىلىگە بولغان تەتقىقاتىدا ئالاھىدە نەتىجە، ئالدىنلىق ۋە يېڭىلىق بار - يوقلۇقىغا ھۆكۈم قىلىش؛ ئىككىنچى، ماقالە - ئەسەرلەردىكى تەتقىقات ئۇسۇلىنىڭ ئىجادىيلىقىغا ھۆكۈم قىلىش، يەنى ئاپتور قوللانغان تەتقىقات ئۇسۇلىنىڭ بىلىش قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن ياكى ئەمەسلىكى، شۇنداقلا ئۇنىڭدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىلمىيلىك ۋە ئىلغارلىقىنىڭ بار ـ يوقلۇقىغا ھۆكۈم قىلىش؛ ئۈچىنچى، ماقالە ـ ئەسەرلەرنىڭ قېلىپ مەسىلىسىگە ھۆكۈم قىلىش، يەنى ئاپتورنىڭ ئەسىرىدىكى ئىلمىي، ئىجادىي مەزمۇن، ئۇقۇم، ئۇسۇل قاتارلىقلارنى ئىلمىي ھالدا ئېنىق بايان قىلغان ـ قىلمىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىش؛ تۆتىنچى، ئاپتورنىڭ نۇقتىئىنەزەرى، ئۇسۇلى، يېزىقچىلىق ئۇسلۇبىنى ھۆرمەت قىلغان ۋە قوغدىغان ئاساستا ئەسەرنى ئىجادچانلىق بىلەن ئۆزگەرتىش، مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە توغرىلاش، ئاپتورنىڭ ئىلمىي ئىدىيەسى ۋە ئىلمىي ئىستىلىنى ئۆز لايىقىدا نامايان قىلىش لازىم.

5. تەھرىرلىك كەسپىي ئىقتىدارى جەھەتتە تەربىيەلەش. تەھرىرلىك خىزمىتىنى ماقالە تاللاش، ماقالە ئۇيۇشتۇرۇش، ماقالە تەكشۈرۈش، پىششىقلاش، رەتلەش ۋە مۇقاۋا لايىھەلەش قاتارلىق بىرنەچچە ئىش تۈرىدىن تەركىب تاپقان، بىر ـ بىرىگە باغلىنىدىغان بىر پۈتۈن مۇرەككەپ جەريان، شۇنداقلا بۇ ئىش تۈرلىرى نىسپىي مۇستەقىللىققا ئىگە. تەجرىبىلىك مۇھەررىرلەر تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى چىقىش قىلىپ، كېيىنكى ئىش تەرتىپكە مەلۇم شارائىت يارىتىدۇ. ماقالە تاللىغاندا يالغۇز ماقالىنىڭ تېمىسى بىلەن چەكلىنىپ قالماي، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەھۋالى، مەزمۇنى ۋە قۇرۇلمىسى، نەشر قىلىش پەيتى قاتارلىقلارنى تېخىمۇ نەزەرگە ئېلىش كېرەك. مۇھەررىرلەر ماقالە تەھرىرلىگەندە ماقالىنىڭ مەزمۇنى، ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىن تارتىپ مەنتىقىلىقى قاتارلىقلارغىچە ئومۇملاشتۇرۇپ ئەتراپلىق ئويلىشىدۇ. ماقالە ئىشلىتىشنى قارار قىلغان چاغدا ماقالىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن ھېسابلىشىپلا قالماستىن، يەنە ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان شۇ تۈردىكى ماقالىلەرگە سېلىشتۇرىدۇ. تەھرىر ماقالە ئېلان قىلىشتىن ئىلگىرى شۇ ماقالىنىڭ كېيىنكى ئۈنۈمىنى ئالدىنئالا مۆلچەرلىيەلمىسە، بۇنداق مۇھەررىر ئالدىن كۆرەرلىكى كەمچىل، مەقسىتى ئېنىق بولمىغان مۇھەررىر ھېسابلىنىدۇ. تەھرىرلىك خىزمىتىدە بۇنىڭغا يول قويۇلمايدۇ. ژۇرنال تەھرىرلىرىنىڭ ئەقلىي قابىلىيەت قۇرۇلمىسىغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر ئادەتتىكى مۇھەررىرلەرنىڭ ئەقلىي قابىلىيەت قۇرۇلمىسىغا قويۇلىدىغان تەلەپ بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن يۇقىرىقى نۇقتىلارنى تەكىتلەپ قويۇش تولىمۇ زۆرۈر.

تەھرىرلىگۈچى: ھەزرىتى ئەلى بارات

## ئاپتورلار سەمىگە

كەڭ ئاپتورلار ۋە ئوقۇرمەنلەر بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىش، ژۇرنىلىمىزنى تېخىمۇ سۈپەتلىك چىقىرىشتا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئاپتورلار ۋە ئوقۇرمەنلەرگە تۆۋەندىكى مەزمۇنلاردا سەمىمىي ئەسكەرتىشنى مۇۋاپىق كۆردۇق. خەۋەردار بولۇشۇڭلارنى سورايمىز.

1. ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەن ئاپتورلار ماقالىسىنى چوقۇم ئەلكاتىپ خەت نۇسخىسىدا ئۇرۇپ، ئېلېكتىرونلۇق نۇسخىسى بىلەن قوشۇپ ئەۋەتىشى، ماقالىنىڭ قۇر ئارىلىقى كەڭ بولۇشى؛ ماقالىنىڭ لوگىكىلىق قاتلاملىرى ئېنىق، مەزمۇنى ساغلام، سۆز ـ جۈملىلىرى راۋان، ئىملاسى توغرا بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك؛ قەغەزنىڭ ئالدى ـ كەينىگە يېزىلغان، قۇر ئارىلىقى زىچ، قولدا يېزىلغان ماقالىلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ.

2. ۋاقتىدا ئالاقىلىشىشقا قولايلىق بولۇش ئۈچۈن ئاپتورلار ئەۋەتكەن ماقالىسىگە خىزمەت ئورنى، تۇرۇشلۇق ئادرېسى، ئىسىم ـ فامىلىسىنىڭ ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچىسىنى كىملىك گۇۋاھنامىسى بويىچە توغرا يېزىشى، پوچتا نومۇرى، تېلېفون نومۇرىنى ئەسكەرتىشى كېرەك.

3. ئەۋەتىلگەن ماقالىلەر ئىشلىتىلمىسە بىردەك قايتۇرۇلمايدۇ؛ ئاپتورلار ماقالىسىنىڭ ئىشلىتىلگەن ـ ئىشلىتىلمىگەنلىكىنى ئالتە ئايغىچە ژۇرنال يۈزىدىن كۆرۈۋالسا بولىدۇ. تېلېفون قىلىپ سۈرۈشتە قىلىش ھاجەتسىز. ئاپتورلار ماقالىسىنىڭ بىر نۇسخىسىنى ئۆزلىرى ساقلاپ قويۇشى كېرەك.

4. پايدىلانغان ماتېرىياللارنىڭ كېلىش مەنبەسى تولۇق ئەسكەرتىلىشى؛ ماقالىنىڭ بېشىغا «قىسقىچە مەزمۇنى»، «ئاچقۇچلۇق سۆزلەر» يېزىلىشى، ماقالىنىڭ تېمىسى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىشى، ماقالە كومپيۇتېردا رەتلىنىپ، قۇر تاشلاپ ئۇرۇلۇپ A4 قەغەزگە بېسىپ چىقىرىلغان بولۇشى كېرەك.

5. ماقالىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى، تېمىسى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە يېزىلمىغان ماقالىلەر، ئىملاسى خاتا، جۈملىلىرى چۇۋالچاق، باغلاشمىغان ماقالىلەر ئېلان قىلىنمايدۇ.

6. ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ۋە ئۇلاپ ئېلان قىلىنىۋاتقان ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بىزدە، ھەرقانداق ئورۇن ياكى شەخسنىڭ رۇخسىتىمىزنى ئالماي تۇرۇپ، ئۆز مەيلىچە ئىشلىتىشىگە يول قويۇلمايدۇ. خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتە قىلىنىدۇ.

7. ژۇرنىلىمىزنىڭ پوچتا ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئالتۇن ـ كۈمۈش يولى ئاخباراتچىلار سارىيى 9 ـ قەۋەت «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

ئېلخەت ئادرېسى: munberim@sina . com
تېلېفون نومۇرى: 0991-7879735 7879744
پوچتا نومۇرى: 830001
مۇشتەرى قوبۇل قىلىش نومۇرى: 58-137

ھۆرمەت بىلەن: «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

# ژۇرنال مۇھەررىرلىرى ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك بىرقانچە نۇقتا

گۈلنار توختى

( ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپى «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش» ژۇرنىلى تەھرىراتى 830001 )

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ تىرىشىپ ئىزدىنىپ، تەھرىرلىكتە يېڭىلىق يارىتىپ، بىلىم قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپ، تەھرىرلىك سۈپىتىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈش بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ پسىخىك ساپاسىنى ياخشىلاپ ، ئوقۇرمەنلەرگە يۇقىرى سۈپەتلىك ژۇرنال تەقدىم قىلىش يولىدا ھارماي - تالماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەكلىكى كۆرسىتىپ ئۆتۈلىدۇ.

**摘要:** 本文论述了期刊编辑要努力学习、要创新编辑工作、完善知识结构、进一步提高水平、培育良好的心理素质、为读者提供高水平的刊物等问题。

قەرەللىك ژۇرنال مۇھەررىرلىرى ئۆزىدە ئوقۇرمەنلەر ئالدىدا يۈكسەك دەرىجىدە مەسئۇل بولۇش ئېڭىنى تۇرغۇزۇشى لازىم. چۈنكى بىر ژۇرنال مۇھەررىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا ئوقۇرمەنلەر ئالدىدا مەسئۇل بولۇش ژۇرنالنىڭ ئىناۋىتىگە، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا مەسئۇل بولغانلىق بولىدۇ. نۆۋەتتە قەرەللىك ژۇرنال خىزمىتىدە رىقابەت كەسكىن بولۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا قەرەللىك ژۇرنالنى ھەر جەھەتتىن يۇقىرى سۈپەتلىك چىقىرىشقا كاپالەتلىك قىلىپ، ئۇنى ماقالىلىرى ياخشى، سۈپىتى يۇقىرى ھالەتتە ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلىش رىقابىتى ئۇتۇپ چىقىشتىكى مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ. ئۇنداقتا قەرەللىك ژۇرنال مۇھەررىرلىرى ژۇرنالنى ئوقۇرمەنلەر سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ياخشى ژۇرنالغا ئايلاندۇرۇشتا قايسى جەھەتلەردىن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك؟

1. قەرەللىك ژۇرنال مۇھەررىرلىرى ھەرقايسى باسقۇچلارنى چىڭ تۇتۇپ، ماقالە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. ئۇچۇر، ئىنتېرنېت تېخنىكىسىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى تېزلىشىپ، بىلىمنىڭ يېڭىلىنىش دەۋرىيلىكى قىسقىراپ، يېڭى شەيئىلەر مەيدانغا چىقىپ، يېڭى ئۇقۇملار ئۈزلۈكسىز پەيدا بولماقتا. بۇ خىل شارائىتتا تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى مۇھەررىرنىڭ پۈتۈن ئەقىل - ئىدراكىنى، ئاكتىپچانلىقىنى ۋە ئىجادىيلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مەزمۇنى يېڭى، سۈپەتلىك تېمىلارنى تاللىتىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ماقالە تاللىغاندا ياخشىسىنى تاللاپ ئادەتتىكىسىنى شاللاش؛ مېغىزىنى قوبۇل قىلىپ شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاش ئارقىلىق ماقالىنىڭ يېڭى، ئۆزگىچە، ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلالايدىغان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ژۇرنال مۇھەررىرلىرى شۇ سان ژۇرنالغا بەرمەكچى بولغان ماقالىلەرنى تاللىغاندا ژۇرنالنىڭ خاراكتېرى ۋە بىلىم قۇرۇلمىسىغا باب كېلىدىغان، شۇنىڭدەك ئوقۇرمەنلەرنى جەلپ قىلىدىغان ھەمدە ئۇلارغا ئېستېتىك زوق بېرىدىغان ياخشى ئەسەرلەرنى تاللىشى كېرەك. مەزمۇنى چۇۋالچاق، پۇچەك، سۆز - ئىبارىلىرى جايىدا ئىشلىتىلمىگەن ماقالىلەرنى تاللىماي قالدۇرۇپ قويغان ياخشى. ماقالە ياخشى تاللانمىسا شۇ سان ژۇرنالنىڭ ئوقۇشچانلىقى ۋە جەلپكارلىقى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. شۇڭا ماقالىنى ياخشى تاللاش - تاللىيالماسلىق ژۇرنال سۈپىتىنى ياخشىلاپ ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ھېسابلىنىدۇ.

2. قەرەللىك ژۇرنال مۇھەررىرلىرى تەھرىرلىكتە يېڭىلىق يارىتىپ، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتىشى لازىم. مەدەنىيەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى قەدىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، نەشر بۇيۇملىرى بازار رىقابىتى كۈنسېرى كەسكىنلەشمەكتە. ناۋادا ژۇرنال خاسلىقىنى، خاراكتېرىنى يوقاتسا، ئالاھىدىلىكى بولمىسا، ھەتتا ئوقۇرمەنلەرگە باشقا ژۇرنالدىن پەرقلىنىدىغان، ئۈستۈن تۇرىدىغان تەرىپىنى ھېس قىلدۇرالمىسا، ئوقۇرمەنلەردىن ئايرىلىپ قېلىپ ژۇرنالنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا زور تەھدىت ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتالمىغان ژۇرنالنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئۆزىمۇ بىر مەسىلە بولۇپ، تەرەققىياتتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. ژۇرنال-

نىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبىنى يارىتىشتا ئالدى بىلەن مۇھەررىرلەردە ئىجادچان روھ بولمىسا بولمايدۇ. شۇڭا نۆۋەتتىكى ۋە كەلگۈسىدىكى بازار رىقابىتىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ژۇرنالنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بېكىتىپ، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتىش لازىم. تەھرىرلىكتە يېڭىلىق يارىتىش تەھرىرلىك خىزمىتىدە توختاۋسىز ئىزدىنىدىغان ئىجادچان خاراكتېر بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن مەردانىلىك بىلەن ئۆزىنى ئىنكار قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، ئومۇملاشقان خىزمەت پىكرى ۋە خىزمەت ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆز ژۇرنىلىغا خاس يېڭى ئۇسلۇب يارىتىش لازىم. بۇنىڭدىن باشقا، كونا ئۇسلۇبنى بۇزۇپ تاشلاشتا جۈرئەتلىك بولۇپ، ئەسلىدىكى ئەندىزىگە قارىغۇلارچە ئىشەنمەي، باشقىلار بىمەنە، غەلىتە، كۈلكىلىك دەپ ئويلايدىغان ئۇسۇلنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش لازىم. تەھرىرلىكتە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتىش جەمئىيەت ۋە دەۋرنىڭ ئېھتىياجى بولۇپلا قالماي، نەشرىياتچىلىق ساھەسىدىكى ئۆزىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاش ۋە ئالغا باستۇرۇشنىڭ تەلىپى.

3. قەرەللىك ژۇرنال مۇھەررىرلىرى ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ، بىلىم قۇرۇلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى لازىم. بۇ ئۇچۇرلاشقان دەۋردە ئۆگىنىشنى توختىتىپ قويۇش مۇھەررىرنىڭ ئۆزىگە ۋە پۈتكۈل ژۇرنال نەشرىياتچىلىقىغا زور زىيان ئېلىپ كېلىدۇ. بىلىمنىڭ كونىرىشى، ئۇچۇرنىڭ بىرخىللىشىشى مۇھەررىرنىڭ پەرقلەندۈرۈش، ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغا توسقۇنلۇق قىلىپ، مۇھەررىرلەرنى پەم ـ پاراستى، ھۇشيارلىقى، ئەقىل ـ ئىدراكىدىن مەھرۇم قىلىپ، ياخشى تېما پىلانلىيالمايدىغان، ياخشى ئەسەرلەرنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويىدىغان، ياخشى ئاپتورلارنىمۇ تارتقۇزۇپ قويىدىغان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. بىرقىسىم قوش ئۈنۈملۈك، ياخشى، ئېسىل ماقالىلار بولسا ئەقىل ـ ئىدراكلىق، دۇنياۋى نەزەر دائىرىسى كەڭ، ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن، ھەمىشە مۇلاھىزە قىلىدىغان، تىرىشچان مۇھەررىرلەرگە مەنسۇپتۇر. شۇڭا قەرەللىك ژۇرنال مۇھەررىرلىرى دەۋر تەرەققىياتىغا يېقىندىن ماسلىشىپ، بىلىمىنى ۋاقتىدا يېڭىلاپ، يېڭى ئۇچۇر، يېڭى كۆزقاراش، يېڭى تېخنىكا، يېڭى نەتىجىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا چۈشىنىپ، يېڭىچە پىكىر، نۇقتىئىنەزەرلەر ئارقىلىق نۆۋەتتىكى يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلىشىشى، ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ، بىلىم سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشى لازىم. قەرەللىك ژۇرنال مۇھەررىرلىرى مۇئەييەن كەسپىي بىلىمگە ئىگە بولۇپلا قالماي، يەنە باشقا ساھەلەردىكى بىلىمگىمۇ ئىگە بولۇشى كېرەك. ھالبۇكى، بۇ ئۇنىۋېرسال بىلىملەر بىر كۈندىلا توپلانمايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپلەپ زېھىن ۋە كۈچ چىقىرىپ، داۋاملىق ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىش كېرەك.

4. قەرەللىك ژۇرنال مۇھەررىرلىرى ئۆزىگە ئەھمىيەت بېرىپ، پىسخىك ساپاسىنى ياخشىلىشى لازىم. قەرەللىك ژۇرنال مۇھەررىرلىرى نۆۋەتتىكى رىتىمى تېز، رىقابەتكە تولغان ئىجتىمائىي مۇھىتقا ماسلىشىش ئۈچۈن ئۆزىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆزىنى تەكشۈرۈشنىمۇ ئۆگىنىۋېلىشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن بىرىنچىدىن، بېسىمغا توغرا قاراشنى ئۆگىنىۋېلىش، يەنى ھەرقايسى تەرەپلەردىن كەلگەن بېسىمغا نىسبەتەن كەيپىياتنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈپ، مەسىلىلەرنى ئىجابىي نۇقتىدىن ئانالىز قىلىش، مەسىلىلەرگە يۈزلىنىشكە جۈرئەت قىلالايدىغان، ئۆزىنى قاچۇرمايدىغان، كەڭ قورساق، ئۈمىدۋار كەيپىياتنى ساقلىيالايدىغان، باشتىن ـ ئاخىر كەسپىنى سۆيۈش، خىزمەتتە قىزغىن، مۇقىم بولۇش روھىنى يېتىلدۈرۈشى لازىم. ئىككىنچىدىن، تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تولۇق تونۇپ يېتىپ، خۇشاللىق بىلەن ئۆزىنى بېغىشلاش، قىيىنچىلىقتا بەرداشلىق بېرىش، رېئاللىقنىڭ ئۆزىگە بولغان تەلىپىنى سوغۇققانلىق بىلەن قوبۇل قىلىش، ئۆزىنى ھەقىقىي تونۇش، قىممىتىنى بىلىپ ئاكتىپ پوزىتسىيەدە خىزمەتكە يۈزلىنىش، كەسپىنى قوبۇل قىلىش ئېڭى ۋە پىسخىك تەۋەلىك ئېڭىنى تۇرغۇزۇشى كېرەك. بۇ، مەغلۇبىيەت ئېڭىنى ئۈنۈملۈك يەڭگىللىتىدۇ. ئۈچىنچىدىن، كىشىلىك مۇناسىۋەتكە ئالاھىدە دىققەت قىلىشى، ئىدارە ئىچىدىكى خىزمەتداشلار بىلەنلا ئەمەس، ئاپتور، تەھرىر ھەيئەتلەر، تەرجىمان قاتارلىقلار بىلەنمۇ ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشى، ئاپتورلارغا ئادىل مۇئامىلە قىلىشى، ئۇلارنى چۈشىنىشى، ئۇلارنىڭ ئەمگىكىنى ھۆرمەتلىشى، ئاپتورلار بىلەن قارشىلىشىش كەيپىياتىدا بولۇشتىن ساقلىنىشى كېرەك. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، قەرەللىك ژۇرنال مۇھەررىرلىرى ئوقۇرمەنلەرگە يۇقىرى سۈپەتلىك بىر سان ژۇرنال تەقدىم قىلىش يولىدا ھارماي ئىزدىنىپ، تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك.

تەھرىرلىگۈچى: ھەزرىتى ئەلى بارات

# كىتاب تەھرىرلەشتە ئويلىغانلىرىم

مەرھابا ئابدۇنەيىم

( شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى 830049 )

**قىسقىچە مەزمۇنى:** تەھرىرلىك مۇرەككەپ، قىيىن، ئىلمىيلىكى كۈچلۈك خىزمەت بولۇپ، ئۇ مۇھەررىرلەردىن كۆپ قىرلىق بىلىم قۇرۇلمىسىغا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇھەررىرلەر ئۆزىدە كۆپ تەرەپلىمە ساپا ھازىرلىمىغاندا يارامىلىق مۇھەررىرلەردىن بولۇپ چىقالمايدۇ. بۇ ماقالىدا مۇھەررىرلەر خىزمەت ئەمەلىيىتىدە ئۆزىنى تەربىيەلەشتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر قانچە نۇقتا بايان قىلىنغان.

**摘要**:编辑工作是复杂、辛苦、具有挑战性工作，需要编辑人员具备多方面知识，编辑面临诸如知识储备陈旧、思想观念老化、工作行为方式落后等问题，如何把握时代和社会的动向、抓住各种机会、不断提升自己，是每一位编辑都应该思考的。

ھەممىگە مەلۇم، كىتاب ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى ساپلاشتۇرىدىغان بىلىم خەزىنىسىدۇر. كىتابقا ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدىكى ئىدىيە، مەدەنىيەت، پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرى مۇجەسسەملەنگەن. كىتاب مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تەشۋىش قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش، مەدەنىي تۇرمۇشىنى بېيىتىش، ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلەتنى جارى قىلدۇرۇش جەھەتتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ماركس كىتابنى: «تارىخىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ھەل قىلغۇچلۇق رول ئوينايدىغان مۇھىم كۈچ» دەپ تەرىپلىسە، گوركىي: «كىتاب — ئىنسانلارنىڭ ئىلگىرىلىشىدىكى شوتا» دەپ تەرىپلىگەن. كىتاب كىشىنىڭ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىش، ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش، ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈش، دۇنيا قارىشىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق جەھەتلەردە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. كىتاب ئىنسانلار تۇرمۇشىنى بېيىتىدۇ، ئۇ گويا خۇشپۇراق چېچىپ تۇرىدىغان گۈلزارلىققا ئوخشايدۇ. كىتابنىڭ رولى ماكان ـ زاماننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ، دەۋر ۋە رايون چەكلىمىسىدىن ھالقىپ ئۆتىدۇ.

نەشرىياتچىلىقنىڭ يىلدىن يىلغا تەرەققىي قىلىشى، كۆلەملىشىشى تەھرىرلىك قوشۇنىغا بولغان تەلەپنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى. شۇڭا بۈگۈنكى كۈندە تەھرىر بولغۇچى ھەرقانداق ئادەم ئۆز خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن جايىدا چىقىش ئۈچۈن ئۆزىنى تىنىمسىز مۇكەممەللەشتۈرمىسە بولمايدىغان بولۇپ قالدى. ئەلۋەتتە، بىزدە پەقەت ساۋاتلىق بولغانلىقى ئۈچۈنلا تەھرىرلىك قىلىپ كېلىۋاتقان، تەھرىر بۆلۈمىگە قانداق بولۇپ ئورۇنلىشىپ قالغانلىقىغا ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ئاتالمىش «تەھرىر»لەرمۇ يوق ئەمەس. ئۇلار بىر پارچە ئەسەرنى ئەپلەشتۈرۈپ تەھرىرلىيەلمەيدۇ ـ يۇ، «تەھرىر» دېگەن شەرەپلىك قالپاقنى كىيىپ، تەھرىر بۆلۈمىنىڭ نېنىنى يەپ يۈرۈۋېرىدۇ. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئېغىزىدا ئەتراپىدىكى باش چۆكۈرۈپ ئىشلەۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى «كاللىسى ئىشلىمەيدىغانلار». چۈنكى كاللىسى ئىشلىسە ماڭا ئوخشاش ئىشلىمەيمۇ كۈن ئۆتكۈزۈپ، مائاش ئېلىپ راھەتتە ياشمايتتىمۇ؟ دەپ ئويلايدۇ. تەگ ـ ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇنداق «تەھرىرلەرنىڭ بۇ شەرەپلىك ساھەنى بۇلغاپ يۈرۈشى نەشرىياتچىلىقتا قىلىنغان ھاقارەت، ئوقۇرمەنلەرنى دەپسەندە، ئىلىم يولىنى پايخان قىلغانلىقىدۇر. ئۇنداقتا ھەقىقىي لاياقەتلىك تەھرىر بولۇش ئۈچۈن قانداق ساپا ۋە سالاھىيەت ھازىرلاش كېرەك؟

نەشرىيات تەھرىرلىك، بېسىش ۋە تارقىتىشتىن ئىبارەت مۇھىم ئۈچ باسقۇچتىن تەركىب تاپىدۇ. شۇڭا كىتاب نەشرىياتچىلىقىمۇ يەنە كىتاب تەھرىرلىك ئىلمى، كىتاب مەتبەئەچىلىك ئىلمى ۋە كىتاب تارقىتىش ئىلمى دەپ ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشىدىكى پۈتكۈل جەريانىدا تەھرىرلىك، نەشر قىلىش ۋە تارقىتىش ئۆزئارا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، بىر ـ بىرىگە تايىنىدۇ. بۇلارنىڭ بىرى كەم بولسا بولمايدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە كىتاب تەھرىرلىكى مەركىزىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. چۈنكى كىتابنىڭ نەشرى قىلىنىش تەرتىپىدىن قارىغاندا كىتاب تەھرىرلىك

www.uyghurkitap.com

خىزمىتى كىتابنى نەشر قىلىش ۋە تارقىتىش خىزمىتى-
نىڭ ئالدىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش خاراكتې-
رىدىن قارىغاندا كىتاب بىر خىل ماددىي مەھسۇلات بولۇپلا
قالماي، يەنە مەنىۋى مەھسۇلاتتۇر. نەشرىيات جەريانىدا
كىتاب تەھرىرلىكىنى كىتاب نەشر قىلىش ۋە تارقىتىش
خىزمىتىنىڭ ئورنىغا دەسسەتكىلى بولمايدۇ. چۈنكى كىتاب
تەھرىرلىكى مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىدۇر؛ كىتاب
سۈپىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشى تەھرىرلىك سەۋى-
يەسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشىغا باغلىق بولىدۇ. كى-
تاب نوقۇل ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى كۆزلەپلا نەشر قىلىن-
سا، مەزمۇنى ساغلام بولمىغان ناچار كىتابلار نەشر قىلى-
نىپ كېتىپ قالسا جەمئىيەتنىڭ ئەيىبلىشىگە
ئۇچرايدۇ.

كىتاب تەھرىرلىكى نەشرىياتچىلىقتا گەۋدىلىك ئورۇن
تۇتقاچقا ۋە مۇھىم رول ئوينىغاچقا، كىتاب تەھرىرلىك
ئىلمىنى تەتقىق قىلىشمۇ ئىنتايىن مۇھىم. كىتاب تەھ-
رىرلىكى بىر تارىخىي ئۇقۇم بولۇپ، ھەربىر دەۋردە ئوخ-
شاش بولمىغان مەزمۇن ۋە شەكىلگە ئىگە بولىدۇ. كىتاب
تەھرىرلەش توغرىسىدىكى بۇ ئۇقۇم بىر يۈرۈش ھالقىلار-
دىن تەركىب تاپىدۇ. بۇ ئومۇمەن ئىجتىمائىي ئېھتىياجنى
چۈشىنىش، تېما تاللاش پىلانى تۈزۈش، ئاپتورلارنى تەش-
كىللەش، ئەسلىي ئەسەرنى تەكشۈرۈپ ئوقۇش ۋە ئىش قو-
شۇش، كىتابنىڭ مۇقاۋا ۋە ئىچ بەتلىرىنى لايىھەلەش، كى-
تاب ئارگىنالىنى سېلىشتۇرۇش، ئەڭ ئاخىرىدا باسمىغا
يوللاش قاتارلىق ھالقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ھال-
قىلار بىر - بىرىگە تايىنىپ مەۋجۇت بولىدۇ، بىر - بىرى-
گە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

مۇھەررىر كىتابنىڭ خاراكتېرىنى بىلگەن ۋە ئۇنى ئې-
گىلىگەن چاغدىلا ئاندىن تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ ئەۋزەل-
لىكىنى ئاكتىپلىق ھالدا تولۇق جارى قىلدۇرالايدۇ. كىتاب
ئوخشاش بولمىغان تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. مەسىلەن، نەزەرىيە،
پەن - تېخنىكا، ئەدەبىيات - سەنئەت، مائارىپ، ئوكيا-
نۇس، مەجمۇئە، قوللانما دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.
ئوخشاش بولمىغان تۈرلەردىكى كىتابلارنىڭ تەھرىرلىك
خىزمىتىدە ئورتاق قانۇنىيەت بولغاندىن سىرت، يەنە ئۆزى-
گە چۇشلۇق ئالاھىدە قانۇنىيەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.
مۇھەررىرنىڭ ساپاسى كىتاب سۈپىتىگە بىۋاسىتە تەسىر
كۆرسىتىدۇ. شۇڭا قابىلىيەت بىلەن ئەخلاقتا تەڭ يېتىل-
گەن، يۇقىرى ساپالىق مۇھەررىرلەر قوشۇنىنى يېتىلدۈ-
رۈش نەشرىيات ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم.

كىتاب تەھرىرلىك خىزمىتى ماددىي مەدەنىيلىك ئىش-
لەپچىقىرىش بولسىمۇ، ئەمما تېگى - تەكتىدىن ئېلىپ
ئېيتقاندا ئۇ مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشلەپچىقىرىش بولىدۇ.
ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا مۆلچەرلىگۈ-
سىز رول ئوينايدۇ. بىر دۆلەت، بىر مىللەتنىڭ ئىلىم -
پەن، مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ قانداق بولۇشى شۇ مىللەت،
شۇ دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ يۇقىرى-
تۆۋەن بولۇشىنى، ماددىي مەدەنىيلىك تەرەققىيات دەرىجى-
سىنىڭ قانداق بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. ئاپتونوم رايونىمىز-
نىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن قارىغاندا ئوتتۇز نەچچە يىلدىن
بېرى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان،
ئاخبارات - نەشرىيات ساھەسىدە غايەت زور نەتىجىلەر
قولغا كەلتۈرۈلدى. پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ۋە مىللىتىمىز-
نىڭ پەن - مەدەنىيەت ساپاسى ئۆستى. بۇ، كىتاب تەھرىر-
لىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.
شۇڭا كىتاب تەھرىرلىك خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىش-
لەپ، مىللىتىمىزنىڭ پەن - مەدەنىيەت ساپاسىنى تېخىمۇ
يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن زامانىۋى پەن سىستېمىسىغا ئې-
گە كىتاب تەھرىرلىك ئىلمىنى تۇرغۇزۇپ،كىتاب تەھرىر-
لىك خىزمىتىنى مۇھىم ۋە كەسكىن خىزمەت دەپ بىلىدى-
غان، ئۆزلىرىگە قاتتىق تەلەپ قويىدىغان، ئۆزگە، جەمئى-
يەتكە ۋە دۆلەتكە مەسئۇل بولىدىغان، سىياسىي سەزگۈر-
لۈكى كۈچلۈك، كەسپىنى ئىلگىرىلەيدىغان، ساپاسى يۇقى-
رى، قابىل كىتاب مۇھەررىرلەر قوشۇنىنى يېتىلدۈرۈش
كېرەك. قىسقىسى، نەشرىياتچىلىقتا كىتاب تەھرىرلىكىنى
تەتقىق قىلىش، مۇكەممەل، زامانىۋىلاشقان، ئۈچۈرلاشقان،
زامانىۋى ۋاسىتىلەر ئارقىلىق كىتاب تەھرىرلىك خىزمى-
تىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنى تەسىس
قىلىش ئىنتايىن مۇھىم. بۇ ـــ ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بو-
لۇپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقىدۇ. ئەنە شۇندىلا ئاندىن
كىتاب تەھرىرلىك خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، سوتسىيا-
لىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ زور
تۆھپە قوشقىلى بولىدۇ.

كىتاب مۇھەررىرلىرى بىلىم قۇرۇلمىسى جەھەتتە بى-
لىمى كەڭ بولۇش بىلەن تار بولۇش، بىلىمى ئەتراپلىق بو-
لۇش بىلەن مۇتەخەسسىسلەشكەن بولۇش مەسىلىسىنى نا-

ھايىتى ئوبدان ھەل قىلىشى كېرەك. ھازىرقى مۇھەررىرلەرنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، مۇتەخەسسىسلىشىشكە كۆڭۈل بۆلۈپ، بىلىم دائىرىسىنىڭ كەڭ بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان ئەھۋال بىرقەدەر ئومۇمىيۈزلۈك ساقلانماقتا. شۇڭا كىتاب تەھرىرلىرىنىڭ بىلىم دائىرىسى تېخىمۇ كەڭ بولۇشى زۆرۈر. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇھەررىرلەرنىڭ ھەرقايسى ساھەگە دائىر بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنداق قىلمىسا خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ.

قابىلىيەت جەھەتتە كىتاب مۇھەررىرلىرى قولىدىن ھەممە ئىش كېلىدىغان بولۇشى، تەھرىرلىك قىلالايدىغان بولۇپلا قالماي، يەنە يازالايدىغان ۋە تۆۋەنگە چۈشەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. كىتابلاردا دائىم مۇنداق ئەھۋاللار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ: ماقالە مەنبەسىنىڭ يېتىشمەيدىغانلىقى بايقىلىدۇ ياكى ئۇيۇشتۇرغان ماقالە ۋاقتىدا كەلمەيدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا مۇھەررىرلەر دەرھال ماقالە يېزىپ تولۇقلاشقا توغرا كېلىدۇ. تۆۋەنگە چۈشەلەيدىغان بولۇش دېگىنىمىز — تەھرىر بۆلۈمىدىن چىقىپ كۆپلەپ دوست تۇتالايدىغان، ئاپتور ۋە مۇشتەرىلەر بىلەن كەڭ تۈردە ئالاقە باغلاپ، ئۈچۈر توپلىيالايدىغان، ئەسەر ئۇيۇشتۇرالايدىغان بولۇشنى كۆرسىتىدۇ.

كومپيۇتېر مەشغۇلاتى جەھەتتىن تەربىيەلىنىشى كېرەك. كومپيۇتېر ۋە ئۈچۈر تېخنىكىسىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشى كىتاب تەھرىرلەش خىزمىتىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. كومپيۇتېرنى ۋاستە قىلغان ئۈچۈر ساقلاش تېخنىكىسى كىتاب تەھرىرلىك خىزمىتىدىكى بىر ئىنقىلاب بولدى. كۆپلىگەن تەھرىر بۆلۈملىرى ئاپتورنىڭ ماقالىلىرىنى ئېلېكترونلۇق پوچتا يوللانمىسى ئارقىلىق قوبۇل قىلىپ، ماقالىلەرنى كومپيۇتېردا بىۋاستە كۆرۈپ، تەھرىرلەپ، تىزىپ چىقىپ، كورېكتورلۇق قىلىپ، تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ئىش ئۈنۈمىنى ئاشۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تەھرىرلىك خىزمىتى، مالىيە، ئېلان بېرىش، تارقىتىش قاتارلىق ئىش ھالقىلىرىنىڭ ھەممىسىنى كومپيۇتېردا بىر تەرەپ قىلىش ئەنئەنىۋى ئۇسۇلغا قارىغاندا قولايلىق بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن، كومپيۇتېر تورى ھەر تەرەپلىمىلىك ئۈچۈر زىچ توپلانغان بايلىق مەنبەسىدىن ئورتاق بەھرىلىنىش نۇقتىسىدىن مۇھەررىرلەر ئۆزى تەھرىرلەۋاتقان ماقالە توغرىسىدا ئۇچۇرغا ئېرىشىشكە زور قولايلىق ئېلىپ كەلدى.

كىتاب مۇھەررىرلىرى يەنە چەت ئەل تىلى جەھەتتىن تەربىيەلىنىشى كېرەك. ئېلىمىزنىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات ئەھۋالىنى دۇنيانىڭ چۈشىنىشى، پەن ـ تېخنىكا جەھەتتە تاشقىي ئالماشتۇرۇش ۋە خەلقئارا ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن كۆپلىگەن پەن ـ تېخنىكا ژۇرناللىرىدا ئىلمىي ماقالىنىڭ تېمىسى، قىسقىچە مەزمۇنى، ئاچقۇچلۇق سۆزلەر ئىنگلىزچە يېزىقتا بېرىلىدۇ. بەزىلىرى ياخشى يېزىلغان ئىلمىي ماقالىسىنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلدۇرۇپ ئېلان قىلىدۇ، مۇھەررىرلەر ئۆزىدە بەلگىلىك ئىنگلىزچە تىل ئاساسى تۇرغۇزۇپلا قالماي، يەنە لېكىن پەن ـ تېخنىكىغا دائىر سۆزلۈك، مەخسۇس ئىبارىلەر، گىراماتىكا قۇرۇلمىسى، جۈملە ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن مۇئەييەن دەرىجىدە خەۋەردار بولۇشى كېرەك. ئۇلار بۇ جەھەتتە ئۆز كەسپىگە مۇناسىۋەتلىك چەت ئەل تىلى ماقالىلىرىنى ھەمدە تەرجىمە ماھارىتى جەھەتتىكى كىتابلارنى ئوقۇشى ۋە تەرجىمە قىلىش سەۋىيەسى بىرقەدەر يۇقىرى خادىملارنىڭ يېتەكچىلىكىدە چەت ئەل تىلى ماقالىلىرىنى تەھرىرلىشى، تەرجىمە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئۇزۇكسىز ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ چەت ئەل تىل سەۋىيەسى، تەرجىمە قىلىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى كېرەك.

تەھرىرلىگۈچى: ھەزرىتى ئەلى بارات

# ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ ھازىرلاشقا تېگىشلىك ساپاسى توغرىسىدا

لى جيې

( ئاپتونوم رايونلۇق تىل - يېزىق كومىتېتى «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى 830049 )

قىسقىچە مەزمۇنى: مەزكۇر ماقالىدە ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرى ساپاسىنىڭ شۇ ژۇرنالنىڭ سەۋىيەسىدە ئەكس ئېتىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ «ئۆمۈرلۈك ئۆگىنىش» ئىدىيەسىنى تۇرغۇزۇپ، تەھرىرلىك ئەمەلىيىتى، داۋاملىق تەربىيەلىنىش ۋە پەن تەتقىقات ئەمەلىيىتى ئارقىلىق بىلىم سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشىنىڭ لازىملىقى مۇھاكىمە قىلىنغان.

摘要: 本文论述了学术期刊编辑素质反映刊物水平,并通过他们树立《终生学习》的思想、编辑实践、继续教育并科研成果来不断提高自己的"知识水平等问题。

نۆۋەتتە، ئېلىمىز نەشرىياتچىلىق ساھەسىنىڭ كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى كەسپىي سالاھىيەت تۈزۈمىدە، نەشرىيات ئورۇنلىرىدا ئىشلەۋاتقان كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى نەشرىياتچىلىق ساھەسىنىڭ كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى كەسپىي سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى» بىلەن ئىش ئورنىغا چىقىشى تەلەپ قىلىنغان ھەمدە مۇھەررىرلەرنى باھالاش ۋە ئۇلارنىڭ ئۇنۋانىنى بېكىتىشمۇ ئاساسلىقى نەشرىياتچىلىق، تەھرىرلىك قاتارلىقلارغا ئائىت بىلىم ۋە ماھارەتلەرگە چېتىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا مۇھەررىرنىڭ ئالاقىدار پەنلەردىكى ساپاسىغا دائىر كونكرېت تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان. ھازىر ئاسپىرانتلىقنى پۈتتۈرۈش، كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانىنى بېكىتىش (باھالاش)، پەن تەتقىقات تۈرلىرىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ئىلمىي ماقالە تەلەپ قىلىنىۋاتىدۇ. بۇ مۇھەررىرلەرنى ئەۋزەل ئورۇنغا ئىگە قىلغان بولسىمۇ، بەزىلەرنى ئۆزىگە تەمەننا قويىدىغان ۋە ئۆزىگە بولغان تەلەپنى تۆۋەنلىتىپ مۇھەررىر ئۇنچىۋالا بىلىملىك بولمىسىمۇ بولىدۇ، تەھرىرلىكتە ماقالىنى ئانچە - مۇنچە تۈزىتىپ قويسىلا كۇپايە دەپ قارايدىغان ۋەزىيەتنى تەدرىجىي شەكىللەندۈردى. شۇڭا مەن ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ شۇ ژۇرنالنىڭ ئىلمىي سەۋىيەسىگە كاپالەتلىك قىلىشتا ئوينايدىغان مۇھىم رولىنى تەھلىل قىلىپ، قانداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرگىلى بولىدىغانلىقى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشنى مۇھىم ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارايمەن.

1. ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرى قاتتىق سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ئىدىيەۋى - سىياسىي ساپانى ھازىرلىشى كېرەك

ئىدىيەۋى - سىياسىي ساپا ژۇرنال مۇھەررىرلىرى ساپاسىنىڭ مەۋقەسى. ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرى ئىجتىمائىي پەن خادىملىرىغا تەۋە بولۇپ، ئۆزىنىڭ سىياسىي مەسئۇلىيىتىنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇپ ماركسىزملىق مەيدان، كۆزقاراش ۋە ئۇسۇلدا باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىگە مەنسۇپ بولغان ئىلمىي ژۇرنالنىڭ نىشاندىن ئاداشماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، تېما تاللاپ پىلانلاش ۋە ژۇرنالنىڭ ئىلمىي سۈپىتىنى ئىگىلەش جەھەتتە بەلگىلىك ئالدىن كۆرەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت مۇھەررىرلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىدىيەۋى - سىياسىي جەھەتتە پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ قارار، ئورۇنلاشتۇرمىلىرى بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاپ، ماركسىزمنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى يېتەكچى ئورنىنى مۇستەھكەملەشنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىغا بولغان ئىشەنچى، نەزەرىيەسىگە بولغان ئىشەنچى ۋە تۈزۈمىگە بولغان ئىشەنچىنى چىڭىتىشى، «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» يۆنىلىشى ۋە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى تېخىمۇ زۆرۈر. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت مۇھەررىرلىرى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا چىڭ تۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش ۋە ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىشتىن ئىبارەت ئىدىيەۋى ئاساسىمىزنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىشىمىز ۋە كۈچەيتىشىمىز كېرەك. ھازىرقى كۆز-

دە، ئۆزىمىزنىڭ ئىدىيەسىنى شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تارىخىي ۋەزىپە بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈشىمىز، ئۆزىمىز ئىشلەۋاتقان تەھرىرلىك خىزمىتىنى باشتىن ـ ئاخىر بۇ ئىككى چوڭ تارىخىي ۋەزىپىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇشىمىز لازىم.

**2. ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرى بىرقەدەر يۇقىرى تىل ـ يېزىق ئىقتىدارىنى ھازىرلىشى كېرەك**

ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرى كەسپىنىلا بىلىپ يېزىقچىلىقنى بىلمەيدىغان، كەسپىي سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشكىلا ئەھمىيەت بېرىپ، يېزىق سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشكە سەل قارايدىغان بولۇپ قالسا قەتئىي بولمايدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، مۇھەررىرنىڭ تىل ـ يېزىق ئىقتىدارى ئاساسەن قېلىپلاشتۇرۇش ئىقتىدارى، پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارى ۋە يېزىقچىلىق ئىقتىدارىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قېلىپلاشتۇرۇش ئىقتىدارى جەھەتتە، مۇھەررىر ئۆزىنىڭ تىل ـ يېزىقنى قوللىنىشتىكى كەسپىي ئەۋزەللىكىنى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن تىل ـ يېزىقنى قېلىپلاشتۇرۇشقا دائىر ھۆججەتلەرنى ئاپتورلاردىنمۇ بەكرەك پىششىق ئۆگىنىپ، يېزىق، گىرامماتىكا، ئىستىلىستېكا، لوگىكا قاتارلىق جەھەتلەردىكى بىلىملەرنى ئىگىلىشى ۋە پىششىق قوللىنالايدىغان بولۇشى ھەمدە تىل ـ يېزىقنى قوللىنىشتا كۆرۈلگەن خاتالىقلارنى سەزگۈرلۈك بىلەن پەرق ئېتەلەيدىغان بولۇشى لازىم. تىل ـ يېزىقنى پىششىقلاپ ئىشلەش گۈل ئۈستىگە گۈل كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇڭا پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارى جەھەتتە، مۇھەررىر چوقۇم ئەسلىي ئورىگىنالنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، ئاپتورنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى تولۇق ھېس قىلىشى ھەمدە ئاپتورنىڭ ئۇسلۇبىغا ھۆرمەت قىلىشى كېرەك. يېزىقچىلىق ئىقتىدارى جەھەتتە، مۇھەررىر ئاپتورنىڭ ئورنىدا يېزىقچىلىق قىلسا بولمايدۇ. لېكىن يېزىقچىلىق ئىقتىدارى ئوخشاشلا مۇھەررىرنىڭ ئاساسىي ماھارىتى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى تەھرىرلىكتىكى نۇرغۇن تەرەپلەردە مۇھەررىرنىڭ يېزىقچىلىق قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ. مەزكۇر ماقالە ئاپتورىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاخبارات ـ نەشرىيات تارماقلىرىدىن ئىگىلىشىچە، ھازىرقى بەزى ئىلمىي ژۇرناللارنىڭ يېزىقى ۋە سۈپىتىدە سەل قاراشقا بولمايدىغان مەسىلىلەر ساقلانغان بولۇپ، سۆز ـ جۈملىلەرنىڭ جايىغا چۈشمەسلىكى، گىرامماتىكىلىق خاتالىقلار، خەتنى خاتا يېزىش ۋە ئىملا خاتالىقلىرى ماڭدامدا بىر سادىر بولۇۋاتىدۇ. بۇلارنى تۈزەتمىسەك، ئىلمىي ژۇرنالنىڭ سۈپىتىگە ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇڭا ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرى ئاڭلىق ھالدا ئۆزىنىڭ تىل ـ يېزىق ئىقتىدارىنى ئۈزۈكسىز كۈچەيتىپ، ژۇرنال سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان پۈتلىكاشاڭغا ئايلىنىپ قالماسلىقى لازىم.

**3. ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرى بەلگىلىك كەسپىي بىلىم سەۋىيەسىگە ئىگە بولۇشى كېرەك**

تېما تاللاش ۋە پىلانلاش نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان پەن ۋە كەسپىنىڭ ئەڭ يېڭى تەرەققىيات سۈرئىتىگە ئەگىشەلىگەن ھەمدە شۇ خىل پەن ھەم كەسپىنىڭ ھەرىكەت ھالىتى ۋە تەتقىقاتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ، ئىلمىي كۆزىتىش، باھا بېرىش، تەھلىل يۈرگۈزۈش ۋە ھۆكۈم قىلىش جەھەتلەردە بىرقەدەر يۇقىرى ئىقتىدارغا ئىگە بولغان مۇھەررىرلا قىممىتى بار تېمىلارنى ۋاقتىدا قېزىشى، تاللىيالىشى ۋە ئايرىپ چىقالىشى مۇمكىن. ئەگەر مۇھەررىر ئىلمىي كۆزقاراشتا ئارقىدا قالسا، ژۇرنال چېتىلىدىغان كەسپىنىڭ ئەڭ يېڭى تەتقىقاتى ۋە تەرەققىيات ھالىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىگىلىيەلمەيدۇ، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ۋە ئىجادچانلىققا ئىگە ئەلا سۈپەتلىك تېمىلارنى بېكىتەلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، بۇ ھالدا مۇھەررىر پەقەت كەلگەن ماقالىلارنىلا قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، ئىلمىي ژۇرنالنىڭ سۈپىتى ۋە تەسىر كۈچىنى ئاشۇرالمايدۇ، بۇنداق ئىلمىي ژۇرنالنىڭ ئىلىمگە باشلاش رولىنى جارى قىلدۇرۇشتىن تېخىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

مۇھەررىرلەر ساپاسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى ماقالە كۆرۈش جەريانىدا، شۇنىڭدەك ماقالىنىڭ تەكشۈرگۈچىسىنى توغرا تاللاش ـ تاللىيالماسلىق، ئۇنىڭ پىكرىنى تاسقاش ـ تاسقىيالماسلىق ۋە تەكشۈرگۈچى چۈشۈرۈپ قويغان مەزمۇنلارنى تولۇقلاش ـ تولۇقلىيالماسلىقتا ئەڭ روشەن ئىپادىلىنىدۇ. ماقالىنى كۆرۈشكە تاپشۇرۇشتىن ئىلگىرى، مۇھەررىر ئۆزىنىڭ شۇ كەسىپنى چۈشىنىش ئىقتىدارىغا تايىنىپ ماقالىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىنى ھېس قىلالىسا، ئاندىن ئۇ كەسىپ ساھەسى، تەتقىقات يۆنىلىشى ۋە بىلىم سەۋىيەسى بويىچە ئەڭ مۇۋاپىق تەكشۈرگۈچىنى تاللىيالايدۇ. تەكشۈرۈلىدىغان پىكىرلەرنىڭ كۆپ خىللىقى ۋە چېتىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكىمۇ ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىردىن بىرقەدەر يۇقىرى ئىلمىي ساپا ھازىرلاپ، ماقالە ۋە تەكشۈرۈش پىكرىنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىش ھەم تەكشۈرگۈچىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىپ، يېتەرسىزلىكىنى تولۇقلاش ئاساسىدا ئاپتورنى مۇۋاپىق باھا بېرىلگەن، چېتىلىدىغان مەسىلىلەر ئەتراپلىق بولغان تۈزىتىشكە قايتۇرۇش پىكرى بىلەن تەمىنلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، مۇھەررىرنىڭ بىلىم ساپاسى يۇقىرى بولمىسا، ماقالىنىڭ مەزمۇنى ۋە سۈپىتىنى تەكشۈرەلمەيدۇ ـ دە، ماقالىنىڭ ئۆلچىمى ۋە شەكلىگىلا ئېسىلىۋېلىپ، تەكشۈرۈش سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ، نەتىجىدە

ماقالىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلالماسلىقى ياكى سۈپەتلىكى بىلەن سۈپەتسىزىنى ئايرىلاشتۇرۇۋېتىشىمۇ مۇمكىن.

**4. مۇھەررىرنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئاساسىي يوللىرى**

بىرىنچى، ھازىرقى دەۋرنىڭ مۇھەررىرى ئۆزىنىڭ سىياسىي ساپاسىنى ئۆستۈرىمەن دەيدىكەن، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈشى، ئېلىبۇزۇر ۋە گېزىت - ژۇرنال خەۋەرلىرىنى كۆپرەك كۆرۈپ، سىياسىي ۋەزىيەتتىن خەۋەر تېپىشى ھەم سىياسىي ئەھۋاللارنى ئىگىلىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات قەدىمى ۋە ئۆز كەسپىنىڭ تەرەققىيات رىتىمىگە يېتىشىپ، مۇرەككەپ ئۆزگىرىش داۋامىدا كاللىنى سەگەك تۇتۇپ، ئۈچ خىل كۈچنىڭ بۆلگۈنچىلىك ۋە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىدىن ھەر ۋاقىت ھوشيار تۇرالايدۇ.

ئىككىنچى، تەھرىرلىك ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كەسپىي سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش. تەھرىرلىك كەسپىي خىزمىتىنىڭ ھەرقايسى مۇھىم ھالقىلىرىنى مۇھەررىرنىڭ بىلىم سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشتىكى ياخشى پۇرسەت دېيىشكە بولىدۇ. مۇھەررىر ماقالە كۆرگەندە، ماقالىنىڭ مەزمۇنىغا چېتىلىدىغان كەسپىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەۋى بىلىملىرىنى ئىگىلىشى، زۆرۈر تېپىلغاندا شۇ كەسپىنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرى ياكى قورال كىتابلىرىدىكى ئەلا سۈپەتلىك ماقالىلارنى ئاختۇرۇپ كۆرۈشى لازىم.

ئۈچىنچى، ئوقۇش تارىخى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، يېڭى پەن بىلىملىرىنى تولۇقلاش. ئوقۇش تارىخى مائارىپى مۇھەررىرلەرگە دوكتورلۇق ياكى ماگىستىرلىقتا ئوقۇپ، يېتەكچى ئوقۇتقۇچى بىلەن بىللە پەن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىش، تەتقىقات دوكلاتى ياكى ئىلمىي ماقالە يېزىپ، ئۆگىنىش ئىقتىدارى، پەن تەتقىقات ئىقتىدارى ۋە يېزىقچىلىق ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە ئىلھام بېرىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرى ماقالە كۆرگۈچى مۇتەخەسسىسلەر بىلەن ئۇچرىشىش ئارقىلىق، ھەرقايسى ساھە مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ كەسپىي ئارتۇقچىلىقى ۋە شۇ پەنلەرنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇپ، ئۆز قىزىقىشىغا بىرلەشتۈرگەن ھالدا ئۆزى چۈشىنىدىغان يېتەكچى ئوقۇتقۇچى ۋە كەسپىنى تاللاپ، دوكتورلۇق ياكى ماگىستىرلىق ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرسا بولىدۇ. نۆۋەتتە، ئېلىمىزدىكى ئەمەلىي كۈچى بىرقەدەر زور نەشرىيات ياكى ژۇرنال رېداكسىيەلىرىدە دوكتور، ماگىستىرلىق ئىلمىي ئۇنۋانىنى ئالغان مۇھەررىرلەر پەيدىنپەي كۆپەيمەكتە.

تۆتىنچى، ئىلمىي تەتقىقات ۋە ھەر خىل ئىلمىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش. مەخسۇس ۋەزىپىدىكى ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ دائىم دېگۈدەك كۆپ ۋاقىت چىقىرىپ كەسپىي پەنلەرنىڭ ئىلمىي تەجرىبىلىرىنى ئىشلەش ۋە پەن تەتقىقات لايىھەلىرىنى تۈزۈش دېگەندەك پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش مۇمكىنچىلىكى يوق. لېكىن كەسپىي پەنلەرنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە ئۇسۇللىرىدىن خەۋەردار بولۇپ ھەمدە ئۇنى چوڭقۇرراق تەتقىق قىلىپ، ئۆزىنى تەتقىقات ئۇسۇللىرىنى بىلىدىغان، تەتقىقات نەتىجىلىرىنى چۈشىنىدىغان ۋە تەتقىقات ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنالايدىغان ئادەمگە ئايلاندۇرۇشنىڭ مۇمكىنچىلىكى بار. ئۇندىن باشقا، ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرى ھەر خىل ئىلمىي پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، بۇ جەرياندا ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىلمىي دوكلاتى ۋە ئىلمىي مۇھاكىمىلىرىنى ئاڭلاش، يىغىننىڭ ماقالە توپلىمىنى ئوقۇش دېگەندەك ئۇسۇللار بىلەن شۇ پەن ياكى مۇناسىۋەتلىك كەسىپ ساھەلىرىنىڭ ئەڭ يېڭى تەتقىقاتى ۋە ئىلمىي ئىدىيەلىرىدىن خەۋەر تېپىشى كېرەك.

بەشىنچى، تىل - يېزىق سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش بىر - ئىككى كۈنلۈك ئىش ئەمەس، بۇنىڭ ئۈچۈن داۋاملىق تەربىيەلىنىش ۋە تەجرىبە توپلاشقا توغرا كېلىدۇ. كۆپ ئوقۇش ۋە كۆپ مەشىق قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇش ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ تىل - يېزىق ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى، ماقالىنى كۆڭۈل قويۇپ تەھرىرلەش ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ تىل - يېزىق ساپاسىنى ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم ئەمەلىيىتى ھېسابلىنىدۇ. ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ ۋەزىپىسى ئېغىر، يولى يىراق، شۇڭا ئۇلار تىرىشىپ ئۆگىنىپ چېنىقىشى لازىم.

دېمەك، ھازىر بىز تېز تەرەققىي قىلىش ۋە ئۇچۇرلار كۆپ خىل ئۆزگىرىشتەك زامانىۋى جەمئىيەتتە تۇرماقتىمىز. ژۇرنال تەھرىراتى ۋە نەشرىيات ئورۇنلىرى «ئۆگىنىشچان تەشكىلات» بولۇش ئىدىيەسىنى تىرىشىپ تۇرغۇزۇپ، ئۆگىنىش ۋە ئىلمىي پائالىيەتلەردە ياخشى كەيپىيات يارىتىشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. مۇھەررىرلەرمۇ زۆرۈر بولغان كەسپىي ئوقۇش تارىخى ۋە مۇھەررىرلىك ساپاسىنى ھازىرلاش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، «ئۆمۈرلۈك ئۆگىنىش» ئىدىيەسىنى تۇرغۇزۇپ، «ئۆگىنىش ئىقتىدارى»نى ئاشۇرۇشى، ھەر خىل ئۆگىنىش پۇرسىتى ۋە شەرت - شارائىتلاردىن ئاكتىپ پايدىلىنىپ، ئۆگەنگەن ۋە توپلىغان ئالاقىدار پەنلەرنىڭ بىلىملىرىنى تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ ئورگانىك بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرۇشى، ئۆزىنىڭ بىلىم سەۋىيەسىنى تەشەببۇسكار ۋە ئاڭلىقلىق بىلەن ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئىلمىي ژۇرنال تەھرىرلىكى ھەم نەشر قىلىش خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن تېخىمۇ ياخشى چىقىشى لازىم.

تەھرىرلىگۈچى: مەرۇپجان مەتىمىن

# نادىر ئاخبارات ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئاممىنى تەسىرلەندۈرۈش توغرىسىدا

مۇھەممەت يۇنۇس

( «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى 830000 )

**قىسقىچە مەزمۇنى:** مەزكۇر ماقالىدە نادىر ئاخبارات ئەسەرلىرى روشەن دەۋر ئالاھىدىلىكىگە، خاسلىققا ئىگە بولۇشى، ئاخباراتچىلار قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ساختا ئاخباراتنى قەتئىي توسۇش ، ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش پرىنسىپىدا ئىزچىل چىڭ تۇرۇش، ئاممىغا يېقىن بولۇش، رېئال تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش توغرىسىدا كۆزقاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

**摘要:** 本文论述了优秀新闻作品应具有明显的时代性和特点,要杜绝不真实的报道,把社会效益放到第一位,坚持原则、贴近群众、真实反映生活。

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پارتىيە گېزىتلىرى مۇھىم تارىخىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش دولقۇنىنىڭ تۈرتكىسىدە بىر قىسىم پارتىيە گېزىتلىرى دەۋر دولقۇنىغا ئەگىشىپ ئىلگىرىلەپ، گېزىتچىلىك ئىدىيەسىنى ئومۇمىيۈزلۈك يېڭىلاپ، گېزىتنىڭ نوپۇزىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىجتىمائىي تەسىرىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بىراق ئىچكىرىدىكى تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ پارتىيە گېزىتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا پەرق يەنىلا خېلى زور، شەھەر گېزىتلىرىنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشى، شۇنداقلا يېڭى تاراتقۇلارنىڭ تەسىرىدە، ھازىر پارتىيە گېزىتلىرى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئارىلىقى يىراقلىماقتا، بۇنداق ئەھۋال ئۇيغۇرچە پارتىيە گېزىتلىرىدە تېخىمۇ گەۋدىلىك بولماقتا. بۇنداق ئەھۋالدا نادىر ئاخبارات ئەسەرلىرى ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، گېزىتنىڭ سۈپىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، ئۇيغۇرچە پارتىيە گېزىتلىرىنىڭ ئاممىا ئارىسىدىكى نوپۇزىنى كۈچەيتىش كۆز ئالدىمىزدىكى ئەمەلىي مەسىلە بولۇپ قالدى .

نادىر ئاخبارات ئەسەرلىرى سۈپەتلىك، سەۋىيەلىك ئاخبارات ئەسەرلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ياخشى خەۋەر، تەپسىلىي خەۋەر، ياخشى ئوبزور، ياخشى بەت، ياخشى ئىستون، ياخشى ئاخبارات سۈرىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بىرىنچى، نادىر ئاخبارات ئەسەرلىرىنى يارىتىشتا چوڭ ئومۇمىيەت يۈكسەكلىكىدىن ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ھەممىمىزگە مەلۇم ئاخبارات خەۋەرلىرى ئاخبارات خىزمەتچىلىرىنىڭ پاكىتلارنى تاللىشى ۋە ئاخبارات قىممىتى ھەققىدىكى ھۆكۈمىدىن كېلىدۇ. ئېگىزدە تۇرغاندىلا، يىراقنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ يەردىكى ئېگىزلىك مۇخبىر، مۇھەررىرلەرنىڭ سىياسىي ئېڭى، ئومۇمىيەت ئېڭى، مەسئۇلىيەت ئېڭىنى كۈچەيتىشىنى، توغرا جامائەت پىكرى يۆنىلىشىدە باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، ئاخباراتنىڭ چىنلىقىنى قوغداپ، رېئال تۇرمۇشتا يۈز بەرگەن يېڭى ئادەم، يېڭى ئىش، يېڭى ئىدىيە، يېڭى ئوبراز، يېڭى نەتىجىلەرنى ۋاقتىدا ئەكس ئەتتۈرۈشنى، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى، ئىجتىمائىي مۇھىم نۇقتىنى ئۆزىنىڭ ئاخبارات ئىگىلەشتىكى تايانچ نۇقتىسى قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. بولۇپمۇ مۇھىم تېمىلاردا مۇخبىر، مۇھەررىرلەر مەركەزنىڭ روھىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، جەمئىيەت ئەھۋالى، ئەل رايىنى ئېنىق پەرق ئېتىپ، خەۋەر مەزمۇنىنى ئىنچىكە تاللاپ، خەۋەر قىلىش سەنئىتىنى ئەپچىللىك بىلەن تەتبىقلاپ، ئاخباراتنىڭ ئۈنۈمىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئاشۇرۇشى كېرەك. مەسىلەن، مەركەزنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلغاندىن كېيىن ، ھەرقايسى تاراتقۇلار بۇ تارىخىي بۇرۇلۇش نۇقتىسىدىن كېيىن شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى خەۋەر قىلغاندا، شىنجاڭنىڭ بۇ چوڭ ئومۇمىيىتىنى چۆرىدەپ، نادىر ئاخبارات ئەسەرلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقاردى.

ئىككىنچى، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق نادىر ئاخبارات ئەسەرلىرىنى جانلاندۇرۇش كېرەك. تاراتقۇلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، يېڭىلىق يارىتىش ئىنتايىن مۇھىم . تاراتقۇلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئەمەلىيىتىدە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خېلى ئىسلاھات بولدى. مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش

قامۇسچاق

www.uyghurkitap.com


ئاستىدا بەزى ئۇيغۇرچە پارتىيە گېزىتلىرىمۇ ۋەزىيەتكە يېقىندىن ئەگىشىپ، كۆزقاراشتا ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ، ئوقۇرمەنلەرگە مۇلازىمەت قىلىش ئۈستىدە كۆپ ئويلاندى ۋە كۆپ ئىزدەندى. خىزمەت خەۋەرلىرىدە ۋە يېنىك خەۋەرلىرىدە يېڭىلىق يارىتىش جەھەتتە بۆسۈش ھاسىل قىلدى. ئەمما مەسىلىلەر يەنىلا ئاز ئەمەس. مەسىلەن، ھازىرقى گېزىتلەردىكى بەزى خەۋەرلەر بىلەن ئون نەچچە يىل بۇرۇنقى گېزىتلەردىكى بەزى خەۋەرلەردە سان ـ سىپىرلاردىن باشقا پەرق يوق دېيەرلىك، سۈرەتلىك خەۋەرلەرمۇ ھەم شۇنداق، ماقالە قۇرۇلمىسى ناھايىتى جانسىز، شۇئار تەرىقىسىدىكى سۆزلەر كۆپ، ئاخبارات ئوبزورلىرىمۇ بەك ئاز... قاتارلىق مەسىلىلەر گېزىتلەرنى ئاۋامدىن يىراقلاشتۇرماقتا .

ئۈچىنچى، خەۋەر قىلىشنى پىلانلاشقا كۈچەپ، نادىر ئەسەر يارىتىش كېرەك. بىر مەزگىللىك تالاش ـ تارتىشتىن كېيىن خەۋەر قىلىشنى پىلانلاشنىڭ زۆرۈرلۈكى ئورتاق تونۇشقا ئايلاندى، ئۇ بىر خىل مۇھىم تەدبىر سۈپىتىدە كۈندىن ـ كۈنگە تاراتقۇلارنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشمەكتە. پىلانلاش بىر خىل ماھارەت، شۇنداقلا بىر خىل بىلىم. مەيلى بىر پارچە گېزىت ياكى بىر پارچە خەۋەر، ياكى بىر ئىستون، بەت بولسۇن، ئىنچىكە پىلانلىغان بىلەن ئىنچىكە پىلانلىمىغاننىڭ ئۈنۈمى ئوخشاش بولمايدۇ. ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» مۇشۇ تونۇش ئاساسىدا كۆپ يىل تىرىشىپ، ھازىر ياخشى مېخانىزم شەكىللەندۇردى. مەسىلەن، بۇ گېزىتتىكىلەرنىڭ پىلانلىشىدىكى «ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلىگەن ياشلار»، «ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرايلى»، «شياۋشىمېندىكى ئۇيغۇر قىزلار»، «ئۈرۈمچىدە ئۆي باھاسى چۈشەمدۇ؟»، «گۆش باھاسى نېمە ئۈچۈن ئۆرلەۋېرىدۇ؟»، «ئۇلار ئۈرۈمچىدە مۇشۇنداق ياشاۋاتىدۇ» قاتارلىق بىر يۈرۈش ئاخبارات ئەسەرلىرى جەمئىيەتتە ناھايىتى ياخشى تەسىر قوزغىدى.

تۆتىنچى، ئاخبارات خىزمەتچىلىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئاخبارات خىزمىتى مەسئۇلىيەتچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك خىزمەت. مۇنەۋۋەر ئاخبارات خىزمەتچىسى بولۇش ـ بولالماسلىق، ئىدىيەۋىلىكى چوڭقۇر، مەسىلە تۇتۇلغان نادىر ئاخبارات ئەسەرلىرىنى يېزىپ چىقىش ـ چىقالماسلىقتا ئاخبارات خىزمەتچىسىنىڭ ساپاسى ئىنتايىن مۇھىم. ئاخبارات خىزمەتچىسىنىڭ بىرقەدەر يۇقىرى سىياسىي ساپاسى ۋە كەسپىي ساپاسى بولمىسا، بۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ كېتىشى تولىمۇ تەس. بىرىنچىدىن، ئاخبارات خىزمەتچىسى ئۆتكۈر سىياسىي كۆزىتىش ۋە پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى، توغرا جامائەت پىكرى يۆنىلىشىنى باشتىن ـ ئاخىر چىڭ ئىگىلىشى، كۈچلۈك مەسئۇلىيەت ئېڭى، ئومۇمىيەت ئېڭىغا ئىگە بولۇشى، بولۇپمۇ چوڭ ھەق، چوڭ ناھەق مەسىلىسى ئالدىدا باشتىن ـ ئاخىر كاللىسىنى سەگەك تۇتۇشى كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، ئاخبارات خىزمەتچىسى بىر قاراپلا تېگىگە يېتىدىغان ماھارەتنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك. ئاخبارات خىزمەتچىسى ئۇزۇن مۇددەت چېنىقىش ئارقىلىق، شەيئىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدىن ئۆتۈپ ماھىيىتىنى كۆزىتىشكە، مۇرەككەپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا يېڭى شەيئىلەرنىڭ بىخ ھالىتىدىكى ھەرىكىتىنى بايقاشقا، تېپىك شەيئىلەردىن دەۋر روھىنى كۆرۈشكە ماھىر بولۇشى كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، ئاخبارات خىزمەتچىسى تىرىشچان، كەسپىنى قەدىرلەيدىغان كەسپىي روھقا ئىگە بولۇشى كېرەك. ئاخبارات خىزمىتى ئەڭ جاپالىق خىزمەتلەرنىڭ بىرى. جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ تۆھپە قوشىدىغان روھ بولمىسا، بۇ ساھەدە بىرەر نەتىجە قازىنىش تولىمۇ تەس.

تاراتقۇلاردا، جۈملىدىن پارتىيە گېزىتلىرىدە نادىر ئاخبارات ئەسەرلىرى كۆپلەپ ئېلان قىلىنىپ تۇرسا، بۇ مۇقەررەر ھالدا پارتىيە گېزىتلىرىنىڭ نوپۇزىنى كۈچەيتىدۇ. نوپۇزنى كۈچەيتىش پارتىيە گېزىتلىرىنىڭ ئامما بىلەن بولغان ئارىلىقىنى قىسقارتىشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. پارتىيە گېزىتىنىڭ نوپۇزى ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى ئاممىنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ شۇ گېزىتنىڭ نوپۇزى ۋە تاشقى ئوبرازىنىڭ ئاممىنىڭ قەلبىدە ئىگىلىگەن ئورنى ۋە ئىجتىمائىي تەسىرىنى ئۆلچەيدىغان مىزان. نوپۇز ئاممىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن بىر خىل كۈچ بولۇپلا قالماستىن، پارتىيە گېزىتىنىڭ پۇت دەسسەپ تۇرۇشىدىكى ئەڭ مۇھىم دەسمايە. ئادەتتە پارتىيە گېزىتىنىڭ نوپۇزى ئىجتىمائىي ئادالەتنى ياقلاش، باراۋەرلىكنى نامايان قىلىش، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش قارىشىنى جارى قىلدۇرۇش، ساغلام تۇرمۇش ئۇسلۇبىنى تەشەببۇس قىلىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلىدۇ. ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى قوغلىشىش، ئاخبارات ئەخلاقىنى قوغداش، ئاخبارات ۋەقەلىرىنى ئوبيېكتىپ خەۋەر قىلىش ۋە ئاممىنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ. پارتىيە گېزىتى، تاراتقۇلار جەمئىيەتنى ھەر خىل ئۇچۇر ۋە مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاممىنىڭ ئۆزىگە بولغان باھاسىنى داۋاملىق قوبۇل قىلىپ تۇرۇشى كېرەك. مەسىلەن، توغرا جامائەت پىكرى يۆنىلىشىدە ئىزچىل چىڭ تۇردۇقمۇ ـ تۇرمىدۇقمۇ؟ ھەقلىق ئاخبارات، پاكىتقا ئۇيـ

غۇن بولمىغان خەۋەر، ناچار خەۋەر، بىنورمال ئېلاننى ئۈنۈملۈك توسالىدۇقمۇ ـ توسالمىدۇقمۇ؟ ھەرخىل ئۇچۇر مۇلازىمەتلىرىمىز راستمۇ؟ ئىشەنچىلىكمۇ؟ دېگەندەك. مۇبادا بۇ مەسىلىلەر ياخشى ھەل قىلىنمىسا، ئاممىنىڭ پارتىيە گېزىتىگە بولغان ئىشەنچىسىگە قاتتىق تەسىر يېتىدۇ ـ دە، پارتىيە گېزىتى ئاممىنىڭ ئىشەنچىسىدىن ۋە ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، ئاخىرى بېرىپ نوپۇزى ئاجىزلىشىپ، قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ.

قانداق قىلغاندا پارتىيە گېزىتىنىڭ نوپۇزىنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ؟

بىرىنچى، قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ساختا ئاخبارات ۋە ھەقلىق ئاخباراتنى قەتئىي توسۇش كېرەك. چىندىلىق ئاخباراتنىڭ جېنى، پارتىيە گېزىتىنىڭ نوپۇزى چىندىلىق ئاساسىغا قۇيۇلۇشى كېرەك، مۇبادا چىنلىقنى قولدىن بېرىپ قويسا، تاراتقۇ ئاممىنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھېسسىياتىغا تەسىر يەتكۈزگەنلىكتىن رەت قىلىنىشقا ئۇچرايدۇ. ساختا ئاخبارات ، ھەقلىق ئاخباراتمۇ پارتىيە گېزىتىنىڭ نوپۇزىنى چىرىتىدىغان بىر خىل مىكروپ. پاكىتقا ئۇيغۇن بولمىغان ئاخبارات، ھەقلىق ئاخباراتنىڭ يامرىشى ئاخبارات خىزمەتچىلىرىنىڭ ئادىمىيلىك روھى، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتى، كەسپىي ئەخلاقى، كەسپىي روھىنىڭ كۈچلۈك بولماسلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، ئاخبارات خىزمەتچىلىرىنىڭ «قىزىل بولاق» ئېلىشنى رەت قىلىشىدىن قول سېلىپ، كەسپىي ئەخلاقنى قوغداپ، كەسپىي ئوبرازىنى داۋاملىق تىكلەپ، قەتئىي ئىرادە بىلەن ھەقلىق ئاخبارات ۋە ساختا ئاخباراتنى يىلتىزىدىن تۈگىتىش كېرەك. بىر تەرەپتىن «ئۈچنى ئۆگىنىش تەربىيەسى» نى كەڭ قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، ئاخبارات خىزمەتچىلىرىدە ماركسىزملىق ئاخبارات قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش، «سەككىز شەرەپ، سەككىز نومۇس» قارىشىنى ئۇلارنىڭ ھەرىكەت ئادىتىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن، تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تۈزۈم ئارقىلىق ئادەم باشقۇرۇپ، ئاخبارات خىزمەتچىلىرىدە پارتىيە گېزىتىنىڭ ۋە ئاخبارات خىزمەتچىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئوبرازىنى ئاڭلىق قوغدايدىغان روھ يېتىلدۈرۈش كېرەك.

ئىككىنچى، ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش پىرىنسىپىدا ئىزچىل چىڭ تۇرۇش كېرەك. بازار ئىگىلىكىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ھەر خىل ئىدىيەۋى ئېقىملار ئەۋج ئېلىپ، بەزى ئاخبارات خىزمەتچىلىرىنىڭ كىشىلىك قارىشى، ئەخلاق قارىشى، قىممەت قارىشى قاتارلىقلاردا مەلۇم دەرىجىدە ئېغىش پەيدا بولدى . بىر قىسىم ئاخبارات خىزمەتچىلىرى نوقۇل ئىقتىسادىي ئۈنۈمگىلا ئەھمىيەت بېرىپ، ئىستىلدا چىرىكلىشىپ، كەسكىن ئاخبارات رىقابىتى جەريانىدا توغرا ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى يوقىتىپ قويدى. پارتىيە گېزىتى ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ نازارەتچىسى، ھېمايىچىسى ۋە مەدەنىيلىك ئۇرۇقىنى چاچقۇچى. ئۇنىڭ كىشىلەردە پائال ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان ساغلام پىسخىكا يېتىشتۈرۈشى تولىمۇ مۇھىم. ئۇنىڭ ئالاھىدە ئورنى ۋە رولى پارتىيە گېزىتىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويغان. پارتىيە گېزىتى ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان جامائەت قىممەت قارىشى شەكىللەندۈرۈشى ۋە تارقىتىشى، ئىقتىسادىي مەنپەئەتنىڭ ئارقىغا كىرىپ كېتىپ، مەسئۇلىيەتسىز بولۇپ قالماسلىقى كېرەك.

ئۈچىنچى، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتنى ئەستە چىڭ تۇتۇپ، تۈرلۈك ناچار ئېلانلارنى رەت قىلىش كېرەك. ھازىر ئاما ھەممىدىن بەكرەك نارازى بولۇۋاتقان تاراتقۇلاردىكى «تۆت زىيانداش» ئىچىدە، ناچار ئېلان جەمئىيەتكە بەكمۇ يامان تەسىر يەتكۈزمەكتە. تۈرلۈك ساختا، ساغلام بولمىغان ئېلانلار ئاممىنى قايمۇقتۇرۇپلا قالماستىن، ئاممىنىڭ تاراتقۇلارغا بولغان ئىشەنچىسىنى سۇسلاشتۇرماقتا. بۇ تاراتقۇلارنىڭ نوپۇزىغا ۋە ئوبرازىغا داغ چۈشۈرمەكتە. پارتىيەنىڭ مۇھىم تەشۋىقات قورالى بولغان ھەر دەرىجىلىك پارتىيە گېزىتلىرى ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتنى ھەر ۋاقىت ئېسىدە چىڭ تۇتۇپ، ئېلانلارنى تەكشۈرۈش ئۆتكىلىنى ياخشى ئىگىلىشى كېرەك. بولۇپمۇ داۋالاش ئېلانى، ساغلاملىق ئېلانىدا ساقلىنىۋاتقان سېرىق تۈس ئالغان، ئۈنۈمىنى ھەددىن زىيادە مۇبالىغە قىلىش مەسىلىسىنى نۇقتىلىق ھەل قىلىش كېرەك.

دېمەك، ھازىر تاراتقۇلار ئارا رىقابەت كەسكىن بولماقتا، گەرچە ئۇيغۇرچە تاراتقۇلاردا بۇ ئەھۋال ئانچە گەۋدىلىك بولمىسىمۇ، يېڭى تاراتقۇلار ئاللىبۇرۇن جەڭ ئېلان قىلىپ بولدى. پارتىيە گېزىتىنى ئاساس قىلغان ئەنئەنىۋى تاراتقۇلار ئۇيقۇسىنى يەنىلا ئاچمايدىكەن، ئوقۇرمەنلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. شۇڭا ئەنئەنىۋى مۇھىم تاراتقۇ بولغان ھەر دەرىجىلىك پارتىيە گېزىتلىرى تاراتقۇلار ئارا رىقابەتتە، بولۇپمۇ يېڭى تاراتقۇلارنىڭ خىرىسى ئالدىدا مەزمۇت پۇت دەسسەپ تۇرىمەن دەيدىكەن، چوقۇم ئىدىيەنى يېڭىلاپ، نادىر ئاخبارات ئەسەرلىرى ئېچىنى تۇرغۇزۇپ، نوپۇزىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ تۇرۇشى زۆرۈر.

تەھرىرلىگۈچى: مەرۇپجان مەمتىمىن

www.uyghurkitap.com



# شىئە مەزھىپى ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭغا كۆرسەتكەن تەسىرى

ئوسمانجان ئىبراھىم

( شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى پەرزەنتلەر مەكتىپى 830000 )

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە شىئە مەزھىپىنىڭ پەيدا بولۇشى، مەزھەپلەرگە بۆلۈنۈشى، ئۇلارنىڭ تارىخىي تەسىرى، رولى، ئورنى ۋە شىنجاڭغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئىخچام بايان قىلىنغان.

**摘要：** 本文论述了伊斯兰教什叶派的产生、派生、历史地位及其在新疆的影响等问题。

شىئە مەزھىپى ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي شەكىللەنگەن بىر مەزھەپ بولۇپ، ئۇ سۈننىي مەزھىپى بىلەن بىرلىكتە ئىسلام دىنىدىكى ئىككى چوڭ مەزھەپ دەپ ئاتالغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن كىم ئۇنىڭ ۋارىسى بولۇش كېرەك دېگەن مەسىلىدە ئىختىلاپ پەيدا بولۇپ، تەدرىجىي ھالدا سىياسىي جەھەتتىكى شىئە مەزھىپى، يەنى ئەلى مەزھىپى شەكىللەندى. ئەلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن چوڭ ئوغلى ھەسەننىڭ ئالىي ھوقۇقنى قوغداش ئۈچۈن قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلماي، مۇئاۋىيە ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلەرنى قوبۇل قىلىپ، سىياسىي سەھنىدىن چېكىنىپ چىقىپ، مەدىنىگە بېرىپ خىلۋەتتە ياشىدى.

شىئە مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلار دۇنيا مۇسۇلمانلار ئومۇمىي سانىنىڭ 10% تىنى ئىگىلەيدۇ. سۈننىي مەزھىپى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئۇلار ئاز سانلىقلار مەزھىپى بولسىمۇ، تەسىرى غايەت زور بولدى. ھازىر شىئە مۇرتلىرى ئاساسلىقى ئاسىيا قىتئەسىگە بولۇپمۇ غەربىي ئاسىياغا توپلانغان بولۇپ، بۇ رايوندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ 40% تىنى ئىگىلەيدۇ. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئىران ئاھالىسىنىڭ 96% تىنى، لىۋان مۇسۇلمانلىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدىكەن. يەمەندىكى شىئە مەزھىپى ئاساسلىقى زەيدىيە فىرقىسى بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ 40% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدىكەن. ئۇلار سەنئانى مەركەز قىلغان شىمالىي قىسىم رايونلارغا مەركەزلەشكەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەزەربەيجان مۇسۇلمانلىرىنىڭ 70% ~ 80% ى شىئە مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇ مەشھەپكە ئېتىقاد قىلىدىغانلار ھىندىستان، پاكىستاندىمۇ نۇرغۇن شىئە مەزھىپى بىلەن سۈننىي مەزھىپىنىڭ ئاساسىي ئېتىقاد ۋە قائىدە – يوسۇن قاتارلىق نۇرغۇن جەھەتلەردە ئارتۇقلىقى بار. لېكىن ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، شىئە مەزھىپى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنىمۇ شەكىللەندۈردى. شىئە مەزھىپى ئۆزىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا، سىياسىي جەھەتتىكى تەشەببۇسى، دىنى ئەقىدىسى، شەرىئەت قائىدە – يوسۇن قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىختىلاپلار تۈپەيلىدىن، يەنە نۇرغۇنلىغان فىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئۈچ فىرقە بولۇپ، ئۇلار ئىماملار فىرقىسى، زەيدىيە فىرقىسى ۋە ئىسمائىلىيە فىرقىسىدىن ئىبارەت.

**1. ئىماملار فىرقىسى.** ئىماملار فىرقىسى ئون ئىككى ئىمام فىرقىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ شىئە مەزھىپىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى. بۇ شىئە مەزھەپ، ئىماملار فىرقىسىنىڭ ئەقىدە ئىدىيەسىنى بىرقەدەر ئەتراپلىق ئىپادىلىگەن. ئۇ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، ئوخشاش گۇرۇھلارغا بۆلۈنگەن بولۇپ، گەرچە بەزىلىرى دىنى ئەقىدىسى جەھەتتە ئون ئىككى ئىمام پىرقىسىدىن ناھايىتى يىراق بولسىمۇ، ئۇنىڭ مەنبەسى جەھەتتىن ئېيتقاندا، بىر فىرقە ئاستىغا قويۇپ بايان قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ فىرقە ئون ئىككى ئىمامنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئون ئىككى ئىمام فىرقىسى ئىراننىڭ دۆلەت دىنى، بۇ فىرقىدىكى مۇسۇلمانلار پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 85% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. ئىراقتا ئون ئىككى ئىمام فىرقىدىكى مۇسۇلمانلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ يېرىمىنى مۇسۇلمانلار ئاھالىسىنىڭ 60% تىنى ئىگىلەيدۇ. ئاساسلىق جەنۇبتىكى رايونلارغا مەركەزلەشكەن. لېكىن نۆۋەتتە سىياسىي جەھەت-

تىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلەپ تۇرغىنى سۈننىي مەزھەپتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، بەھرەيىن، كۇۋەيت، ئومان، ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىمۇ بۇ فىرقىنىڭ مۇرتلىرى بار. ئون ئىككى ئىمام فىرقىسى نەزەرىدىكى ئون ئىككى ئىمام تۆۋەندىكىچە: ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ؛ ھەسەن ئىبنى ئەلى؛ ھۈسەيىن ئىبنى ئەلى؛ ئەلى ئىبنى ھۈسەيىن؛ مۇھەممەد باقىر؛ جەفەر سادىق؛ مۇسا كازىم؛ ئەلى رىزا؛ مۇھەممەد تەقى؛ ئەلى تەقى؛ ھەسەن ئەسقەرى؛ ئىمام مەھدى. دېمەك ئون ئىككى ئىمام فىرقىسى ئەلى بىرىنچى ئىمام، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئىماملىق ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا قالغان دەپ قارايدۇ. شەرىئەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئون ئىككى ئىمام فىرقىسى سۈننىي مەزھىپى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، شەرىئەتنىڭ تۆت ئاساسى بار دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئىجمائ ئىمامنىڭ ئارزۇسى بىلەن قارىمۇ ـ قارشى بولۇپ قالماسلىقى كېرەك دەپ قارايدۇ. قىياس جەھەتتە سۈننىي مەزھىپىگە قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ ئەركىنلىك بار. ئۇلار ئەخبارىيە ئېقىمى بىلەن ئۇسۇلىيە ئېقىمىدۇر. ئەخبارىيە ئېقىمى «قۇرئان ۋە شىئەلەرنىڭ ھەدىسى ئەخبار» نىلا شەرىئەتنىڭ ئاساسى قىلىشقا بولىدۇ. دىنىي ساھەدىكى نوپۇزلۇق ئەرباپلار نىڭ پىكرى (ئىجتىھاد) نى ئاساس قىلىشقا بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇلار ھەدىسنىڭ قوغدىغۇچىلىرى دەپ ئاتالغان. يەنە ھەدىس مەزھىپى دەپمۇ ئاتالغان. نۆۋەتتە بۇ شەرىئەت ئېقىمىغا ئىشىنىدىغانلار ئاز سانلىق بولۇپ، تەخمىنەن ئون ئىككى ئىمام فىرقىسىدىكىلەرنىڭ 20% تىنى تەشكىل قىلىدۇ.

**2. زەيدىيە فىرقىسى.** 7 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا شىئە مەزھىپىدە بىرىنچى قېتىملىق بۆلۈنۈش بولدى. ئەينى ۋاقىتتا، ھۈسەيىن قۇربان بولۇپ، ئەلى ئىبنى ھۈسەيىن ئىمام بولغانىدى. لېكىن كەيسان ۋەكىللىكىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر ھۈسەيىننىڭ ئاتا بىر ئانا باشقا ئىنىسى، ئەلىنىڭ كېنىزىكىدىن تۇغۇلغان بىر بالىسىنى ئىمام دەپ جاكارلىدى. بۇلار كەيسانىيە ئېقىمى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. 11 ـ ئەسىرگە كەلگەندە بۇ فىرقە مەۋجۇتلۇقتىن قالدى. باش كۆتۈرۈپ چىققىنى زەيدىيە ئېقىمى بولدى. 8 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىئە مەزھىپىدە 5 ـ ئىمام مەسىلىسىدە يەنە بۆلۈنۈش كېلىپ چىقتى. 9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، قاسىم راشىنىڭ نەۋرىسى يەھيا ئىبنى ھۈسەيىن بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنى باشلاپ، مەدىنەدىن يەمەننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى تاغلىق رايونغا بېرىپ، زەيدىيە ئېقىمىنىڭ دىنىي ئەقىدىسىنى تەشۋىق قىلغان. 901 ـ يىلى سەنئادا زەيدىيە ئېقىمىنىڭ ھاكىمىيىتى قۇرۇلغان. كېيىن ئىماملىق سۇلالىسىنىڭ كۈچى بىردەم زورىيىپ، بىردەم ئاجىزلاپ، تاكى 1962 ـ يىلىغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. 1962 ـ يىلى سالال باشچىلىقىدىكى ئەركىن ئوفىتسېرلار گۇرۇھى ئىنقىلاپ قوزغاپ، زەيدىيە فىرقىسىنىڭ بادىر ئىمام سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئەرەب يەمەن جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇپ چىقتى. لېكىن يەنىلا ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتتى. ھازىر زەيدىيە ئېقىمىدىكى مۇسۇلمانلار جەنۇبىي يەمەن ئاھالىسىنىڭ 40% تىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ. شىمالىي يەمەندە بولسا، 55% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلار ئادەتتە «غايىپ ئىمام» توغرىسىدىكى قاراشلارنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. دىنىي داھىيلارنى ئىلاھلاشتۇرۇشقا قارشى تۇرىدۇ. شۇنداقلا ئەۋلىيالارغا چوقۇنۇشقىمۇ قارشى تۇرىدۇ. ئەلى ئەۋلادلىرى ئىماملىققا ۋارىسلىق قىلىشتىكى كۆڭۈلدىكىدەك نامزات، غايىلىك، بىلىمى چوڭقۇر، ئۇرۇشقا ماھىر بولسىلا، ئەلى ئەۋلادىنىڭ قايسى نەپسىدىن بولسا بولۇۋېرىدۇ دەپ قارايدۇ؛ لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە مۇشۇ ئېقىمدىكى بەلگىلىك شەرت ـ شارائىتنى ھازىرلىغانلارمۇ گەرچە ئەلىنىڭ ئەۋلادى بولمىسىمۇ، ئىمام بولۇشقا بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇلار يەنە ئۆز ئېقىمىدا ئىمام بولمىسىمۇ، بۇ ئېقىم يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ ياكى بىرلا ۋاقىتتا بىر نەچچە ئىمام بولسىمۇ، ھەر قايسىسى ئۆز تەۋەلىكىنى باشقۇرۇۋېرىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدە چوقۇم بىرسى ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇشى، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى بىر تۇتاش كونترول قىلىشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. بۇ ئېقىم ئىماملىقنىڭ ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد مىراس قېلىش ئۇسۇلى بويىچە داۋاملاشقانلىقىنى چەتكە قاقمايدۇ. ئەمەلىيەتتە زەيدىيە ئېقىمى قۇرغان دۆلەتتە ئىماملىق مەنسىپى ئادەتتە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد مىراس قالغان.

**3. ئىسمائىلىيە فىرقىسى.** ئىسمائىلىيە فىرقىسى ھىجرىيە 147 ـ يىلى (مىلادىي 767 ـ يىلى) شىئە مەزھىپى جەفەر ئېقىمىدىن بۆلۈنۈپ چىقتى. ئۇ ئىسمائىلىيە فىرقىسى بولۇپ شەكىللىنىشتىن ئىلگىرى ئادەتتىكى شىئە مەزھىپى بىلەن تۈپ يىلتىزى بىر ئىدى. شىئە مەزھىپىنىڭ ئىسمائىلىيە تارمىقى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن بۇيان، ئىسلام ئەللىرىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە دىنىي ھاياتىدا زور رول ئويناپ كەلدى. ئۇلار ئىسلام تارىخىدا يۈز بەرگەن نۇرغۇن زور ۋە مۇرەككەپ ۋەقەلەرنىڭ سەۋەبچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن تارىخ سەھنىسىدىن ئورۇن ئېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب www.uyghurkitap.com

كەلدى. ئىسلام دىنىدىكى پىرقىلەر ۋە مەزھەپلەر ئارىسىدا ئالىملارنىڭ دىققىتىنى ھەممىدىن كۆپ جەلپ قىلغىنى ئىسمائىلىيە پىرقىسى بولدى. كېيىنكى دەۋرلەردە ئىسمائىلىيە پىرقىسى بىر قىسىم شەرقشۇناسلارنىڭ ۋە ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ تەتقىقات تېمىسى بولۇپ قالدى. ئىسمائىلىيە پىرقىسى بۈگۈنكى كۈندە پاكىستان، بىرما، ھىندونېزىيە، شەرقىي ئافرىقا، ھىندىستان، جەنۇبىي ئافرىقا، ئىران، ئىراق، سۈرىيە قاتارلىق مەملىكەتلەردە ۋە تاشقورغاندىكى تاجىك مىللىتى ئارىسىدا ھېلىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. ئىسمائىلىيە ھەرىكىتى يوشۇرۇن ئىماملار دەۋرىدىلا باشلاندى. ئىسمائىلىيىسى پىرقىسى 879 ـ يىلى (ھىجرىيە 266 ـ يىلى) دەۋەت ئېلىپ بېرىپ، يەمەندىكى قەبىلىلەردىن نۇرغۇن كىشىلەرنى توپلاپ، بىر قانچە قورغان ۋە قەلئەلەرنى پەتھى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسمائىلىيە ئىمامى نامىدىن تارىختا تۇنجى ئىسمائىلىيە دۆلىتى قۇردى. ئاندىن ئىبنى ھەۋشە بىنىڭ ھەرىكىتى سىرىتقا كېڭىيىشكە باشلاپ، ئەتراپقا دائىيلەر (تەرغىباتچىلار) ئەۋەتتى. ئەينى يىللاردا بەھرەيىندە تارىختا قەرمەتلەر ھەرىكىتى دەپ ئاتالغان ئىسمائىلىيە ھەرىكىتى مەيدانغا كەلدى. بۇ ھەرىكەت ئابباسىيلار ھاكىمىيىتىنى تەمتىرىتىپ قويدى. قەرمەتلەر بىر قانچە ئۇرۇشتا ئابباسىلار قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى. ئۇبەيدۇللا مەھدىنىڭ كۆزى مىسىرنى مەركەز قىلىشقا تىكىلگەنىدى. جەفەر سىقىللى قوماندانلىقىدىكى پاتىمىيەلەر قوشۇنى 969 ـ يىلى (ھىجرىيە 358 ـ يىلى) مىسىرنى رەسمىي ئىشغال قىلىپ، ئىخشىدىلەر دۆلىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. جەفەر سىقىللى پاتىمەلەرنىڭ پايتەختى قىلىش ئۈچۈن، قاھىرەنى بىنا قىلدۇردى ۋە قاھىرەدىكى دىنى ئۇنىۋېرسىتېت جامىئۇل ئەزھەرنى سالدۇردى.

**4. شىئە مەزھىپىنىڭ شىنجاڭغا كۆرسەتكەن تەسىرى.**

مىلادى 11 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئىسمائىلىيە پىرقىسىدىكىلەر ئوتتۇرا ئاسىيادا سالجۇقلار خانىدانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەش قىلغان. ئەينى چاغدا تاجىك ۋە پارسلارنىڭ مەشھۇر شائىرى، پەيلاسوپ ۋە دىنى ئەرباب ناسىرخىسراۋ (مىلادى 1004 ـ 1088 ـ يىللار ھىجرىيە 394 ـ 480 ـ يىللار) پېئودالىزمغا قارشى بۇ كۈرەشنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇنىڭ پامىر رايونىدا يۇرتىدا ئېلىپ بارغان دىنى تەشۋىقات پائالىيىتى نەتىجىسىدە ئىسمائىلىيە پىرقىسى تاجىك مىللىتى ئارىسىغا تارقالغان. ئەبۇمۇئىنسەدىن ئەل قۇبادىيانى ناسىرخىسراۋ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاجىكىستاننىڭ شەدتۇر رايونىدا قۇبادىيات شەھىرىدە تۇغۇلغان. ياش چېغىدا بەلىخ شەھىرىدە كېيىن مەرۋىدە ئوقۇپ، تۈرلۈك بىلىملەرنى تەتقىق قىلغان ۋە غەزنىۋىلەر خانىدانلىقى، سالجۇقىلار خانىدانلىقىدا ئەمەل تۇتقان، مىلادى 1046 ـ يىلى (ھىجرىيە 437 ـ يىلى ياكى 438 ـ يىلى) ئۇ يەتتە يىللىق ساياھەتچىلىك ھاياتىنى باشلاپ، دەرۋىشلىك سالاھىيىتى بىلەن ھىجاز، كىچىك ئاسىيا، سۈرىيە، شىراز، پەلەشتىن، نىشاپۇر، سېيستان ئىسپاھان، غىلان، خۇراسان ۋە مىسىر قاتارلىق جايلارنى ئايلىنىپ، شۇ جايلاردىكى ئاھالىلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى، دىنىي ئېتىقادى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بىلەن تونۇشقان. ناسىر خىسراۋ مىسىردىكى چېغىدا ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئۇلارغا خەيرىخاھلىق بىلدۈرگەن. ئۇ ئىسمائىلىيە پىرقىسىنىڭ ئىجتىمائىي غايىسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، قەرمەتلەر قۇرغان بەھرەيىن سۇلتانلىقى ۋە ئىسمائىلىيە مەزھىپىدىكىلەر قۇرغان فاتىمىيە خانىدانلىقىنى زىيارەت قىلغان. ئۇ ئىسمائىلىيە تەشكىلاتىغا قاتنىشىپلا قالماي، يەنە مىسىردا پاتىمە خانىدانلىقىنىڭ خەلىپىسى مۇستەنسىر تەرىپىدىن دىن تارقاتقۇچى ( داھىي ) قىلىپ تەيىنلىنىپ، خۇراسان قاتارلىق جايلارغا دىن تارقىتىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن. ئۇ مىلادى 1061 ـ يىلى (ھىجرىيە 453 ـ يىلى) دىن ئىلگىرى ئىسمائىلىيە تەلىماتىنى تارقاتقۇچى ئۇستازلىق سالاھىيىتى بىلەن پامىر رايونىغا كېلىپ، ئاخىر بەدەخشاننىڭ يۇمخۇن دېگەن تاغلىق يېرىدە ماكانلىشىپ ئالەمدىن ئۆتكەنگە قەدەر شۇ يەردە تۇرۇپ يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ناسىرخىسراۋ (تەخەللۇسى «ھوججەتى») پۈتۈن ئۆمرىدە نۇرغۇن شېئىر، ساياھەت خاتىرىلىرى، دىنى ۋە پەلسەپىۋى ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان.

16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سەئىد سۇرە دېگەن بىر ئىشان ئىراندىن پامىر رايونىغا ئىسمائىلىزمنىڭ ئەقىدىسىنى تارقاتقىلى كەلگەندە يەتتە يۈز ئەسكىرىنى باشلاپ تاشقورغانغا بېرىپ ئۇ يەرنىڭ ھۆكۈمرانى جاھانگىر بىلەن ئەلەمگىرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزى سەئىد شارىخان بولۇۋالغان ۋە بەش ئەۋلاد ھۆكۈم سۈرگەن. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئاغاخان يەنى ئاغا ئەلى شاھ كېلىپ تاشقورغاننى كۆزدىن كەچۈرگەن. بۇ چاغدا ئۇنىڭ مۇرتلىرى تاجىك مۇسۇلمانلار بەدەل داۋانغىچە ئالدىغا بېرىپ قارشى ئالغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەر «ئاغا قەدەم جاي» دەپ ئاتىلىپ تاجىك مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئاغاخاننى خاتىرىلەيدىغان جايىغا ئايلانغان. كىشـ

لەر بۇ يەردىن ئۆتكەندە ئۇلاغدىن چۈشۈپ دۇئا قىلىپ سە-
دىقە بېرىپ ئۆتىدىغان بولغان. ناسىر خىسراۋدىن كېيىن
پامىر تاجىكلىرى ئارىسىدىكى ئىسمائىلىلەردە بىر قاتار
ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن بولسىمۇ، ئۇلار ناسىر خىسراۋ ئې-
دىيىسىنىڭ ئورنىنى ئىنكار قىلمىغان. دەرۋەقە پامىر رايونى-
دىكى تاجىك مىللىتى ئىسمائىلىيە تەلىماتىنى خېلى ئۇ-
زۇن ۋاقىت مۇرەككەپ كۈرەشلەرى ئارقىلىق قوبۇل قىل-
غان. چۈنكى بۇ كۈرەش ئىسلام دىنىدىكى ھەرقايسى مەز-
ھەپلەر بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىقۇش تاغلىرىنىڭ
جەنۇبىدىكى ئىسمائىلىيە فىرقىسىنىڭ پائالىيەتلىرى بى-
لەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. 11 ـ ئەسىردە غەزنە خا-
نىدانلىقىدىكى مۇھەممەد ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، نۇرغۇنلى-
غان ئىسمائىلىيە مۇرىتلىرىنى قىرىپ تاشلىدى، ئەمما
بىر قىسىم ئىسمائىلىيە قىرغىنىدىن ئامان قالدى. مۇڭ-
غۇللار ئالمۇت قەلئەسىدىكى يېڭى ئىسمائىلىيە مۇرىتلى-
رىنى قىرغىن قىلغاندا ئىسمائىلىيە فىرقىسىگە تەۋە ھەر-
قايسى تارماق گۇرۇھلارنىڭ مۇرىتلىرىدىن ھىندىقۇش
رايونلىرىغا قېچىپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىرى ئاز ئەمەس
ئىدى. بەدەخشادىكى ئىسمائىلىيەلەرنىڭ ئۆزئارا قىلغان
كۈرەشلىرى ئېلىمىزدىكى تاجىك خەلقىنىڭ دىنىي ئېتىقا-
دىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكەن. 16 ـ ئەسىرنىڭ دەس-
لەپكى چاغلىرىدا ھەششاشە گۇرۇھىدىكى مۇھەممەد شاھى-
نىڭ بىر نەپەر ئىمامى سالاھىدىن ئەددىن ئىراندىكى شى-
تاندىن بەدەخشانغا كېلىپ ھەششا شىلەرنىڭ قوللىشى
ئاستىدا بۇ رايوننىڭ كۆپ قىسمىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان.
17 ـ ئەسىرگە كەلگەندە مۇھەممەد شاھىنىڭ يەنە بىر نە-
پەر ئىمامى قۇداي بەھىس بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاش-
قان. يۇقىرىقى پاكىتلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى،
پامىر ۋە ھىندىقۇش تاغ رايونلىرىغا يېقىن يەرلەر 11 ـ
ئەسىردىن باشلاپ ئىسمائىلىيەلەرنىڭ ئېتىقادىنى قوبۇل
قىلغان. قەرمەتلەر ۋە ھەششاشىيلاردىن ئىبارەت ئىككى
گۇرۇھنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇرىتلىرى بولسىمۇ، لېكىن دەس-
لەپتە قەرمەت گۇرۇھى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن 16 ـ
ئەسىردىن باشلاپ 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگىچە
ھەششاشىيلەر ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن. 19 ـ ئەسىردە
ئىسمائىلىيەلەرنىڭ ھەرقايسى تارماق گۇرۇھلىرى تەدرى-
جىي ئاغاخانغا ئېتىقات قىلغان. پامىر تاجىكلىرىمۇ شۇ-
نىڭغا ئوخشاش بۇ مۇرىتلارنىڭ مۇنداق قىلىشى ئەنگلىيە-
نىڭ ئاغاخان ئاق سۆڭەكلىرىگە كۆچلۈك مەدەت بەرگەنلى-
كىدىن بولغان.

شىنجاڭدىكى تاجىكلار ئېتىقاد ئىدىيەسى جەھەتتە ئادەم
ئۆلگەندە روھ ئۆلمەيدۇ. ياخشى ئىش قىلغانلار ياخشىلىق
كۆرىدۇ. يامان ئىش قىلغانلار يامانلىق كۆرىدۇ. كۆپ ياخ-
شى ئىش قىلغانلارنىڭ ئەۋاھى جەننەتكە كىرىدۇ. جەننەت
توققۇز قات ئاسماننىڭ ئۈستىدە بولىدۇ. جەننەتكە كىر-
گەنلەر پەيغەمبەرنىڭ دەرگاھىغا بارىدۇ. ئەبەدىل ـ ئەبەت
بەختلىك بولىدۇ. يامانلىق قىلغانلارمۇ ئۆلگەندىن كېيىن
ئاسمانغا چىقىدۇ. ئەمما جەننەتكە يېتىپ بارالماي، يەتتە
قەۋەت ئاسمانغا چىقىپلا يامغۇر قار بولۇپ يەرگە چۈشىدۇ.
يەرمۇ توققۇز قات بولىدۇ. يامغۇر قار يەرگە چۈشكەندە تو-
پىغا سىڭىپ، پاتقاق بولۇپ، گىياھقا ئايلىنىدۇ. گىياھ
چارۋىغا ئوزۇق بولىدۇ. چارۋىنىڭ قورسىقى دوزاقتۇر. يا-
مانلىق قىلغانلار ئەنە شۇ يەردە ئازاب چېكىدۇ. بەزىلىرى
قاغا ـ قوزغۇنغا ئوخشاش ئۇچار قۇشقا ئايلىنىدۇ. بەزىلىرى
ئېشەك، تۆگە، ئىت، قوي، كالا قاتارلىق ھايۋانلارغا ئايلى-
نىپ، ئادەم تەرىپىدىن ئىشلىتىلىدۇ، دەپ قارىغان. تا-
جىكلار ئىسمائىلىيە ئېتىقادىنى ساۋابلىق ئىش قىلىش
بىلەن ماسلاشتۇرۇپ تاجىك مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىبادەت
جاھاندارچىلىق يولىنى گەۋدىلەندۈرگەن.

تاجىكلار ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقىچە ئوتتۇرا ئاسىيا رايو-
نىدا ياشاپ كەلگەن ئۇزۇن تارىخقا ئىگە مىللەت. تاجىكلار
تۈزلەڭلىك تاجىكلىرى ۋە تاغ تاجىكلىرى دەپ ئىككىگە
بۆلۈنىدۇ. تاغ تاجىكلىرىنىڭ نوپۇسى ئازراق، ئۇلارنىڭ
كۆپچىلىكى پامىر ئېگىزلىكىدە ۋە ئۇنىڭغا يانداش
رايونلاردا ئولتۇراقلاشقان. شىنجاڭدىكى تاجىكلار تاغ تا-
جىكلىرىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، قەدىمكى زاماندا شىن-
جاڭنىڭ غەربىي جەنۇبىدا ياشىغان ھىندى ـ ياۋروپا تىل
سىستېمىسى ئىران تىل ئائىلىسىدىكى غەربىي ئىران تى-
لىدا سۆزلىشىدىغان مىللەت. شىنجاڭدىكى تاجىكلارنىڭ
60% پامىر ئېگىزلىكىدىكى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم
ناھىيەسىدە ئولتۇراقلاشقان، 40% يەكەن ناھىيەسىدىكى
زەرەپشان، پوسكام ناھىيەسىدىكى بۇيلۇق، گۇما ناھىيەسى-
دىكى رۇئاۋات، ئاقتۇ ناھىيەسىدىكى تار قاتارلىق تۆت تا-
جىك ئاپتونوم يېزىسىدا ئولتۇراقلاشقان.

تەھرىرلىگۈچى: ئوسمانجان مۇھەممەت

# ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقىدىكى تارىخىي ئەسەرلەردە ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك بىر قانچە نۇقتا توغرىسىدا

رەيھانگۇل قۇربان

( شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 830000 )

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە تارىخچىلارنىڭ ئۈزلۈكسىز تىرىشىپ ئۆگىنىپ يۇقىرى ساپا ھازىرلاپ، تارىخىي ئۇقۇملارغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىش، ئىلمىيلىككە ئەھمىيەت بېرىپ تارىخنىڭ چىنلىقىنى يورۇتۇش، تارىخىي پاكىتنى ئاساس قىلىش، تارىخىي ئاتالغۇلارغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىش، باشقا ئەسەرلەردىن ئەستايىدىل نەقىل ئېلىش قاتارلىق مەسىلىلەر بايان قىلىنغان.

**摘要**：本文论述了历史学家应不断努力学习,具备高水平对历史概念正确对待,讲究科学性,正确反映历史真实性,以历史事实为依据,对历史术语持认真态度,确保正确使用引语等问题。

نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇرچە كىتابلار، جۈملىدىن تارىخىي كىتابلار كۆپلەپ نەشر قىلىنماقتا. ئۇيغۇرچە تارىخىي كىتابلار يوق بولۇشتىن بار بولۇشقا، بار بولۇشتىن سەرخىللىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. تارىخىي كىتابلار سىستېمىلىق نەشر قىلىنىپ، ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقىنىڭ ھازىرقىدەك ئالتۇن دەۋرىگە قەدەم قويدى. كىتاب، جۈملىدىن تارىخىي كىتابلار نەشرىياتنىڭ نام ـ شۆھرىتىنى نامايان قىلىپلا قالماي، يەنە ئوقۇرمەنلەردە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق كۆز قاراش پەيدا قىلىدىغان، ئۆز مىللىتى ۋە دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى چۈشىنىشتىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. تارىخىي كىتابلارنىڭ چېتىشلىق دائىرىسى كەڭ، ئىلمىيلىكى، كەسپچانلىقى، قاراتمىلىقى كۈچلۈك، جەمئىيەت ۋە مىللەتنىڭ تارىخ، مەدەنىيىتى، دىنىي ئېتىقادى، تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادىتى قاتارلىقلارغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقتىن، ئوقۇرمەنلەرنى توغرا يولغا يېتەكلەشتە مۆلچەرلىگۈسىز ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا، تارىخىي كىتابلارنى سان ـ سۈپەتتە كاپالەتلىك قىلغان ئاساستا ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

## 1. ئۈزلۈكسىز تىرىشىپ ئۆگىنىپ يۇقىرى كەسپىي ساپا ھازىرلاش كېرەك

تارىخىي ئەسەرلەرمۇ باشقا ئەسەرلەرگە ئوخشاشلا يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىققا ئىگە، جاپالىق ۋە ئەستايىدىللىقنى تەلەپ قىلىدىغان شەرەپلىك خىزمەت. ئىجتىمائىي ئۇنۇم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىش تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرى يۈكسەك كەسپىي ئەخلاققا ئىگە بولغاندىن سىرت، تارىخىي كىتابلارنىڭ ئىلمىيلىكىگە ھۆرمەت قىلىدىغان، تارىخىي پاكىتنى ئاساس قىلىدىغان، كەسپىنى قەدىرلەيدىغان، ئېسىل پەزىلەتكە ۋە كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇشى كېرەك. بازار ئىگىلىكىنىڭ پاسسىپ تەسىرىگە باش ئەگمەي، خەلق ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلايدىغان پاك روھقا ئىگە بولۇشى، مەيلى قايسى دەۋرگە، قايسى دۆلەتكە، قايسى مىللەتكە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ئەسەر بولسۇن، ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشى، قىلچە بىخەستەلىك قىلمايدىغان ئىستىلغا ئىگە بولۇشى كېرەك. تارىخىي ئەسەرلەر ئاپتورلىرى ئومۇم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئالدىنقى شەرت، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى نىشان قىلىشى؛ قەدىمكىنى بۈگۈن ئۈچۈن، چەتئەلنىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇشى، تارىخىي ئەسەرنىڭ ئىلمىيلىكىگە، تارىخىي پاكىتقا ئۇيغۇن بولۇشقا كاپالەتلىك قىلغان ئاساستا، ئېلىمىز تارىخىغا، بولۇپمۇ شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت ئەسەرلەردىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، دىنىي ئېتىقادى، تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەتى قاتارلىقلارغا چېتىلىدىغان ئەسەرلەردە بىر تەرەپلىمىلىك قاراشتىن ساقلىنىپ، ئوقۇرمەنلەردە ئىلمىي، توغرا

تارىخىي كۆزقاراش پەيدا قىلىشى، ئۆز يۇرتى، ئۆز مىللىتىنى مەركەز قىلىشتەك شەخسىيەتچىلىك خاھىشىنى چۆرۈپ تاشلاپ، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرىدىغان، دۇرۇس، ئالىيجاناب پەزىلەت ھازىرلىشى كېرەك. بىلىم قۇرۇلمىسىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىش ئىنتايىن مۇھىم، تارىخىي ئەسەرلەر مۇھەررىرلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق. مەسىلەن، شىنجاڭنىڭ كونا - يېڭى تاش قوراللار دەۋرى، فېئوداللىق دەۋرى قاتارلىقلارغا ئائىت مەزمۇن بايان قىلىنغان ئەسەرلەرنى تەھرىرلىگەندە، ئېلىمىزنىڭ باشقا رايونلىرىنىڭ، دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىنىڭ شۇ تارىخىي دەۋرلەردىكى تەرەققىيات ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇشى؛ ئەجدادلىرىمىز دىيارىمىزدا «جۇڭگودىكى ئۈچ چوڭ قۇرۇلۇش» نىڭ بىرى بولغان «يەر ئاستى ئانا دەريا» — كارىزنى ئىجاد قىلىپ، دېھقانچىلىق قىلىپ، باغ - ۋاران بەرپا قىلىپ، ئادەم ۋە چارۋا - ماللارنىڭ ئىچىملىك سۈيىنى ھەل قىلغان تارىخىي دەۋرلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ۋە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى شەرت - شارائىتى شىنجاڭدىكى سۇ قىس، قۇرغاق جايلارنىڭ شەرت - شارائىتىغا ئوخشايدىغان تۈركىيە، ئىران، ئەزەربەيجان، رۇسىيە، ئۆزبېكىستان، قاتارلىق جايلاردىمۇ شۇ تارىخىي دەۋرلەردە كارىز بارلىققا كېلىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش مەۋجۇتمۇ - قانداق دېگەندەك تارىخىي مەلۇماتلاردىن خەۋەردار بولۇشى؛ قەدىمكى دىلار بىلەن تېلىلارنىڭ، قاڭقىللارنىڭ، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ئۇيغۇرلار بىلەن قانداق تارىخىي باغلىنىشى بارلىقىغا ئائىت مەلۇماتلاردىن خەۋەردار بولۇشى؛ قەدىمكى رۇڭلار بىلەن تىبەتلەرنىڭ ھازىرقى زاڭزۇلار بىلەن مۇناسىۋىتى، قەدىمكى سيانپىلار بىلەن مانجۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىق مەلۇماتلاردىن خەۋەردار بولۇشى كېرەك.

**2. تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ ئىلمىيلىكىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك**

كىتاب ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئاساسىغا قۇرۇلغان، ئەمما ھازىرقىدەك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىمۇ تارىخىي كىتابلار ئىجتىمائىي ئۈنۈم ئاساسىغا قۇرۇلىدۇ. بۇ دۆلىتىمىزنىڭ نەشرىياتچىلىق فاڭجېن، سىياسەتلىرىدە تەكىتلىنىدىغان پرىنسىپ. تارىخىي ئەسەرلەر مۇئەللىپلىرى ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى قوغلىشىپ، ئەسەرنىڭ ئىلمىي قىممىتىگە، تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇشىغا، تارىخىي ماتېرىيالىزملىق كۆزقاراشتا چىڭ تۇرۇشقا سەل قارىسا بولمايدۇ. ناۋادا ئىلمىي بولمىغان كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ئىسپاتلاشتىن ئۆتمىگەن مەزمۇنلار بايان قىلىنغان بىرەر تارىخىي ئەسەر نەشر قىلىنىپ، ئوقۇرمەنلەردە خاتا تۇيغۇ پەيدا قىلسا، جەمئىيەتتە ناچار تەسىر پەيدا قىلىدۇ. مەسئۇلىيەت مۇئەللىپنىلا ئەمەس، شۇ ئەسەرنى نەشرى قىلغان نەشرىياتقا ھەتتا شۇ ئەسەرنى تەھرىرلىگەن تەھرىرگىمۇ ئارتىلىدۇ. مەن مەلۇم بىر ئاپتورنىڭ ئەسىرىنى تەھرىرلەش جەريانىدا «شىنجاڭدىن يىگىرمە - ئوتتۇز مىڭ يىللىق مومىيا تېپىلدى» دېگەن مەزمۇنغا ئۇچراپ قالدىم. ئەپسۇس مومىيانىڭ شىنجاڭدىن قايسى يېرىدىن، قاچان تېپىلدى، قانداق تەكشۈرۈش، تەتقىقاتلاردىن، ئىسپاتلاشلاردىن ئۆتتى دېگەندەك مەنبەلەر يوق ئىدى. شۇڭا بۇنداق ئاساسسىز، يەنى ھېچقانداق ئىسپاتلاشلاردىن ئۆتمىگەن، دۇنيا ئىلىم ئەھلى ئېتىراپ قىلمىغان قاراشلارنىڭ مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىشىغا قەتئىي يول قويماسلىق كېرەك. يېقىندا مەلۇم بىر خەنزۇچە ئەسەردە، «شىنجاڭنىڭ مەلۇم جايىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن بىر ئەرنىڭ جەسىتى بىلەن ھەمدەپنە بۇيۇملار ئارىسىدىن دىيامېتىرى 18.5 سانتىمېتىر كېلىدىغان ئالتۇن ئۈزۈك تېپىلدى» دېگەن باياننى ئۇچرىتىپ قالدىم. بۇ ئېنىقكى، تەھرىرلىك ۋە كوررېكتورلۇقتىن كەتكەن خاتالىق. تارىخىي ئەسەرلەردە بىرەر تال ساپال پارچىسى، بىرەر تال مارجان ۋە ياكى قوشۇق بولسىمۇ شۇ بۇيۇم مەنسۇپ بولغان يىل دەۋرى، تېپىلغان جاي، تېپىلغان ۋاقىت، ياسىلىش شەكلى، رەڭگى، قانداق ئىسپاتلاشلاردىن ئۆتكەنلىكى قاتارلىقلار ئېنىق، تەپسىلىي بايان قىلىنىشى كېرەك.

**3. نەقىل ئېلىشنىڭ توغرىلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك**

تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ ئىلمىي قىممىتى — ئۇنىڭدا پايدىلىنىدىغان ماتېرىيال مەنبەسىنىڭ كۆپلىكى، ھەقىقىيلىقى، تەپسىلىيلىكى قاتارلىقلاردا ئىپادىلىنىدۇ. قىسمەن ئىجادىي تارىخىي ئەسەرلەردە پايدىلىنىدىغان ماتېرىيالنىڭ مەنبەسىنى ئېنىق يازمايدىغان، پايدىلانسىمۇ ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىغا ئۆزگەرتىۋېتىدىغان، ھەتتا ئەسەرنىڭ نامى، ئاپتورنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالمايدىغان، ئەسلىي مەنبەدىن ئىزدىمەي، باشقا ئەسەردە ئېلىنغان نەقىلنى ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ قويىدىغان ئەھۋالمۇ ئۇچراپ قالىدۇ. مەن مەلۇم بىر ئاپتورنىڭ ئەسىرىنى تەھرىرلەش جەريانىدا، لېۋىس ھېنرى مورگاننىڭ «قەدىمكى جەمئىيەت» ناملىق ئەسىرىنىڭ 2 - قىسمىدىن ئېلىنغان نەقىلنى شۇ ئەسەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدىغانلىقىنى بايقىدىم. «قەدىمكى جەمئىيەت» ناملىق بۇ ئەسەر دۇنيا ئىلىم ئەھلىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن، ھەتتا ماركس ـ ئېنگىلسمۇ بۇ ئەسەرگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەن. ئادەتتە خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنغان تارىخىي ئەسەرلەردە ئەسلىي ئەسەرنى ئاساس قىلغان ھالدا، ئەسەرنىڭ ھەر جەھەتتىن مۇكەممەل بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. نەقىللەرمۇ ئەسلىي ئەسەر بويىچە ئېلىنىدۇ.

**4. قەدىمكى مىللەت، دۆلەت، مەنسەپ، يەر نامى ۋە قەبىلە، مىللەت، تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئىسمى ئىزاھلىنىشى كېرەك**

قەدىمكى قەبىلە، مىللەت، دۆلەت، تارىخىي شەخسلەر نامى ۋە يەر ـ جاي، ئەمەل ـ مەنسەپ ناملىرى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزگىرىپ كەتكەن ياكى بىر دەۋر بىلەن يەنە بىر دەۋردىكى ئېلىنىشى ئوخشاش بولمايدىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ناملار خەنزۇچە يازما ھۆججەتلەر، ھەمدە چەت تىللىرىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغاچقا، ئەسلىدىكىدىن ئۆزگىرىپ كېتىدىغان ياكى خاتا ئېلىنىدىغان ئەھۋاللار ئۇچرايدۇ، شۇڭا ئىزاھ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

تېما كىچىك، ئەمما مەزمۇن سىستېمىلىق، تەپسىلىي بايان قىلىنىشى، مەزمۇن تېمىدىن چەتنەپ كەتمەسلىكى، كونا تېمىلاردىكى مەزمۇننى تەكرارلاشتىن ساقلىنىش كېرەك. ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى تەرىپىدىن كوللېكتىپ ئۇيۇشتۇرۇلۇپ تۈزۈلگەن تارىخىي ئەسەرلەردە، مەسىلەن، «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى»، «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» ۋە بەزى شەھەر، ۋىلايەت، ناھىيە، ئىدارىلەرنىڭ تەزكىرىسى قاتارلىق ھەجمى چوڭ، يۈرۈشلۈك ئەسەرلەردە، ۋەقەلىكلەر قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان تارىخىي دەۋرلەر بويىچە بايان قىلىنىدۇ، بەزى مىللەت ياكى دۆلەت، بەگلىك، تارىخىي شەخسلەرنىڭ نامى بەك تەپسىلىي بايان قىلىنمايدۇ. ئەمما مەخسۇس بىرەر ـ ئىككى تېمىغا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەر، مەسىلەن، دۇەن لېيەنچىن ئەپەندىنىڭ «دىڭلىڭلار، قاڭقىللار، تۇرالار» ناملىق ئەسىرى، «خۇنەن ئۇيغۇرلىرى» قاتارلىق ئەسەرلەردە ۋەقەلىكلەر ۋە قەبىلە، مىللەت نامى تەپسىلى بايان قىلىنغان، يەنە كېلىپ بۇ ئەسەرلەردىكى قەبىلە، مىللەت نامى، ئۇلارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك باشقا تارىخىي ئەسەرلەردىكى مەنبەلەر تەپسىلىي ئېلىنغانلىقتىن، ئەسەرنىڭ ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى بولغان. بۇ جەھەتتە «قەدىمكى جەمئىيەت» ناملىق ئەسەرنى ئۈلگە قىلىشقا بولىدۇ. بۇ ئەسەردە ئۇرۇق ـ قەبىلە نامى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ ئادىتى، بىر قىتئەدىكى ئۇرۇق ـ قەبىلە، مىللەتلەردىكى ئوخشاشلىق ۋە ئوخشىماسلىقلار ... ناھايىتى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. شۇڭا بىرەر ـ ئىككى تېما ئارقىلىق ھەربىر تارىخىي ۋەقەلىكلەرنى تەپسىلىي، ئېنىق، ئىلىم ئەھلىنى قايىل قىلالايدىغان ھالدا يورۇتۇپ بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

باشقا ئەسەرلەردە كونا تېمىنى تەكرارلاشتىن، تىلغا ئېلىنمىغان ياكى باشقا ئەسەرلەردە ئاددىيلا ئىزاھلاپ ئۆتۈلگەن تېمىلار ئۈستىدە ئەسەر يازىدىغانلارنى قوللاش ۋە ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك. ئۇيغۇرچە تارىخىي ئەسەرلەردە قەدىمكى ھونلار، تۈركلەر، ئۇيغۇرلار ... غا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار خېلى كۆپ، ھەتتا تەكرار بايان قىلىنغان مەزمۇنلارمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. بىزدە يەنە تېخىمۇ تەپسىلىي بايان قىلىنىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن تېمىلار، مەسىلەن، ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرگە قوشۇلۇپ، تارىختا نامى يوقالغان سىرتاردۇش، سوغدى، ياغلاقار، قاڭقىل، توڭرا قاتارلىق ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئىتتىپاقى تەركىبىدىكى نۇرغۇن قەبىلە، مىللەت نامىغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇننى تەپسىلىي بايان قىلىپ كۆپلىگەن تارىخىي ئەسەرلەرنى يېزىشقا بولىدۇ. تارىختا ئۆتكەن تارىخىي شەخسلىرىمىز ھەققىدە ئەسەر يېزىشقا بولىدۇ.

---

**پايدىلانمىلار:**

1. «كىتاب تەھرىرلىكى ۋە كوررېكتورلۇق قوللانمىسى»، گۇاڭشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى 8 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى
2. لېۋىس ھېنرى مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى
3. ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى ۋە 2011 ـ يىللىرىدىكى ئۇيغۇرچە نەشرى
4. دۇەن لېيەنچىن: «دىڭلىڭلار، قاڭقىللار، تۇرالار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى
5. پولىك بېرگمان: «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل 9 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى

**تەھرىرلىگۈچى: ئوسمانجان مۇھەممەت**

# مۇسابايېۋ ئائىلىسىنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

ئابدۇقېيۇم باھاۋۇدۇن مۇسابايېۋ

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە مۇسابايېفلار ئائىلىسىنىڭ قىسقىچە تارىخى، ئۇلارنىڭ شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان سودا ـ سانائەت، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىغا قوشقان تۆھپىسى، ئۇلارنىڭ كېيىنكى تەقدىرى ئىخچام، مەزمۇنلۇق بايان قىلىنغان. مۇسابايېفلار جەمەتى توغرىسىدا نۇرغۇن ماقالىلار يېزىلغان، ئۇلارنىڭ جەمەتى توغرىسىدا ھەر خىل قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ ماقالە ئۇلارنىڭ ئۆز جەمەتىدىكىلەر يازغان بىردىنبىر ماقالىدۇر. بۇ ماقالىنى ئوقۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئاساسلىق ئەھۋالىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ.

**摘要：** 本文阐述了穆萨巴耶夫家族的简史。他们为新疆近代工商贸易、 文化教育事业作出的贡献等问题; 关于穆萨巴耶夫家族写了不少的文章、 并提出了不同的看法。此文是唯一由木萨巴也夫家族人自己写的简史、通过文章可以深入了解这个家族的基本情况。

مۇسابايېۋ دېگەن نام فامىلىمىز بولغان. چارروسىيە دەۋرىدە بىزنىڭ ئائىلىمىز شىنجاڭ بىلەن روسىيە ئوتتۇرىسىدا سودا تىجارەت مۇئامىلىسى قىلغانلىقتىن فامىلىمىزنىڭ نامى مۇسابايېۋ دەپ ئاتالغان. ئۇ ۋاقىتلاردا خەنزۇچە فامىلە نامىمىزنى فو ــ شىڭ ــ خاڭ دەپ ئاتاپ كەلگەن. بوۋىمىز مۇسا ھاجى 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەر ئۇستۇن ئاتۇش ئىكساق يېزىسىدا تۇغۇلغان، ئۇنىڭ دادىسى ئابدۇرۇسۇل ئاخۇن شۇ زامانلاردا سودا ـ سېتىق بىلەن مەشغۇل بولغان. بوۋىمىز مۇسا ھاجى چوڭ بولغاندىن كېيىن قەشقەر شەھىرىگە بېرىپ، قەشقەر شەھىرىدىكى خانلىق مەدرىسىدە ئەرەب، پارس، تۈركىي تىللار بويىچە ئىلىم تەھسىل قىلغان، مەدرىسەنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شۇ مەدرىسىگە مۇددەرىس بولغان، بىرقانچە يىل ئۆزىنىڭ بىلىم سەۋىيەسىنى ئۆستۈرگەنلىكتىن، قەشقەردە ئۇنىڭغا مۇسا شەيخ دەپ نام بېرىلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شۇ زاماندىكى ئالىملارنىڭ ئاتاقلىقلىرىنىڭ بىرسى بولۇپ تونۇلغان. خەلق ئىچىدە ئىناۋەتلىك ھەم ئابرۇيلۇق كىشىلەرنىڭ بىرى بولغان. بوۋىمىز مۇسا ھاجىنىڭ قەشقەر شەھەر زەرگەرلىك كوچىسىدا ئۆزىنىڭ ئولتۇرغان قەدىم جايى بولۇپ، ئۇ ئۆيىنىڭ ھويلىسىدا ئالاھىدە بىر كۇتۇپخانىسى بار بولۇپ، مەزكۇر كۇتۇپخانىدا تەخمىنەن ئۈچ مىڭ پارچىگە يېقىن تۈرلۈك ئەرەب، پارس، تۈركىي كىتابلار ساقلانغان، بۇ كىتابخانىدىكى كىتابلارنىڭ بىر قىسمى 1935 ـ يىللىرىغىچە ساقلانغان. بوۋىمىز مۇسا ھاجىم 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەردە ۋاپات بولۇپ، قەشقەر ئۇستۇن ئاتۇش ئىكساق مازارغا دەپنە قىلىنغان. بوۋىمىز مۇسا ھاجىنىڭ ئالتە ئوغۇل ئىككى قىزى بولۇپ، ئۇلار ئۈچ ئانىدىن تۇغۇلغان. چوڭ ئوغلى ھۈسەيىن ھاجى، ئىككىنچى ئوغلى باۋۇدۇن ھاجى، ئۈچىنچى ئوغلى ئىمام مۇھەممەت ھاجى، تۆتىنچى ئوغلى ھىسامىدىن، بەشىنچى ئوغلى ئوبۇلھەسەن ھاجى، ئالتىنچى ئوغلى ئابدۇللا ھاجى ھەمدە ئۆمەراخان، ھەپىراخان ئىسىملىك ئىككى قىزدىن ئىبارەت ئىدى. مۇسا ھاجىنىڭ بالىلىرى ئىچىدە ھۈسەيىن ھاجى بىلەن باۋۇدۇن ھاجى چوڭ بالىلىرى بولۇپ، قالغان تۆت ئوغۇل ئىككى قىزى سەغىرە، يەنى كىچىك بالىلىرى بولۇپ، مەكتەپ تەربىيەسىدە ئوقۇش بىلەن مەشغۇل بولغان. چوڭ ئوغۇللىرى ھۈسەيىن بىلەن باۋۇدۇن ھاجىلار قەشقەردىن غۇلجىغا سودىگەرچىلىك قىلىش ئۈچۈن چىقىپ، غۇلجىدا ئورۇنلىشىپ، سودا ـ تىجارەت بىلەن مەشغۇل بولغان. قالغان كىچىك ئوغۇللىرى ۋە قىزلىرى قەشقەردە دادىسى مۇسا ھاجىنىڭ يېنىدا تۇرغان.

ھۈسەيىن مۇسابايېۋ بىلەن باۋۇدۇن مۇسابايېۋ ئۆز تىجارەتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرغاندىن كېيىن، 1895 ـ يىلىدىن باشلاپ غۇلجا شەھىرىدە ئۆزلىرىنىڭ باش تىجارەتخانىسىنى رەسمىي قۇرۇپ چىققان. شىنجاڭنىڭ ئۈرۈمچى، قەشقەر، خوتەن، يەكەن، قاغىلىق، گۇما، مارالبېشى، ئاقسۇ، كۇچا، ئالتاي، ماناس، چۆچەك قاتارلىق شەھەر ۋە ناھىيىلىرىدە ئۆز تىجارەتخانىلىرىنىڭ شۆبىلىرىنى قۇرۇپ چىققان.

ھۈسەيىن ۋە باۋۇدۇن مۇسابايېفلارنىڭ سودا ـ تىجارەت مۇئامىلىسى يالغۇز شىنجاڭدىلا بولۇپ قالماستىن، يەنە شۇ زامانلاردا چارروسىيە بىلەنمۇ سودا مۇئامىلىسى قىلغان.

www.uyghurkitap.com



مەسىلەن، قازاقىستاندىكى قاراقارا يەرمەنكىسى، سىپالاتىنكى يەرمەنكىسى، سىبىرىيەدە ئۆمىكى، بارقاۋۇل شەھەرلىرىدە ئېچىلىدىغان يەرمەنكىلەردە ھەمدە رۇسىيەنىڭ نىژنى نوۋگوروت (ھازىر گوركى دەپ ئاتىلىدۇ) شەھەرلىرىدە ئېچىلىدىغان يەرمەنكىلەرگە، موسكۋا، پېتروگراد (لېنىنگراد)، قازان، ئوفا، تاشكەنت، ئالمائاتا، ئەنجان قاتارلىق شەھەرلىرىگە ئۆچەي، قوي، كالا، ئات تېرىسى، ئەلتىرە، مارىيە، سۇغۇر، بورسۇق، تۈلكە، قاشقىر، سولەيسۇن، قوي يۇڭى، ئات قۇيرۇقى، قوي، كالا، يىلقا قاتارلىق تىرىك ماللارنى ھەمدە پاختا قاتارلىق خام ماللارنى شىنجاڭدىن رۇسىيەگە ئېكسپورت قىلىپ، رۇسىيەدىن شىنجاڭنىڭ ئېھتىياجىغا كېرەكلىك گەزمال ۋە تۈرلۈك سانائەت ماللىرى، تۈرلۈك چەرچەن ماللارنى، يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ سايمانلىرىنى ئىمپورت قىلىپ تىجارەت قىلغان. سودا ـ تىجارەتنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن، رۇسىيەنىڭ ياركەت (پانفىلوف)، ئالمۇتا، پىشپەك (فرونزا)، سىپالاتىنكى، تاشكەنت، ئەنجان، ئوش، جالال ئاباد، موسكۋا قاتارلىق شەھەرلەردە تىجارەتخانىمىزنىڭ ئىش باشقۇرۇش ئورۇنلىرىنى قۇرغان. تىجارەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، سانائەت ئىشلىرىنىمۇ تىجارەتكە قوشۇمچە قىلىپ ئېلىپ بېرىشقا توغرا كەلگەن.

### 1. شىنجاڭنىڭ سانائەت ئىشلىرى تەرەققىياتى ھەققىدە

ھۈسەيىن، باۋۇدۇن مۇسابايېفلارنىڭ تىجارەتخانىسى 1896 ـ يىلىدىن 1906 ـ يىلغا قەدەر غۇلجىدىكى ھازىرقى تېرە زاۋۇتىنىڭ ئورنىغا بۇلغار كاژۇل، چىگرىن مەسكاپكە ئوخشاش رەختلەرنى ئىشلەپچىقىرىدىغان، سۇ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان يەرلىك تېرە زاۋۇتى قۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن. بۇ زاۋۇت ئاساسىي جەھەتتىن ئېيتقاندا قول سانائەت تېرە زاۋۇتى بولۇپ، بۇ زاۋۇتنىڭ قىسمەن ماشىنا سايمانلىرى، ئىستانوكلىرى ياغاچ ۋە تېرىدىن ياسالغان بولۇپ، سۇ كۈچى بىلەن بۇ زاۋۇتنىڭ ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرى بىر قانچە يىلغىچە خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى قەدىر ئەھۋال قامداپ كەلگەن بولسىمۇ، كېيىنكى يىللاردا بازار ۋە خېرىدارلارنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىيالمىغان. بۇ زاۋۇت ئىشلەپچىقارغان تېرىدىن ئىشلەنگەن ماللارنىڭ سۈپىتى ناھايىتى تۆۋەن بولغان، ئەگەر ئىشلەپچىقارغان ماللارنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلىمىغاندا كىرىزىسقا ئۇچراپ قىلىش خەۋپى مەۋجۇت ئىدى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن زامانىۋى تېرە زاۋۇتىنى قۇرۇش زۆرۈر ئىدى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن دادام باۋۇدۇن مۇسابايېف 1907 ـ يىلى موسكۋاغا بېرىپ، رۇسىيە ئارقىلىق گېرمانىيەنىڭ ماين دەرياسى يېنىدىكى فرانكفورت شەھىرىدىن ھەمدە بېرلىن شەھىرىدىن شۇ زاماندىكى سانائەت ھەسسىدارلىق شىركەتلىرىدىن، ئېلېكتىر ھەسسىدارلىق شىركىتى ھەمدە فرانسىيەنىڭ تۈرلۈك ئىستانوك ئىشلەپچىقارغان شىركىتى قاتارلىق سانائەت ئورۇنلىرى ئىشلەپچىقارغان تېرە ئىشلەپچىقىرىشقا كېرەكلىك بارلىق ماشىنا، ئىستانوك، پارۋاي قازان، پار بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان پارۋاي ماشىنا، ئېلېكتىر قۇۋۋىتى ئىشلەپچىقىرىدىغان دىۋاگاتېل، ئېلېكتىر ماتور، ماشىنىلارنى رېمونت قىلىشقا كېرەكلىك چوڭ مېتال قىرىش ئىستانوكى، رەندە ئىستانوكى، بۇرغىلاش ئىستانوكى، چاقلاش ئىستانوكى، ئېلېكتىر كەپشەرلەش ماشىنىسى قاتارلىق تۈرلۈك ئىستانوك ۋە ماشىنىلارنى ھەمدە تېرە ئىشلەپچىقىرىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان كۆپلىگەن ماشىنىلارنى سېتىۋالغان. تېرە زاۋۇتىنى غۇلجىغا قەدەر توشۇپ ئېلىپ كېلىش، زاۋۇتنى قۇراشتۇرۇش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان قۇرۇلۇش ھەمدە ھەربىر ماشىنىنى قۇراشتۇرۇش ئۈچۈن كېرەك بولىدىغان سېمونتتىن ياسالغان ماشىنا سۇپىسى قاتارلىق ئۇسكۇنىلەرنى سېتىۋالغان. ئىمارەتلەرنى پىلانلاپ ياساپ ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىش بىلەن زاۋۇتنى رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈپ زاۋۇتتىن ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنىڭ سان ـ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ھەمدە ئۈچ يىلغا قەدەر مېخانىك، ماستېر قاتارلىق مۇتەخەسسىسلەر غۇلجىغا كېلىپ تېرە زاۋۇتىدا تۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىشتا سان ـ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش بىلەن تېرە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىك ماستېر ۋە مېخانىكلارنى يەرلىك كىشىلەردىن تەربىيىلەپ چىقىرىش ۋە تېخنىك ئىشچىلارنى يېتىشتۈرۈپ بېرىش قاتارلىق توختام كېلىشىملەرنى گېرمانىيەنىڭ مۇناسىۋەتلىك شىركەتلىرى بىلەن تۈزۈپ چىققان. 1907 ـ يىلى تېرە زاۋۇتىنى غۇلجىغا ئېلىپ كېلىپ قۇرغان. 1909 ـ يىلى تېرە زاۋۇتى رەسمىي تېرە مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشقا باشلىغان. تېرە زاۋۇتىنىڭ ماشىنا سايمانلىرىنىڭ ھەممىسى گېرمانىيە چېگرىسىدىن رۇسىيە ئارقىلىق شىنجاڭ قورغاس چېگراسىغا ئېلىپ كېلىنگەن. چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن توقسان كۈن مۆھلەت بەرگەن. ئۇ چاغلاردا تاشكەنتتىن بۇياققا تېخى پويىز يولى ياسالمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن تېرە زاۋۇتىنىڭ ماشىنا سايمانلىرى گېرمانىيەدىن ئومسكى دەرياسىغىچە پويىز بىلەن كەلتۈرۈلۈپ،

ئۇ يەردىن ئېرتىش دەرياسى ئارقىلىق پاراخوت بىلەن سېمە-
مپالاتىنسكى شەھىرىگە كەلتۈرۈلگەن. ئەمدى سېمىپالا-
تىنسكى شەھىرىدىن قورغاس چېگراسىغىچە توشۇش ئۈچۈن
يوللارنى رېمونت قىلغان، يول ياسىغان. سېمىپالاتىنسكى
شەھىرىدىن قورغاس چېگراسى ئارقىلىق غۇلجا شەھىرى-
گىچە بولغان ئارىلىقتىكى يوللارغا 286 كۆۋرۈك ياسالغان.
تېرە زاۋۇتىنىڭ ماشىنىلىرىنى پارچىلاپ ئېلىپ كېلىشكە
توغرا كەلگەن، بۇلارنىڭ ھەربىرى ئۈچ توننا، ئىككى توننا،
بىر يېرىم توننا كېلەتتى. ئاددىي ھارۋىلار بىلەن مۇنداق
ئېغىر ماشىنىلارنى توشۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ
ئۈچۈن مەخسۇس ئېغىر يۈك كۆتىرىدىغان ئالاھىدە چوڭ
ھارۋىلار ياسالغان. ھەربىر چوڭ ھارۋىغا ئون ئىككى ئۆ-
كۈز، كىچىكرەكلىرىگە ئالتە ئۆكۈز قوشۇلغان. مۇشۇنداق
چوڭ سايمانلارنى توشۇشقا توقسان ئالتە تۇياق چوڭ ئۆكۈز
ئىشلىتىلگەن. تېرە زاۋۇتىدىن باشقا توقۇمچىلىق ئىستا-
نوكلىرىنى ئېلىشنى تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ، چاررو-
سىيە ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا چەكلىمە قويۇپ رۇسىيە
چېگراسىدىن ئۆتكۈزۈپ كېتىشكە رۇخسەت قىلمىغانلىقى-
دىن، توقۇمچىلىق زاۋۇتى ئېلىنماي قالغان. ئەگەر تېرە
زاۋۇتىنى بەلگىلەنگەن توقسان كۈن ئىچىدە سوۋېت
چېگراسىدىن ئېلىپ چىقىپ كېتەلمىسە، تېرە زاۋۇتىنى
رۇسىيەدە قۇرۇشنى ئويتۇرىغا قويغان.

ئىلى تېرە زاۋۇتى 1907 ـ يىلى تامام توشۇلۇپ بولغاند-
ىلىقتىن، 1909 ـ يىلى رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا باشلى-
غان، شۇ زامانلاردا تېرە زاۋۇتىنىڭ ئىشلەپچىقارغان مەھ-
سۇلاتلىرى يالغۇز شىنجاڭنىڭ ئېھتىياجىنى تەمىنلەپلا
قالماستىن، بەلكى چارروسىيەسىنىڭ سېمىپالاتىنسكى،
پانفىلون (يەركەن)، فىرونزا، تاشكەنت، ئەنجان، ئوش،
جالالئاباد، قازان، ئۇرفا، ئومىسكى، بارناۋۇل، يېڭى نوۋۇ-
گورۇت (ھازىرقى گوركى شەھىرى) قاتارلىق شەھەرلىرى-
دىكى خېرىدارلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن تېرە زاۋۇتى ئۇلار-
نى تۈرلۈك تېرە زاۋۇت ماللىرى بىلەن تەمىنلەپ تۇرغان.
مەسىلەن، چەم، تۈرلۈك، رەڭلىك كاۋۇل، چىگرىن، بۇل-
غار، پالۋال، مەسكاپ (يوفتا)، ئات تېرىسىدىن ئىشلەنگەن
ئانىنا، گامبورك، ئەستەرلىك قوي تېرىسى قاتارلىق ماللار
ھەمدە مەسكاپ، چىگرىن، سېرىق پالۋاندىن تىكىلگەن ئۆ-
تۈك، چىنىكلەر، ساندال ۋە كىچىك بالىلارنىڭ تۈرلۈك ئا-
ياغ كىيىملىرى، بويوكا، پوچتا كالاسكا، ھارۋىلىرىنىڭ
خامۇت شىلىيە قاتارلىق ئات جابدۇقلىرى، ئاتقا توقۇيدىغان
ئىگەر جابدۇقلىرى، بەلگە باغلايدىغان تۈرلۈك پويىزلارغا
ئوخشاش ماللار بىلەن سودا مۇئامىلىسى قىلىپ تۇرغان.

شىنجاڭنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، شىخو، ماناس،
ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەرلىرىنىمۇ كېرەكلىك تېرە زاۋۇت
ماللىرى بىلەن تەمىنلەپ كەلگەن. خۇسۇسەن 1910 ـ
يىلىدىن 1920 ـ يىللارغىچە رۇسىيەنىڭ يۇقىرىدىكى شە-
ھەرلىرىگە تېرە زاۋۇتىنىڭ سانائەت ماللىرى ئېكسپورت
قىلىنغان.

1920 ـ يىلىدىن 1924 ـ يىلىغا قەدەر رۇسىيە بىلەن
بولغان سودا ـ تىجارەت توختاپ قالغان. مۇشۇ مەزگىلدە
تېرە زاۋۇتىنىڭ ئىشلەپچىقارغان سانائەت ماللىرىنىڭ تۈر-
لىرى كۆپىيىپ، شىنجاڭنىڭ كۆپلىگەن يەرلىرىنى ئۆتۈك،
توپلى، بەتىنكە، ساندال، مەيسە، تېرىدىن تىكىلگەن كا-
لوش، تاسما، ئىگەر، جابدۇق، تۈرلۈك ھارۋا جابدۇقلىرى ئوخ-
شاش سانائەت ماللىرى بىلەن تەمىنلەپ كەلگەن. شۇنىڭ
بىلەن بىرگە يەنە ئۇششاق سانائەت ماللىرى بىلەنمۇ تە-
مىنلەپ كەلگەن، ئۇششاق قول سانائەتنىڭ تەرەققىي قى-
لىشىغا تۈرتكە بولغان. شۇ مەزگىللەردە رۇسىيەدە ئىچكى
ئۇرۇشى بولۇۋاتقان ئىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن شىنجاڭ-
نىڭ رۇسىيە بىلەن تاشقى سودا مۇئامىلىسى 3 ـ 4 يىل
توختاپ قالغان. مۇشۇ مەزگىلدە شىنجاڭنىڭ ئېكسپورت
قىلىدىغان ماللىرى، مەسىلەن، قوي، كالا، يىلقا تېرىسى،
ئۆچكە تېرىسى ھەمدە مارىيە، ئىلتىرە، بورسۇن، سۇغۇر،
تۈلكە، قاشقىر، سۇلەيسۇن قاتارلىق ماللىرى ھەمدە ئۇ-
چەي، ئات قۇيرۇقى قىلىگە ئوخشاش ھەر تۈرلۈك يۇڭلار-
نىڭ بازىرى كىرىزىسقا ئۇچراتقان، تېرە زاۋۇتىنىڭ ئىش-
لەپچىقارغان سانائەت ماللىرىنىڭ بازىرى راۋاجلاشقان. نە-
تىجىدە مۇساباييېفلار تىجارەتخانىسىنىڭ خام مال سېتىۋې-
لىشىغا بولغان نەق پۇل ئېھتىياجىنى تېرە زاۋۇتىنىڭ سا-
نائەت ماللىرىنىڭ سوممىسى قامدىغان بولۇپ، نەتىجىدە
تىجارەتنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولغان.

مۇساباييېفلارنىڭ سابىق ئىلى تېرە زاۋۇتى 1909 ـ يىلى
رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەندىن كېيىن، شىنجاڭ-
دىكى ھەرقايسى مىللەتلەردىن دەسلەپكى قەدەمدە ئىشچى،
بوغالتىر، ھېسابچى، ئىستاتىستىك، كاسسىر قاتارلىق
خىزمەتچىلەر؛ مېخانىك، ماستېر، ئېلېكتىر كەپشەرچى،
پىريومچىك، شورنىككە ئوخشاش سانائەت ئىشچىلىرى ۋە
مۇتەخەسسىسلەر، خىزمەتچىلەر يېتىشىپ چىققان. شىن-
جاڭدا بىرىنچى قېتىم 1909 ـ يىلى پارۋاي قازان ۋە پارۋاي
ماشىنا بىلەن ئېلېكتىر دېۋگاتېلنى ھەرىكەتلەندۈرۈش
ئارقىلىق ئېلېكتىر ماتور بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان زاما-

نۇيلاشقان تېرە زاۋۇتى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن.

بۇنىڭدىن باشقا، غۇلجا شەھىرىدە دەسلەپكى قەدەمدە 36 ـ نومۇرلۇق كوممۇتاتور ئورنىتىپ، شۇ ۋاقىتتىكى دوتەي، شەنگەن قاتارلىق ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ ھەمدە شەخسىي كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە تېلېفون ئورنىتىپ كىشىلەرنىڭ تېلېفون بىلەن سۆزلىشىش ئېھتىياجىنى قامداپ كەلگەن. بۇ تېلېفونلار 3 ـ 4 يىل ئىشلىتىلگەندىن كېيىن شۇ ۋاقىتتىكى ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت يول قويمىغانلىقتىن ئېلىپ تاشلىنىپ يالغۇز مۇسابايېفلارنىڭ باش ئىدارىسى (تىجارەتخانىسى)، ئىلى تېرە زاۋۇتى، مەكتەپ قورۇسى بولۇپ جەمئىي تۆت ئورۇندىكى تېلېفونلار 1935 ـ يىلىغا قەدەر ئىشلەپ كەلگەن. 1935 ـ يىلى شىڭ شىسەي دەۋرىدە غۇلجىغا تېلېفون ئورنىتىلغاندىن كېيىن ئەمەلدىن قالغان.

قەشقەر، غۇلجا شەھەرلىرىدە يۇڭ يۇيىدىغان مويكا، يۇڭلارنى پىرىسلاپ تاي قىلىدىغان يۇڭ پىرىس ماشىنىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ يۇڭلىرىنى سورتلارغا، تۈرلەرگە بۆلۈپ پىرىس قىلىنغان يۇڭلارنى ئېكسپورت قىلىش ئىشلىرىنى يولغا قويغان.

2. مەدەنىي مائارىپ توغرىسىدا

قەشقەر شەھىرىدىكى قەدىمىي خانلىق مەدرىسى بىنا قىلىنغانىغا ئۇزۇن يىللار بولغانلىقتىن، كۆپ يەرلىرى ۋەيران بولۇپ باشقىدىن بىر يېڭى مەدرىسە ياساشقا توغرا كەلگەن. مۇشۇ مەدرىسەنى بۇزۇپ، ئورنىغا يېڭى مەدرىسە ياساش ئۈچۈن مۇسابايېفلارنىڭ بوۋىسى مۇساھاجى شەخسەن ئۆزى كۈچ چىقارغان. مەدرىسەنىڭ ئۆلىنى ئۆزى قويۇپ بېرىش بىلەن بىللە بارلىق خىراجەتلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، بۇ مەدرىسەنىڭ مۇددەرىس ۋە ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خىراجەتلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزىنىڭ ئۆشرە ـ زاكات ۋە تىجارەت كىرىمىدىن تەمىنلەپ بەرگەن، قالغان خىراجەتلىرى مەدرىسەنىڭ ۋەخپىسى قىلىنغان ئۆي ـ جاي، زېمىنلارنىڭ كىرىمىدىن قامدىلىپ كەلگەن. بوۋىمىز مۇسا ھاجىم ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئوغلى باۋۇدۇن مۇسابايېف 1906 ـ يىلى قەشقەر ئۈستۈن ئاتۇش ئىكساق كەنتىدىن تۇرسۇن ئەپەندى، قەشقەر شەھىرىدىن كامىل ئەپەندى، مويدۇن ئەپەندى، قادىر ئەپەندى، مەسئۇد ئەپەندى، غۇلجا شەھىرىدىن ئابدۇراخمان ئەپەندى، غۇلجا تورپان يۈزىدىن مەسۇم ئەپەندى، غۇلجا شەھىرىدىن سەيت ئەپەندى، بوتابايېف قاتارلىق بىر قانچىلىغان ياشلارنى تۈركىيەنىڭ ئىستانبول، لىۋانىڭ بېيروت شەھىرىگە ئوقۇشقا ئەۋەتكەن. بۇ ئوقۇغۇچىلار ئىستانبول، بېيروت شەھەرلىرىدە تۈركچە، فرانسۇزچە، ئىنگلىزچە تىللارنى ئوقۇش بىلەن ئوقۇتقۇچىلىق، سپورتچىلىق، دوختۇرلۇق قاتارلىق كەسىپلەرنى ئوقۇپ، 1913 ـ يىلى ئوقۇشنى تۈگىتىپ غۇلجا، قەشقەر شەھەرلىرىگە قايتىپ كەلگەن. جۇڭگودا شىنخەي ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ سۇڭ جۇڭشەن ئەپەندى زوڭتۇڭلۇققا سايلانغاندىن كېيىن، شۇ ۋاقىتتىكى شىنجاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قەشقەر، غۇلجا قاتارلىق شەھەرلەردە ئېچىلغان خەنزۇچە تەرجىمانلار يېتىشتۈرۈش مەكتەپلىرىگە بىر قانچىلىغان ئوقۇغۇچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، ئوقۇش خىراجەتلىرىنى تۆلەپ خەنزۇچە ئوقۇتقان. مەسىلەن، بۇلاردىن ئازادلىقتىن كېيىن 1960 ـ يىللارغىچە تەرجىمان بولۇپ غۇلجا شەھىرىدە خىزمەت قىلغان داۋۇت موللام، قەشقەر ئاتۇش ئىكساق يېزىسىدىن مەرھۇم نىياز، مۇھەممەت قاتارلىقلار مىسال بولالايدۇ.

1913 ـ يىلى تۈركىيە ئىستانبول، لىۋان بېيروتلاردىن مېدىتسىنا ئىنستىتۇتى، دارىلمۇئەللىمىن، بېيروتتىكى ئىنگلىزچە، فرانسۇزچە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ غۇلجا، قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلاردىن مەسئۇد ئەپەندى، ئابدۇراخمان ئەپەندى، مەسۇم ئەپەندى، قادىر ئەپەندى، جىرجىس ھاجىلارنى ئوقۇتقۇچى قىلىپ، غۇلجىدا دىرنەك مەكتىپى ئىسىملىك باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرغان. قوشۇمچە تىياتىر ئۇيۇشتۇرۇپ ياشلارنى مەدەنىي ـ مائارىپ پائالىيەتلىرىگە تەشكىللەپ، مەدەنىيەت ـ مائارىپنى تەشۋىق قىلىدىغان، جاھالەت نادانلىقنى تەنقىد قىلىدىغان تىياتىرلارنى ئويناپ چىققان. شۇ ۋاقىتتىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ چېقىمچىلىقى نەتىجىسىدە ئەكسىيەتچى ئەمەلدارلار مەكتەپنى تاقاپ، ئابدۇراخمان ئەپەندى، مەسئۇد ئەپەندى، جىرجىس ھاجىلارنى قۇمۇلغا پالىغان. بۇنىڭدىن باشقا، ھازىر غۇلجا شەھىرىدىكى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئورنىغا 1912 ـ يىلى باۋۇدۇن مۇسابايېفلارنىڭ خىراجىتى بىلەن بىر مەكتەپ ياساتقان. بۇ مەكتەپتە 200 گە يېقىن ئوقۇغۇچى ئوقۇتۇلغان. بۇ بالىلارنىڭ ھەممىسى يېتىم بالىلار بولۇپ، بۇلارنىڭ تاماق ـ ياتاق، كىيىم ـ كېچەك، دەپتەر ـ قەلەم قاتارلىق ھەممە خىراجەتلىرىنى مۇسابايېفلار قامداپ بەرگەن. بۇ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ چىققان بالىلار تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە بولۇپ، قوشۇمچە تېرە زاۋۇتىدا ھېسابچى، شورنىك، پىرد-

يومچاك، سپىلسار، تېرە ئىشلەپچىقىرىدىغان تېخنىكىغا
ئوخشاش كەسپلەرنى ئىگىلەپ چىققان. مەسىلەن، بۇلار ـ
دىن غۇلجىدا بۇنىڭدىن 3 ـ 4 يىل بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن
ساۋۇت ئاكام، سايىزغا چىقىپ كەتكەن زۇنۇن تېيىپوف،
ئابدۇرۇپ ئاخۇنۇپ ساناتەت نازارىتىدە مۇدىر بولۇپ ئىش ـ
لىگەن (بۇ كىشى 4 ـ 5 يىل بۇرۇن ۋاپات بولۇپ كەتتى).
ئاتۇش ئىكساقلىق شاۋۇدون ئاكامالارنى مىسالغا ئالساق
بولىدۇ.

**3. ئايالالارنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇ-
رۇش ھەققىدە**

1912 ـ يىلى قازان شەھىرىدىن خەلىچە ئاۋۇستاي 3 ـ
4 ئايال ئوقۇتقۇچىلارنى غۇلجا شەھىرىگە ئېلىپ كەلگەن،
غۇلجىدا سابىق كونسۇلخانا ئۇدۇلىدىكى تاتار مەھەللىسىدە
ئايالالار ئۈچۈن مەخسۇس مەكتەپ ئېچىپ، بۇلارغا ئۇيغۇر ـ
چە، ئەرەبچە ئوقۇتۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپ ساۋادىنى چىقار ـ
غان، كىيىم تىكىش، يوڭ شارپا، پوپايكا، پەلەي قاتارلىق
نەرسىلەرنى توقۇش، رىشلىيە، گىلادىيە، كانۋاي ئىشلەش ـ
تەك تورلۇك قول ھۈنەرلىرىنى ئۆگىتىپ چىققان. بۇ مەك ـ
تەپتە ئوقۇغان قىزلارنىڭ سانى ئىككى يۈزگە يەتكەن.
مەكتەپنىڭ خىراجەتلىرىنى مۇساباييفلار تۆلىگەن. نەتىجە ـ
دە ئىككى يۈزگە يېقىن ھەرمىللەت قىزلىرى دەسلەپكى
قەدەمدە ھۈنەر ـ سەنئەت بىلىدىغان، خەت يازالايدىغان،
كىتاب ـ ژۇرنال ئوقۇيالايدىغان بولغان، ئەرەبچە بىلىدى ـ
غان، مەدەنىيەتلىك، دىنىي ساۋاتلىق قىزلار تەربىيەلىنىپ
چىققان.

ئاتۇشتا ئۇستۇن ئاتۇشتىكى يەتتە كەنتنى ئۆز ئىچىگە
ئالغان، ئىكساق كەنتىنى ئاساس قىلغان ھالدا مەدەنىيەت
ـ مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرغان. مەسىلەن، ئۇستۇن ئا ـ
تۇش ئىكساق كەنتىدە زامانىۋى مەكتەپ قۇرۇپ، ئۇستۇن
ئاتۇشنىڭ بېيساق، قايراق، دېھقانلى، ئۇچا، يولچى، ئىكساق
تاقوت يېزىلىرىدىكى كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ بالىلىرىدىن
مەكتەپكە ئوقۇغۇچى ئالغان. ئىكساق مازار يېنىدىكى مەس ـ
جىد ئالدىغا مەخسۇس ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ياتاق ـ ھۇج ـ
رىلارنى ياساتىپ، ھەربىر ھۇجرىغا تۆتتىن ئوقۇغۇچى ئو ـ
رۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارغا بورا ـ كىگىز، قازان، چۆمۈچ،
كەپكۈر، چىلەك قاتارلىق جابدۇق ـ سايمانلارنى ئېلىپ
بەرگەن، كىرەكلىك ئاشلىق نورمىلىرىنى تەييارلاپ بەر ـ
گەن. ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەپتەر ـ قەلەم، قەغەز، سىياھ،
ھەتتا بور قاتارلىق نەرسىلىرىنىمۇ تەمىنلەپ بەرگەن. بەي ـ
ساق، قايراق، دېھانلى، ئۇچا، تاقوت كەنتلىرىدە بۇ مەكتەپ ـ
نىڭ شۆبىلىرىنى قۇرۇپ چىققان. ئوقۇشنىڭ سىرتىدا ئو ـ
قۇغۇچىلارغا تۈرلۈك تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى ئورۇنلاش ـ
تۇرۇپ بەرگەن. جۈملىدىن پۇتبول كوماندىسى تەشكىللە ـ
گەن، ئۇستۇن ئاتۇش پۇتبول كوماندىسى شۇ زامانلاردىكى
قەشقەردىكى رۇسىيە كونسۇلخانىسى، ئەنگلىيە كونسۇلخا ـ
نىسىدىن كەلگەن پۇتبول كوماندىسى بىلەن پۇتبول مۇسا ـ
بىقىسى قىلىپ، ئۇلارنىڭ كوماندىسىنى جۇڭگو كوما ـ
دىسى قىلىپ پۇتبول ئويناپ يۇقىرىدىكى كوماندىلارنى يې ـ
ڭىپ چىققان، نەتىجىدە پۇتبول كوماندىنى ئالتۇن سائەت
ھەمدە تەنتەربىيە ماتېرىياللىرى بىلەن مۇكاپاتلىغان. شۇ
مەزگىللەردە قەشقەردىكى ئەكسىيەتچىلەر مەدەنىيەت ـ ما ـ
ئارىپ، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنىڭ راۋاجلىنىۋاتقانلىقىنى
كۆرەلمەي، شۇ ۋاقىتتىكى ئەكسىيەتچى دوتەي، شەنگەنلەر ـ
گە چېقىپ، مەكتەپنى تاقاتقۇزۇپ قويماقچى بولغاندا ئۇس ـ
تۇن ئاتۇش كەنتىدىكى كۆپچىلىك دېھقانلار نامايىش قى ـ
لىپ، شەھەرگە كىرىپ دوتەي، شەنگەنلەرگە ھەقىقەتنى
ئېيتىپ، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ قىلغان تۆھمەتلىرىنى پاش
قىلغاندىن كېيىن، شۇ ۋاقىتتىكى يەرلىك ھاكىمىيەت
مەكتەپنى ئېچىپ بېرىشكە مەجبۇر بولغان. يۇقىرىدىكى
مەكتەپلەرگە ئۇستۇن ئاتۇش ئىكساقلىق تۇرسۇن ئەپەندى،
(ئىستانبۇلدا ئوقۇپ كەلگەن)، كامىل ئەپەندى (قەشقەر ـ
لىق، لىۋان، بېيرۇتتا تۈركچە، فرانسۇزچە ئوقۇپ كەل ـ
گەن)، قادىر ئەپەندى (قەشقەرلىق، بېيرۇتتا ئىنگلىزچە،
تۈركچە ئوقۇغان)، ئابدۇراخمان ئەپەندى (غۇلجىلىق، ئىس ـ
تانبۇلدا ئوقۇغان)، ئەخمەت كامال ئەپەندى (تۈرك مۇئەل ـ
لىم بولۇپ، مائاشنى، بارلىق يول خىراجەتلىرىنى باۋۇدون
مۇساباييف تۆلەپ، قەشقەردە ئوقۇتقۇچى قىلىشقا ئېلىپ
كەلگەن) ئوقۇتقۇچى بولغان. ئۇ ۋاقىتلاردا ئۇيغۇرچە ئې ـ
لىپبە كىتابى يوق ئىدى. ئېلىپبە ۋە باشقا ئوقۇش كى ـ
تابلارنى تاشكەنت، قازان شەھەرلىرىدە باستۇرۇپ، مەكتەپ ـ
نىڭ كىتابقا بولغان ئېھتىياجىنى قامدىغان. مەسىلەن،
«ئېلىپبەيى تۈركىي» قاتارلىق كىتابلار بۇنىڭغا مىسال
بولالايدۇ. شۇ زامانلاردا قەشقەردە مەشھۇر دىنىي تەرەققىي ـ
پەرۋەر ئالىم ئابدۇقادىر داموللامنىڭ كۆپىي ئاقاتتى. بىر
قانچە كىتابلارنى قازان شەھىرىگە ئېلىپ بېرىپ مەتبەئەدە
باستۇرۇپ، قەشقەردىكى ئوقۇغۇچىلارغا بىكارغا تارقىتىپ،
ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىتابقا بولغان ئېھتىياجىنى قامداپ
كەلگەن. چۈنكى ئۇ ۋاقىتلاردا ئوقۇش كىتابلىرى يوق بول ـ
غانلىقتىن، ئوقۇغۇچىلار ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى يېزىپ ئو ـ
قۇيتتى. بۇ مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئازاتلىقتىن كېيىن خەلق ئىگىلىكىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىدا خىزمەتچى بولۇپ ئىشلىگەنلىرى ئاز ئەمەس. مەسىلەن، جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتىدە مۇدىر بولۇپ ئىشلىگەن مەرھۇم شاۋۇدۇن ئاكام بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.

خەلقلەرنىڭ بالىلىرىنى ئوقۇتۇشقا ياردەم قىلىش بىلەنلا قالماي، ئۆزلىرىنىڭ بالىلىرىنىمۇ گېرمانىيە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، تۈركىيە قاتارلىق مەملىكەتلەرگە بىلىم ئېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن. مۇسابايېفلار ئۆز بالىلىرىنى قەشقەر، غۇلجا شەھەرلىرىدە تەشكىل قىلىنغان مەخسۇس باشلانغۇچ مەكتەپلەردە باشقا ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە ئوقۇتۇپ، مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۇلارنى تۈركىيەنىڭ ئىستانبول شەھىرىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇتقان، گېرمانىيەدە مەخسۇس تېرە ئىشلەپچىقىرىش بىلىمنى ئىگىلەپ كېلىش ئۈچۈن ئوقۇشقا ئەۋەتكەن. ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەنلەردىن سابىت، ئابلىز، مىجىت، ئىسمايىل، ئابلەھەت، تەلەپ قەييۇم، جاۋىدمۇسابايېفلار بار بولۇپ، بۇلاردىن مەجىت، سابىت، تەلەپ، جاۋىد غۇلجىغا قايتىپ كەتكەن، ئابدۇلئەلا يېشى توشماي چەت ئەلگە ئوقۇشقا بارماي، قەشقەردە تۇرۇپ قالغان. 1972 ـ يىلى فۇئات موسابايېفلار چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەن.

شىنجاڭدا قالغانلىرىدىن ئابلىز موسابايېف گوڭشىدا ئىشلەپ، 1983 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئۆرۈمچىدە ۋاپات بولغان. ئىسمائىل مۇبايېف بولسا ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەت بىرلەشمىسىدە مۇئاۋىن باش كاتىپ بولۇپ، 1978 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ئۆرۈمچىدە ۋاپات بولغان. قەييۇم مۇسابايېف ئىلى تېرە زاۋۇتىدا زاۋۇت باشلىقى، مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى، بۆلۈم باشلىقى بولۇپ خىزمەت قىلىپ، 1980 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى پىنسىيەگە چىققان. 1934 ـ يىلى ئۆرۈمچىدە قۇرۇلغان شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىدارە ۋە كىنوخانا قىلىشى ئۈچۈن مۇسابايېفلار جەنۇبىي قوۋۇقتىكى چوڭ قورو ـ جايىنى ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا تەقدىم قىلغان. بۇ توغرۇلۇق ھۆسەيىن باۋۇدۇن موسابايېفلارغا ئاتاپ ئىككى دانە لەۋھە بېرىلگەن (بۇلەۋھەلەر مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا يوقالغان). 1935 ـ يىلى دەسلەپكى قەدەمدە غۇلجا شەھىرىدە خەنزۇ بازاردىكى كىنوخانا ئالدىدىن بىلىم يۇرتى ئالدىدىكى ماي كۆۋرۈكى ئالدىغا قەدەر ئۆز خىراجىتى بىلەن چوڭ تاشلارنى تىزىپ تاش يول ياسىغان، غۇلجا شەھىرىنىڭ مەدەنىي تاش يولىغا بولغان ئىجتىمائىي ھەسسىسىنى قوشقان.

1935 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىدىكى فەنشۇي دوختۇرخانىسى يېنىدىكى بۇرۇنقى ئېلېكتىر ئىستانسىسى بىلەن ئۇن زاۋۇتىنى ياساش ئۈچۈن %65 پاي قوشقان. بىر پاينىڭ قىممىتى 50 دوللاردىن بولۇپ، جەمئىي پۇلى %32 ـ %50 دوللار بولغان.

مەدەنىيەت ئاقارتىش، تاشيول قۇرۇلۇش ۋە سانائەت ساھەسىگە 1934 ـ 1935 ـ يىللىرى قوشقان ھەسسىمىز يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت بولغان. 1928 ـ يىلى باۋۇدۇن موسابايېق قەشقەردىن غۇلجىغا تەكلىپ قىلىنىپ، ئائىلە ئاي ھايات كەچۈرۈپ غۇلجادا ۋاپات بولغان. مۇشۇ قىسقىغىنا ئائىلە ئاي ۋاقىت ئىچىدە غۇلجىدا ھەرەمباغدىكى سابىق سوۋېت يان تەرەپتىكى كۆۋرۈكنىڭ ئالدىغا زامانىۋى قىلىپ بىر باشلانغۇچ مەكتەپ سالغان. بۇ مەكتەپنىڭ ئورنىدا ھازىر خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتىپى بار. ئازاتلىقتىن بۇرۇن شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىغا مۇسابايېفلارنىڭ قوشقان ھەسسىسى يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت بولغان.

## 4. تاشقى سودا جەھەتتە

ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، 1923 ـ يىلى جۇڭگونىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا خۇسۇسىي سودا مۇناسىۋىتىنى يولغا قويۇش مەقسىتىدە باۋۇدۇن موسابايېف قەشقەردىن سوۋېت ئىتتىپاقى موسكوۋاغا بىرىپ يولداش كالىنىن بىلەن كۆرۈشۇشكە مۇيەسسەر بولغان. نەتىجىدە دەسلەپكى قەدەمدە شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا خۇسۇسىي سودا ـ تىجارەتنى يولغا قويغان. ئۇ ۋاقىتلاردا قەشقەر، غۇلجىدىكى چوڭ سودىگەرلەرنىڭ ئاڭ سەۋىيەسى تازا يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن، ياش سوۋېت ھۆكۈمىتىگە ئىشەنمەيتتى (بولشۋىكلەر ماللىرىمىزنى ئېلىۋېلىپ ئورنىغا مال بەرمەيدۇ دېگەن خاتا تونۇشتا بولغان). دۇنيادا بىرىنچى قېتىم لېنىن رەھبەرلىكىدە قۇرۇلغان سوتسىيالىستىك دۆلەتكە خەلقنىڭ ئىشەنچىسىنى مۇستەھكەملەش مەقسىتىدە سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى سودا (سوۋېت شىنجاڭ سودا فىرمىسى بىلەن) بىرىنچى قېتىم خۇسۇسىي سودا ـ تىجارەتنى باشلىغان. شۇ مەزگىلدە مۇسابايېفلارنىڭ خۇسۇسىي سودا تىجارەتخانىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا غۇلجا قورغاس چېگراسى، قەشقەر ئەركەشتام چېگراسى ئارقىلىق تەخمىنەن 50 ـ 62 تونىنا قوي يۇڭى، 100 مىڭ تۇياقتا يېقىن قوي، 30 مىڭ تۇياق كالا ھەمدە بىرقانچە يۈز مىڭ تۇزلانغان ئۆچكە ھەمدە سۇغۇر، بورسۇق، تۈلكە، قاشقىر،

ئىلتىر، مارىيە قاتارلىق پۇشنىتىيە تېرىلەردىن تەخمىنەن ئىككى يۈز مىڭ تۇياقتەك مال ئېكسپورت قىلىپ، قەشقەر، غۇلجىلارغا گەزمال، كىرسىن (ئۇ ۋاقىتلاردا شىنجاڭدا نېفىت ئىشلەپچىقىرىلمىغان ئىدى)، فارفور ۋە ئاليۇمىندىن ئىشلەنگەن تۈرلۈك قاچا - قۇچىلار ھەمدە شۇ ۋاقىتتىكى شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئېھتىياجىغا كېرەكلىك تۈرلۈك ماللارنى ئىمپورت قىلىپ، خەلق ئېھتىياجىنى تەمىنلەشكە ھەسسە قوشۇش بىلەن بىرگە يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن كېرەكلىك خام مالغا بولغان ئېھتىياجىنى قامدىشىغا ئۆز ھەسسىسىنى قوشقان. بۇنىڭدىن باشقا، سوتسىيالىزم قۇرۇش مەزگىلىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 30% لىك ئىچكى زايومىدىن بىر قانچە يۈز مىڭ زايوم سېتىپ ئالغان. بۇ ھەم موسابايېفلارنىڭ شۇ مەزگىللەردە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن قوشقان ھەسسىلىرى ئىدى.

**5. مال چارۋىچىلىق جەھەتتە**

ھۈسەيىن باۋۇدۇن مۇسابايېفلارنىڭ سانائەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، مال - چارۋىچىلىق ئىشلىرىمۇ يىلدىن - يىلغا كۆپەيگەن. 1928 - يىلى باۋۇدۇن موسابايېف سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇكرائىنا ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىگە قاراشلىق ئودىسسا شەھىرىدىن ھەمدە قازاقىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەۋلىيا ئاتا شەھىرىدىن نەسىللىك سىيىر ۋە ئايغىرلارنى شۇ ۋاقىتتىكى سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ رۇخسىتى بىلەن سېتىپ ئېلىپ غۇلجا شەھىرىگە ئېلىپ كەلگەن. نەسىللىك ئايغىرلار بولسا ئانگىلو ئەرەب، ئانگىلىسكى پاررودا، ئارلوفسكى پارودا ھەمدە بەدەخشانسكى پارودالاردىن ئىبارەت بولغان. نەسىللىك سىيىرلار بولسا ئودىسسا شەھىرىنىڭ سىممىتال پارودا (نەسلى)، گوللاندىسكى، شۋىتسكى پارودا، ھەمدە مۇڭغۇلسكى پاروردالار بولغان. بۇلارنىڭ سانى 15 تۇياق نەسىللىك ئايغىر، 29 تۇياق نەسىللىك سىيىر ھەم بۇقىلاردىن ئىبارەت بولغان. دېمەك، شىنجاڭ تارىخىدا بىرىنچى قېتىم نەسىللىك چارۋا مال شىنجاڭغا كىرگۈزۈلگەن، تېكەس، موڭغۇلكۈرە، كۈنەس، يۇلتۇز قاتارلىق ئورۇنلاردىن تاللانغان سىيىر، بىيەلەرنى سېتىپ ئېلىپ، مەزكۇر نەسىللىك بىيەلەر بىلەن نەسىللەندۈرۈلگەن. بۇنىڭدىن باشقا، غۇلجا شەھىرىدىكى خەلقلەرنىڭ سىيىر ۋە بىيەلىرىنى نەسىللەندۈرۈپ بەرگەن.

1938 - يىلى ئىككىنچى قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقىدىن نەسىللىك قوشقارلاردىن 40 تۇياق سېتىپ ئالغان. شۇنىڭ بىلەن قازاق قويلىرى ئىچىدىن ئۆزى ياش ساغلىقلارنى تاللاپ ئېلىپ، بۇ يەرلىك ساغلىق قويلارنى رومبول نەسىللىك قوچقارلارغا قويۇپ نەسىللەندۈرگەن، 1952 - يىلغا كەلگەندە ساپ نەسىللەنگەن رومبول قويلىرىمىز 10 مىڭ تۇياقتىن ئاشقان. چالا شالغۇتلاشقان قوچقار، ساغلىقلارنى ھەر يىلى خەلقلەرگە سېتىپ بەرگەن. بىزدىن باشقا چارۋىچىلارنىڭ قويلىرىنىڭ ئاينىشىغا شەرت - شارائىت يارىتىپ بەرگەن. ئۆزىمىزنىڭ چارۋا ماللىرىدىكى نەسىللىك سىيىر، بۇقا ھەمدە نەسىللىك ئايغىر ۋە بىيەلەرنىڭ سانى 1952 - يىلىغا كەلگەندە ئىككى مىڭ تۇياقتىن ئېشىپ كەتكەن. بۇنىڭدىن تاشقىرى يەنە نەسىللىك ئايغىر، بىيە ھەمدە نەسىللىك بۇقا، نەسىللىك سىيىرلار زور دەرىجىدە كۆپەيگەن بولۇپ، شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىغا، خۇسۇسەن ئىلى ۋىلايىتىنىڭ رايونلىرىغا (بىزدىن باشقا چارۋىچىلار ئامىمىسىغا) كەڭ دائىرىدە تارقىلىشقا باشلىغان. دېمەك، شىنجاڭدا نەسىللىك قوي، نەسىللىك ئايغىر، بىيە ھەمدە نەسىللىك سىيىر ۋە نەسىللىك بۇقا قاتارلىق نەسىللىك چارۋا ماللارنىڭ چارۋىچى خەلق ئارىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك تارقىلىشىغا دەسلەپكى قەدەمدە ھەسسە قوشقان ھەمدە 1928 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن نەسىللىك چارۋا ماللارنى شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىپ كەڭ چارۋىچىلار ئامىمىسىغا تارقىتىپ بەرگەن، بۇ ئىشلارغا مەرھۇم باۋۇدۇن مۇسا سەۋەبچى بولغان. مۇسابايېفلارنىڭ شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق تەرەققىياتىغا قوشقان ھەسسىسى يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت.

1949 - يىلى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازات بولۇش ھارپىسىدا خەلق ئازاتلىق ئارمىيەسىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن جيۇچۈەنگىچە ئالدىغا بېرىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىش ئۈچۈن 17 مىڭ سەر كۈمۈش پۇل سوۋغا تەقدىم قىلدۇق، پارتىيە - ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك چاقىرىقلىرىغا ئاۋاز قوشۇش بىلەن سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىش يۈزىسىدىن تۆۋەندىكى ئىشلارنى قىلدۇق.

1950 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەرنىڭ تاش يولىنى ياسىغاندا تۆت يۈز مىڭ يۈەن خەلق پۇلى ياردەم قىلدۇق؛

1950 - يىلى بىرىنچى قېتىم زايوم (غەزىنە چېكى) تارقىتىلغاندا ئىلى ۋىلايىتىگە 20 مىليون يۈەن زايوم تەقسىم قىلىنغان. بىز ئۆزلۈكىمىزدىن 34 سەر نەق ئال-

www.uyghurkitap.com

تۈن تاپشۇرۇپ، 27 مىليون يۈەنلىك زايوم سېتىۋالدۇق. شۇنىڭ بىلەن ئىلى ۋىلايىتى مەملىكەت بويىچە زايوم سېتىۋېلىشتا بىرىنچى بولۇپ تەقدىرلەنگەن.

1950 ـ يىلى ئۈرۈمچى شىمىگو توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنى قۇرۇشتا 47 سەر ئالتۇن پاي قوشتۇق.

1950 ـ يىلى بېيجىڭدا جۇدې ۋېيىۋەنجاڭنىڭ تەستىقى بىلەن شىنجاڭ لى چۈن سانائەت شىركىتىنى قۇرۇپ، ئىلى تېرە زاۋۇتىنى پاي قىلىپ قوشتۇق.

1951 ـ يىلى ئامېرىكا جاھانگىرلىكى چاۋشيەنگە تاجاۋۇز قىلغاندا دۆلىتىمىزنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، چاۋشيەنگە 300 مىليون يۈەن خەلق پۇلى (ئەينى ۋاقىتتىكى پۇل بىرلىكى بويىچە) ياردەم قىلدۇق.

1952 ـ يىلى قولىمىزدىكى بارلىق چارۋا ماللىرىمىزنى لى چۈن سانائەت شىركىتىگە ئۆتكۈزۈپ پاي قىلىپ قوشتۇق.

1954 ـ يىلى پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقى بىلەن لى چۈن سانائەت شىركىتى ھەمدە ئىلى تېرە زاۋۇتى شىنجاڭدا بىرىنچى قېتىم نەمۇنە تەرىقىسىدە ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى ھەسسىدارلىق شىركىتىگە ئۆزگەرتتى. 1954 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن رەئىس بۇرھان شەھىدى ئىلى تېرە زاۋۇتىدا لېنتا كەستى. شۇنىڭ بىلەن 1956 ـ يىلى شىنجاڭدا ئومۇمىيۈزلۈك ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار ھەسسىدارلىق شىركىتىگە ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى قانات يايدى. دېمەك، شىنجاڭ لى چۈن سانائەت شىركىتى ۋە ئىلى تېرە زاۋۇتى ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار ھەسسىدارلىق شىركىتىگە ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىدىن بورۇن تاماملاندى.

بىز مۇسابايېفلار ئىلى تېرە زاۋۇتىدىن ھەمدە بارلىق چارۋا ـ مال ۋە خۇسۇسىي مۈلۈكلىرىمىزنى پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىمىزنىڭ رەھبەرلىكىدە 1954 ـ يىلى ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى شىنجاڭ لى چۈن سانائەت شىركىتىگە قوشۇپ، پارتىيە ـ ھۆكۈمىتىمىزنىڭ رەھبەرلىكىدە ۋەتىنىمىزنى ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك جەمئىيەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئۆز ھەسسىمىزنى قوشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇق. بۇ توغرۇلۇق ئۇلۇغ پارتىيە ـ ھۆكۈمىتىمىزگە سەممىي مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز. ھازىرچە ئېسىمدە قالغانلىرى يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق ئويلىنىپ، ئۇنتۇلۇپ قالغان يەرلىرى بولسا قوشۇمچە قىل-

لىپ يېزىپ بېرىشكە تىرىشىمەن.

قەييۇم مۇسابايېف

1984 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى

---

«مۇسابايېف ئائىلىسىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى» سەرلەۋھىلىك بۇ ماقالىنى 1984 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى مۇسابايېفنىڭ ئىككىنچى ئوغلى باۋۇدۇن مۇسابايېفنىڭ ئىككىنچى ئوغلى قەييۇم باۋۇدۇن مۇسابايېف تەشكىلىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن يازغان. بۇنى ھەرھۇمنىڭ قىزى پەرۋىن خانىم ماشىنىكىدا ئۇرۇپ بەرگەن. مەرھۇم قەييۇم ئەپەندى ماتىرىيالنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش، ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەت بىرلەشمىسىگە بىر پارچىدىن سۇنغان بولۇپ، بىر نۇسخىنى ئۆزى ساقلىغان. كېيىنرەك سالامەتلىكىنىڭ ياخشى بولماسلىقى بىلەن ئۇنى يوقلاپ بارغان بۇرادىرى شېرىپ خۇشتار ئەپەندىگە ماتېرىيالنى كۆرۈشكە بەرگەن ۋە سۆھبەتتىن كېيىن ساقلاشقا قالدۇرغان. شېرىپ خۇشتار مەرھۇم ۋاپاتىدىن كېيىن بۇ ماتېرىيالنى نۇسخىلاپ، قىزى (ماتېرىيالنى ماشىنىكىدا ئۇرغۇچى پەرۋىن خانىم) غا، باۋۇدۇن باينىڭ نەۋرىسى ئوبۇل ھەسەن ئەپەندىگە، ھۆرمەتلىك جامائەت ئەربابى ئابدۇرېھىم قاسىم ئەپەندىگە بىر نۇسخىدىن بەرگەن، بىر نۇسخىنى ئۆزى ساقلىغان. بۈگۈن جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشكەن بۇ نۇسخا دەل مەرھۇم قەييۇم ئەپەندىنىڭ ئامانىتىدۇر. يۇقىرىقى گەپلەر مەرھۇم قەييۇم ئەپەندىنىڭ قىزلىرىدىن پەرۋىن خانىم، مەريەم خانىملارنىڭ دەلىلىكىدىن ئۆتكەن.

نەشرگە سۇنغۇچى: **شېرىپ خۇشتار**

2013 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى

**تەھرىرلىگۈچى: ئوسمانجان مۇھەممەت**

# شىنجاڭ چۇ يۈەن مەدەنىيەت تەتقىقات جەمئىيىتى دۆلەت ئىلمى لېكسىيەسى تەشكىللىدى





2013-يىلى 5-ئاينىڭ 15-كۈنى، شىنجاڭ چۇ يۈەن مەدەنىيەت تەتقىقات جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئاسپىرانتلار جەمئىيىتى ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى لەنتىڭ دۆلەت ئىلمى جەمئىيىتىنىڭ ئالاھىدە تەكلىپى بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى مۇتەخەسسىسى، پروفېسسور چېن شياۋپېي شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا «دۆلەت ئىلمىنىڭ رېئال ئەھمىيىتى» دېگەن تېمىدا لېكسىيە سۆزلىدى. لېكسىيەگە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لىيۇ جېڭجياڭ رىياسەتچىلىك قىلدى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ قىسمەن ئوقۇتقۇچىلىرى، ئاسپىرانتلار جەمئىيىتىنىڭ ئاسپىرانتلىرى، فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى خەنزۇ تىل-ئەدەبىيات كەسپىنىڭ قىسمەن ئوقۇغۇچىلىرى، شىنجاڭ چۇ يۈەن مەدەنىيەت تەتقىقات جەمئىيىتى ۋە لەنتىڭ دۆلەت ئىلمى جەمئىيىتىنىڭ قىسمەن ئەزالىرى لېكسىيە ئاڭلىدى.

# شىنجاڭ قانۇنشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 2013-يىللىق تېما ئېچىش دوكلات يىغىنى ئېچىلدى





2013-يىلى 6-ئاينىڭ 2-كۈنى، شىنجاڭ قانۇنشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 2013-يىللىق تېما ئېچىش دوكلات يىغىنى ئېچىلدى، قانۇنشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 12 تۈردىكى يىللىق تېما تۈرلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ئايرىم-ئايرىم ھالدا تېما ئېچىش دوكلاتى بېرىپ، تېما ئارقا كۆرۈنۈشى، تېمىنىڭ ئەھمىيىتى، دۆلەت ئىچى-سىرتىدىكى تەتقىقات ئەھۋالى، تەتقىقاتنىڭ ئاساسىي پىكىر يولى ۋە ئاساسىي مەزمۇنى، قوللىنىلغان ئاساسلىق تەتقىقات مېتودى، تەتقىقاتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى، قىيىن نۇقتىسى قاتارلىقلار توغرىسىدا پىكىر بايان قىلدى. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ مالىيە ئىقتىساد ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ ساقچى-ئوفىتسېرلار ئىنستىتۇتى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى سوت ھەيئىتى قاتارلىق ئورۇنلاردىن كەلگەن 10 نەپەر مۇتەخەسسىس تېما ئېچىش دوكلات يىغىنىغا قاتناشتى. شىنجاڭ قانۇنشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مەخسۇس ۋەزىپىدىكى مۇئاۋىن باشلىقى ساۋ جيەن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى، مۇتەخەسسىسلەر 12 تۈرلۈك تېما ئېچىش دوكلاتىنى ئەستايىدىل باھالىدى ھەمدە تېما تەتقىقاتىغا بولغان تەكلىپ- پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com




TRIBUNE OF SOCIAL SCIENCES IN XINJIANG

# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى

国内统一刊号：CN65-1147/C
邮发代号：58-137
地址：乌鲁木齐市金银大道新闻大厦9楼《新疆社科论坛》杂志社
邮政编码：830002
E-mail:munberim@sina.com
电话：(0991) 7879735
定价：6.00元
印刷：新疆新华印刷厂

دۆلەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65_1147/C
مۇشتەرى قوبۇل قىلىش نومۇرى: 137_58
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئالتۇن-كۈمۈش يولى ئاخبارات سارىيى 9-قەۋەت «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» تەھرىراتى
پوچتا نومۇرى: 830002
E_mail : munberim@sina.com
تېلېفون: 7879735_0991
يەككە باھاسى: 6.00 يۈەن
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

ISSN 1673-1476
10